جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى

# ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى

## بەشىنچى جىلد

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى

# ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى

‹‹جۇڭگو تېببىي قامۇسى›› تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابەت
قامۇسى ئىشخانىسى باشچىلىقىدا تۈزۈلدى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك -
دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن نەشرگە
تەييارلاندى

## بەشىنچى جىلد

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔医妇产科学及儿科学：维吾尔文/阿布都克热木·吐尔逊托合提等编写. — 乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2009.8
（中国医学百科全书. 维吾尔医分卷：5）
ISBN 978 - 7 - 5372 - 4595 - 1

Ⅰ.①维… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①维吾尔族—民族医学：妇产科学—维吾尔语（中国少数民族语言）②维吾尔族—民族医学：儿科学—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①R291.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第146318号

编　　写：巴吾东·加马力丁，阿不都哈力克·司马义
阿不力米提·买买提，阿布都克热木·吐尔逊托合提
阿卜杜杰力力·拜克尔，木塔力甫·艾力阿吉艾米棋
审　　定：伊河山·伊明
责任编辑：玛依拉·色力木，佐合拉·阿布都熱依木
责任校对：早热古丽·司地克
装帧设计：艾尼瓦·卡森木
制　　版：阿卜杜艾尼·阿巴斯
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：北京外文印刷厂
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2009年8月第1版
印　　次：2012年5月第1次印刷
开　　本：889×1194毫米　1/16开本　23　印张　插页4
字　　数：258千字
书　　号：ISBN　978 - 7 - 5372 - 4595 - 1
印　　数：1—3000
定　　价：160.00元

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001

# «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى

**مۇدىر ھەيئەت:** چيەن شىنجۇڭ

**مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتلەر:** خۇاڭ جىياسى، لى جۇڭپۇ، گو زىنخېڭ، ۋۇ جېپىڭ، تۇ تۇڭجىن، شى مېيشىن، جاۋ شۇۋ

**باش كاتىپ:** چېن خەيفېڭ

**مۇئاۋىن باش كاتىپلار:** شى دىيەنباڭ، فېڭ گۇاڭ، جۇ كېۋىن، دەي زىيىڭ

ھەيئەتلەر: (فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە ئېلىندى) دىڭ جىفىڭ، تۇدېڭسەرىن، مافېيخەي، ۋاڭ يى (ئايال)، ۋاڭ يۇچۈەن، ۋاڭ شىجىن، ۋاڭ يۇڭجى، ۋاڭ يۇڭگۇي، ۋاڭ گۇاڭچىڭ، ۋاڭ شۇشيەن، ۋاڭ جىۋۇ، ۋاڭ گۈەنلىياڭ، ۋاڭ شۆتەي، ۋاڭ شۇجېن (ئايال)، ۋاڭ پېڭچېڭ، ۋاڭ دېجيەن، ۋاڭ خەنجاڭ، ماۋ ۋىنشۇ (ئايال)، ماۋ شۇبەي، دېڭ جايدۇڭ، شى ماۋنيەن، شى مېيشىن، لۇ خۇيلىن، لۇ جىڭشۈەن، يې گۇڭشاۋ (ئايال، يۇ كۈن، شى يۇچۈەن، بەي چىڭيۈەن، كۇاڭ خېلىڭ، فېڭ گۇاڭ (ئايال) لەن شىچۈەن، سى تۇلىياڭ، بى شې، لۇي بىڭكۇي، چۈ مىيەنيۇ، جۇ چاۋ، جۇ رېنباۋ، جۇ كېۋىن، جۇ يۇخۇي، جۇ خۇڭيىڭ، جۇ جىمىڭ، جۇ لىڭچىڭ، رېن يىڭچيۇ، ليۇ شىجې، ليۇ يۇجىڭ، ليۇ يۇگۇ، مى بەيراڭ، سۈن جۇڭلىياڭ، سۈن رۇيزۇڭ، سۇ دېلۇڭ، دۇنيەنزۇ، ياڭ يىيا، ياڭ گولياڭ، ياڭ شۇچىڭ، ياڭ مىڭدىڭ، ياڭ ساۋچېن، لى كۈن، لى يۇڭچۈن، لى باۋشى، لى جىڭۋېي، لى جىنجى، لى جاۋتې، لى سۇڭپۇ، ۋۇجىلى، ۋۇ جىجۇڭ، ۋۇ جيېپىڭ، ۋۇ يىڭكەي، ۋۇ جىڭجيەن، ۋۇ شاۋچىڭ، ۋۇ شيەنجۇڭ، ۋۇ يىگۇ، ۋۇ خېشىڭ، سۇ ۋېيرەن، يۇخې، سۇڭ جىڭدەن، جى فۇيۈەن، جاڭ شىياڭ، جاڭ شېشيەن، جاڭ لىفەن، جاڭ شياۋچيەن، جاڭ چاڭيىڭ، جاڭ زېسىڭ، جاڭ شۆيۇڭ، جاڭ دىسىڭ، جاڭ يۆنچاڭ، لۇرۇشەن، چېن شىن، چېن جۇڭۋېي، چىن مىڭجىن، چېن گوجىن، چېن خەيفىڭ، چېن خاوجۇ، لىن چاۋجى (ئايال)، لىن كېچۈەن، لىن ياگۇ، يۇ جىفېي، شياڭ تىيەنيۇ، لو يۆەنكەي، لوجىچېڭ، جى جۇڭپۇ، ئىسھاقجان مەھمۇد، جۇجىڭخۇاڭ، جۇ مىڭجۈەن (ئايال)، جېڭ لىنفەن، مېڭ جىماۋ، جاۋ بىڭنەن، جاۋ شۇۋ، رۇڭ دۇشەن، خۇچۈنكۇي، خۇ شىمىڭ، جۇڭ شۆلى، جۇڭ خۇيلەن، جۇ زۇڭليەن، يۇ كېجۇڭ، شى دىيەنباڭ، جياڭ چۈنخۇا، خۇڭ زىيۈن، شياجىڭيى، گۇ شۆجى، گۇ سۇيىيۆ، چيەن دې، شۈ شىنجۇڭ، شۈ فېڭيەن، لىڭ خۇيياڭ، گو دې، گو نەيچۈەن، گو زىنخېڭ، گو بېڭكۈەن، گو چۈەنچىڭ، گو جېنچيۇ، گو جىڭيۈەن، تاڭ يۇجى، تۇ تۇڭجىن، جۇ فۇتاڭ، تاۋ خېڭلې، خۇاڭ لياڭ (ئايال)، خۇاڭ ۋىندۇڭ، خۇاڭ ياۋشېن، خۇاڭ جىياسى، خۇاڭ جىڭشياڭ، خۇاڭ شېنۋۇ، ساۋ جۇڭلياڭ، گەي باۋخۇاڭ، لياڭ جىچۈەن، دۇڭ جۈن، دۇڭ چېڭلاڭ، جاڭ يۇتۇ، خەن گۇۋاڭ، چىڭ جىفەن، فۇ فېڭيۇڭ، تۇڭ ئېرچاڭ، زېڭ شيەنجيۇ، شې رۇڭ، شى شاۋۋېن، چيۇ فازۇ، سەي رۇڭ، سەي چياڭ، سەي خۇڭداۋ، دەي زىيىڭ.

# 《中国医学百科全书》编辑委员会


**主任委员** 钱信忠

**副主任委员** 黄家色 李钟朴 郭子恒 吴阶平 涂通今 石美鑫 赵锡武

**秘书长** 陈海峰

**副秘书长** 施奠邦 冯光 朱克文 戴自英

**委员** （以姓氏笔划为序）

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 丁季峰 | 土登次仁 | 马飞海 | 王懿(女) | 王玉川 | 王世真 | 王用楫 |
| 王永贵 | 王光清 | 王叔威 | 王季午 | 王冠良 | 王雪苔 | 王淑贞(女) |
| 王鹏程 | 王德鉴 | 王翰章 | 毛文书(女) | 毛守白 | 邓家栋 | 石茂年 |
| 石美鑫 | 卢惠霖 | 卢静轩 | 叶恭绍(女) | 由 昆 | 史玉泉 | 白清云 |
| 邝贺龄 | 冯光(女) | 兰锡纯 | 司徒亮 | 毕 涉 | 吕柄奎 | 曲绵域 |
| 朱 潮 | 朱壬葆 | 朱克文 | 朱育惠 | 朱洪荫 | 朱既明 | 朱霖青 |
| 任应秋 | 刘世杰 | 刘育京 | 刘毓谷 | 米伯让 | 孙忠亮 | 孙瑞宗 |
| 苏德隆 | 杜念祖 | 杨医亚 | 杨国亮 | 杨树勤 | 杨铭鼎 | 杨藻宸 |
| 李 昆 | 李永春 | 李宝实 | 李经纬 | 李振志 | 李肇特 | 李聪甫 |
| 吴之理 | 吴执中 | 吴阶平 | 吴英恺 | 吴征鉴 | 吴绍青 | 吴成中 |
| 吴贻谷 | 吴桓兴 | 吴蔚然 | 余 贺 | 宋今丹 | 迟复元 | 张 祥 |
| 张世显 | 张立藩 | 张孝骞 | 张昌颖 | 张泽生 | 张学庸 | 张涤生 |
| 张源昌 | 陆如山 | 陈 信 | 陈中伟 | 陈明进 | 陈国桢 | 陈海峰 |
| 陈灏珠 | 林幼稚(女) | 林克椿 | 林雅谷 | 郁知非 | 尚天裕 | 罗元恺 |
| 罗致诚 | 季钟朴 | 易沙克江 | 周金黄 | 周敏君(女) | 郑麟藩 | 孟继懋 |
| 赵柄南 | 赵锡武 | 荣独山 | 胡传揆 | 胡熙明 | 钟学礼 | 钟惠澜 |
| 侯宗濂 | 俞克忠 | 施奠邦 | 姜春华 | 洪子云 | 夏镇夷 | 顾学箕 |
| 顾绥岳 | 钱 德 | 徐信忠 | 徐丰彦 | 凌惠扬 | 郭 迪 | 郭乃春 |
| 郭子恒 | 郭秉宽 | 郭泉清 | 郭振球 | 郭景元 | 唐由之 | 涂通今 |
| 诸福棠 | 陶桓乐 | 黄量(女) | 黄文东 | 黄耀燊 | 黄家驷 | 黄祯祥 |
| 黄绳武 | 曹钟梁 | 盖宝璜 | 梁植权 | 董郁 | 董承琅 | 蒋豫图 |
| 韩 光 | 程之范 | 傅丰永 | 童尔昌 | 曾宪九 | 谢荣 | 谢少文 |
| 裘法祖 | 蔡荣 | 蔡翘 | 蔡宏道 | 戴自英 | | |

# «جوڭگو تېببىي قامۇسى» تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى تەھرىر ھەيئىتى

**باش مۇھەررىر:**

ئىسھاقجان مەھمۇد (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى)

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:**

ئابدۇرەھىم قادىر ئاسىپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى)

ئابدۇلھەق رەھىمتۇللا (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى)

باھاۋۇدۇن جامالىدىن (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى)

**ھەيئەتلەر:**

ئەھمەد ھاجى (خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى)

زۇنۇن قارى (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى)

ئابدۇلھېمىد يۈسۈپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى)

ھەسەن داموللا (كۇچا ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى)

**ئىلمىي كاتىپ:**

ئابدۇرەھىم قادىر ئاسىپ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنى)

بەشىنچى جىلد ئاپتورلىرى: باھاۋۇدۇن جامالىدىن، ئابدۇخالىق ئىسمايىل، ئابلىمىت مەمەت

# 《中国医学百科全书》

## 维吾尔医学分卷编委会


**主　　编**：易沙克江·马合穆德　(新疆维吾尔自治区卫生厅)

**副 主 编**：阿不都热依木·卡地尔　(新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所)
阿布拉克·热木杜拉　(新疆人民卫生出版社)
巴吾东·加马力丁　(新疆和田地区维吾尔医医院)

**编　　委**：艾合买提·阿吉　(新疆和田地区维吾尔医医院)
祖农·卡日　(新疆喀什地区维吾尔医医院)
阿不力米提·玉苏甫　(新疆维吾尔医学高等专科学校)
艾山·大毛拉　(新疆库车县维吾尔医医院)

**学术秘书**：阿不都热依木·卡地尔　(新疆维吾尔自治区维吾尔医药研究所)

**第五册编著**：

巴吾东·加马力丁，阿不都哈力克·司马义，阿不力米提·买买提

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالەم ۋە ئادەمنى بىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدىن شەكىللەنگەن ئىلمىي سىستېما بولۇپ، 2500 يىلدىن ئارتۇق يازما تارىخقا ئىگە.

سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 1979 ـ يىلدىن باشلاپ «جۇڭگو تېبېبىي قامۇسى» نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نى تۈزۈش خىزمىتى باشلانغان ئىدى. قامۇس تۈزۈشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر قامۇس مەزمۇنىنىڭ «يېڭى»، «تولۇق»، «ئىخچام» بولۇش تەلىپى ئاساسىدا ئۇزۇن يىللىق داۋالاش تەجرىبىلىرى ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنى مەنبە؛ ئۇنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىۋاسىتە پايدىلىنىشىنى مەقسەت؛ ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلىپ، ئۇزاق يىل جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە 1979 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيەلىرى ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى (تېرە، سۆڭەك) كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى ياسالما نۇسخىلىرى ئىلمى» دىن ئىبارەت بەش تومنى تۈزۈپ پۈتتۈردى. بۇ بەش توم قامۇس نەشر قىلىنغان 20 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ھەم دۇنياغا تونۇلۇشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى.

بۇ قېتىم «جۇڭگو تېبېبىي قامۇسى» نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نىڭ ئەسلىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش، نەچچە مىڭ يىللىق ئىلمىي سىناقنىڭ مۇكەممەل نەتىجىلىرىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش، قامۇس تۈزۈشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر جەمئىيەتنىڭ «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»غا بولغان ئېھتىياجىنى

قاندۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، « ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى خام دورىلار قىسمى» ۋە «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى ئاياللار ـ باللار كېسەللىكلىرى قىسمى» نى تۈزۈپ، نەشر قىلىپ تارقاتتۇق.

بىز «ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» بەش تومنىڭ ئىككىنچى قېتىم بېسىلىشى ۋە «خام دورىلار قىسمى» بىلەن «ئاياللار ـ باللار كېسەللىكلىرى» دىن ئىبارەت ئىككى جىلدنى تولۇقلاپ نەشر قىلىش جەريانىدا، خىزمەتلىرىمىزنى قىزغىن ۋە ئەتراپلىق قوللاپ بەرگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىگە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تېبابەتچىلىكى ۋە مىللىي تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك ئىدارىسىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىغا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسىغا، شۇنداقلا قامۇسنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر ـ مېھنەت سىڭدۈرگەن ئۇستازلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

**شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى**

**2011 ـ يىل ئاپرېل**

# مۇندەرىجە

**ئاياللار كېسەللىكىنىڭ سەۋەبلىرى** ...... 1
**ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى** ...... 4
**بالىياتقۇ ئاغرىقى** ...... 10
ئىسسىقتىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقى ...... 10
سوغۇقتىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقى ...... 11
تۇغۇتتىن كېيىنكى بالىياتقۇ ئاغرىقى ...... 11
ھەيزدىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقى ...... 12
جىمادىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقى ...... 12
**بالىياتقۇ ئىششىقلىرى** ...... 14
ئىسسىقتىن بولغان بالىياتقۇ ئىششىقى ...... 14
بەلغەمدىن بولغان بالىياتقۇ ئىششىقى ...... 16
بالىياتقۇ قاتقان ئىششىقى ...... 17
بالىياتقۇ يىرىڭلىق ئىششىقى ...... 18
**بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسى** ...... 21
**بالىياتقۇ سەرتانى** ...... 23
**بالىياتقۇ يارىسى ۋە بالىياتقۇ گۆشخور يارىسى** ...... 26
**بالىياتقۇ مۇدۇرى** ...... 29
بالىياتقۇ ئىششىقى سەۋەبىدىن بولغان بالىياتقۇ مۇدۇرى ...... 29
ئۆتكۈر سەپرا ماددىسىدىن بولغان بالىياتقۇ مۇدۇرى ...... 30
جىنسىي ئەزا تازىلىقىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن بولغان بالىياتقۇ مۇدۇرى ... 30
**بالىياتقۇ ئاقمىسى** ...... 32
بالىياتقۇ يارىسىدىن بولغان بالىياتقۇ ئاقمىسى ...... 32

بۇزۇق ماددىلارنىڭ قايتىشىدىن بولغان بالىياتقۇ ئاقمىسى ............... 33
**بالىياتقۇ ۋە پەرجى يېرىلىش** ......................... 35
زىيادە قۇرۇقلۇق تەسىرىدىن بولغان بالىياتقۇ ۋە پەرجى يېرىلىش ......... 35
قىيىن تۇغۇت سەۋەبىدىن بولغان بالىياتقۇ ۋە جىنسى پەرجى يېرىلىش ... 36
كۆپ جىما قىلىش ۋە قىزلىق پەردە يىرتىلىشتىن بولغان بالىياتقۇ ۋە پەرجى
يېرىلىش ................ 37
**بالىياتقۇ كۆپۈش** ............................ 41
ئۇرۇلۇش، يىقىلىشتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش .............. 41
قىيىن تۇغۇتتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش ......................... 42
بالىياتقۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش ......... 42
هامىلە چۈشۈپ كېتىشتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش .................. 42
بالىياتقۇ مىزاجى ماددىسىز سوغۇقتىن بۇزۇلۇشتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش ... 43
غەيرىي تەبىئىي قان ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بالىياتقۇ
كۆپۈش ............................ 44
يەللەرنىڭ بالىياتقۇ مۇسكۇللىرىغا يىغىلىۋېلىشىدىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش ... 44
ئوفۇنەتلەنگەن ھەيز ۋە نىپاس خۇنىدىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش ...... 45
**بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش** ......................... 47
بالىياتقۇ قېتىپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش ......... 48
بالىياتقۇ قېلىنلاپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش ...... 48
بالىياتقۇ قۇرۇپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش ......... 49
تومۇرلار تولۇپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش ......... 49
قويۇق چاپلاشقۇرغۇچى ھۆللۈكتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش ... 49
**بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈپ قېلىش** ......................... 51
سىرتقى سەۋەبلەردىن بولغان بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈش .............. 52
تۇغۇت سەۋەبىدىن بولغان بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈش ................ 53
**بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش** ............................ 54
غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش ......... 55
غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش ............ 55

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ······ 55

غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ··········· 56

ھەيز توختاپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ············ 56

مەنىي ئۆز قاچىلىرىدا توختاپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ··· 57

**ھەيز كەلمەسلىك** ································ 58

قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېتىلىشتىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك ······························ 60

سېمىزلىكتىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك ······················· 60

بالىياتقۇدىكى ئىششىقتىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك ············ 61

قىزلىق پەردە ۋە جىنسىي يول پۈتەيلىكىدىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك ··· 61

بالىياتقۇ قوزغىلىپ كېتىشتىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك ············ 61

**ھەيز قېنى كۆپ كېلىش** ································ 63

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش ········· 63

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش ······ 64

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش ······ 65

بالا چۈشۈپ كېتىشتىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش ·············· 65

بالىياتقۇ ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش ·············· 66

ھامىلىدارلىقتا ھەيز كېلىش ································ 66

بالىياتقۇ ئاغرىشتىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش ················ 67

**بالىياتقۇ ئاجىزلىقى** ································ 69

ئىسسىقلىقتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى ······················· 69

سوغۇقلۇقتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى ······················· 70

ھۆللۈكتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى ························· 70

قۇرۇقلۇقتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى ······················· 71

بالىياتقۇ توقۇلمىلىرى بوشاپ كېتىشتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى ······ 71

كېسەللىك سەۋەبىدىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى ················· 71

**ئاق خۇن كۆپ كېلىش** ································ 72

غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش ········· 72

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتتىدىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش ······ 73

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتتىدىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش ······ 73

بالىياتقۇنى ئورۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش ······························ 74

ھەيز قېنىنىڭ بالىياتقۇ تومۇرلىرىدا ئوفۇنەتلىنىشىدىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش ······························ 74

**بالىياتقۇ قىچىشىش** ································ 76

ئۆتكۈر سەپرا خىلتتىدىن بولغان بالىياتقۇ قىچىشىش ················ 76

شورلۇق بەلغەم خىلتتىدىن بولغان بالىياتقۇ قىچىشىش ················ 77

يېگۈچى سەۋدا خىلتتىدىن بولغان بالىياتقۇ قىچىشىش ················ 78

بالىياتقۇدىكى مۇدۇرلاردىن بولغان بالىياتقۇ قىچىشىش ················ 79

ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر مەنىيدىن بولغان بالىياتقۇ قىچىشىش ················ 79

ھامىلدارلىقتىن بولغان بالىياتقۇ قىچىشىش ······················ 80

**بالىياتقۇ بوۋاسىرى، بالىياتقۇ سۆگىلى، بالىياتقۇ ئۆجمىسمان بوۋاسىرى، بالىياتقۇ مىخسىمان بوۋاسىرى** ································ 81

بەلغەم خىلتتىدىن بولغان بالىياتقۇ سۆگىلى ······················ 83

سەۋدادىن بولغان بالىياتقۇ سۆگىلى ·························· 83

**جىنسىي ئەزادىكى پۈتەيلىك** ·························· 84

**ئۈسمە گۆش، دىلچىق ئۆزىراپ قېلىش، زەكەرگە ئوخشاش نەرسە ئاشكارا بولۇش** ··· 86

**بالىياتقۇ چاپلىشىپ قېلىش** ·························· 87

**جىنسىي يول، پەرجە كېڭىيىپ كېتىش** ·························· 88

**بالىياتقۇ ۋە پەرجى سېسىق پۇراش** ·························· 90

**بالىياتقۇ ۋە پەرجى سوۋۇش** ·························· 91

**ساختا ھامىلدارلىق** ·························· 92

**ھامىلە چۈشۈپ كېتىش** ·························· 94

**قىيىن تۇغۇت** ·························· 97

ھامىلدارنىڭ سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت ···················· 97

ھامىلە سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت ···················· 98

بالىياتقۇ سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت ···················· 99

باش سۆيى قېپى سەۋەبىدىن بولغان قىين تۇغۇت ........ 100
بالىياتقۇغا قوشنا ئەزالار سەۋەبىدىن بولغان قىين تۇغۇت ........ 100
تۇغۇت ۋاقتى سەۋەبىدىن بولغان قىين تۇغۇت ........ 101
تۇغۇت ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان قىين تۇغۇت ........ 101
سىرتقى سەۋەبلەردىن بولغان قىين تۇغۇت ........ 101
**بالا ھەمراھى ۋە ئۆلۈك ھاملە تۇرۇپ قېلىش ........ 103**
**تىرىك بالا، ئۆلۈك بالا ۋە بالا ھەمراھىنى چىقىرىدىغان ئابىزەن ........ 104**
**نىپاس خۇنى توختاپ قېلىش ........ 105**
**نىپاس خۇنى كۆپ كېلىش ........ 106**
**تۇغماسلىق ۋە تەستە ھامىلدار بولۇش ........ 108**
ئەر ياكى ئايالنىڭ مەنىيىدىكى نۇقسانلار ........ 108
ئەر ياكى ئايالنىڭ مەنىيىدىكى نۇقسانلار ........ 108
بالىياتقۇدىكى نۇقسانلار ........ 108
مەنىينى پەيدا قىلغۇچى ئەزالاردىكى نۇقسانلار ........ 109
زەكەردىكى نۇقسانلار ........ 109
رەئىس ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى ........ 109
**تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن ئەھۋاللار ........ 110**
**ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدىغان مۇرەككەپ دورىلار ........ 114**
**ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدىغان يەككە دورىلار ........ 115**
**ھامىلدارلىقتىن چەكلەش ........ 116**
**ھاملە چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ........ 117**
**بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ پەرۋىشى ........ 118**
**جىنسىي يول ياللۇغى ........ 120**
**سىرتقى جىنسىي ئەزا ئاق داغ كېسىلى ........ 121**
**سۈت ئازىيىش ........ 123**
سەپرادىن بولغان سۈت ئازىيىش ........ 123
غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان سۈت ئازىيىش ........ 123
غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان سۈت ئازىيىش ........ 124
قان ئازلىقتىن بولغان سۈت ئازىيىش ........ 125

ئوزۇقلىنىشىنىڭ ناچارلىقىدىن بولغان سۈت ئازىيىش ........................ 125
**سۈت كۆپىيىپ كېتىش** ........................ 126
**سۈت ئورنىدا قان چىقىش** ........................ 127
قان بۇزۇلۇشتىن بولغان سۈت ئورنىدا قان چىقىش ........................ 127
ئىششىقتىن بولغان سۈت ئورنىدا قان چىقىش ........................ 127
سۈت ئىشلىگۈچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن بولغان سۈت ئورنىدا قان چىقىش ... 128
**ئەمچەك ئىششىقى** ........................ 130
ئىسسىقتىن بولغان ئەمچەك ئىششىقى ........................ 130
سوغۇقتىن بولغان ئەمچەك ئىششىقى ........................ 131
**ئەمچەك يىرىڭلىق ئىششىقى** ........................ 132
**ئەمچەك تۈگمىسى ئېزىلىپ كېتىش** ........................ 133
**ئەمچەك ئۆسمىسى** ........................ 134
**ئەمچەك بوشاپ كېتىش** ........................ 136
**ئەمچەك كىچىكلەپ كېتىش** ........................ 137
**ئەمچەك يارىسى ۋە گۆشخور چاقىسى** ........................ 139
**ئەمچەك سەرتانى** ........................ 141
**ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش** ........................ 143
ئىسسىقتىن بولغان ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش ........................ 143
سوغۇقتىن بولغان ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش ........................ 143
**ئەمچەك قىچىشىش ۋە يېرىلىش** ........................ 145
**ھامىلىدارنىڭ توغرا كۈتۈنىشىنىڭ تۆرەلمىگە بولغان ئەھمىيىتى** ........................ 147
**بالىلار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش** ........................ 150
بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبلىرى ........................ 150
بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى ........................ 153
بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى ........................ 153
**يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر** ........................ 165
**بالدۇر تۇغۇلۇش** ........................ 165
**تۇنجۇقۇش** ........................ 167
يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى باش قانلىق ئىششىقى ........................ 168

يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كىندىك ياللۇغى ........................ 169

يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كۆز ئاغرىقى ........................ 171

يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كىندىك چىقىقى ........................ 171

يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى مەقئەت پۈتەيلىكى ........................ 173

يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى تۇغما سىفلىس ........................ 173

يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كىندىك قاناش ........................ 175

يېڭى تۇغۇلغان قىزلاردىن يالغان ھەيز كېلىش ........................ 177

**بالىلاردا كۆرۈلىدىغان مېڭە كېسەللىكلىرى ........................ 178**

بالىلاردىكى تۇتقاق كېسىلى ........................ 178

بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش ........................ 179

بالىلار پالىچى ........................ 180

بالىلاردىكى تىل ئېغىرلىقى ........................ 182

بالىلارنىڭ تىلى كېچىكىپ چىقىش ........................ 183

زەھەرلىنىشتىن بولغان تىلى كېچىكىپ چىقىش ........................ 184

پالەچ ئاسارىتىدىن بولغان تىلى كېچىكىپ چىقىش ........................ 184

سەرسامدىن بولغان تىلى كېچىكىپ چىقىش ........................ 186

بالىلار ئىستىرخاسى ........................ 186

بالىلارنىڭ ئۇيقۇدىن قورقۇپ ئويغىنىشى ........................ 187

بالىلاردىكى ئۇيقۇسىزلىق ........................ 188

**بالىلار بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ........................ 189**

بالىلاردىكى قاپىقى ئىششىپ قېلىش كېسەللىكى ........................ 189

بالىلارنىڭ كۆز قارىسى ئاقىرىپ قېلىش ........................ 194

بالىلاردىكى ئالىغايلىق ........................ 195

بالىلاردىكى قۇلاق ئاغرىقى ........................ 197

بالىلاردىكى قۇلاق قىچىشىش ........................ 201

بالىلاردىكى قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق ........................ 204

بالىلاردىكى بۇرۇن ياللۇغى ........................ 208

سرتقى مۇھتتىكى تۈرلۈك پۇراقلارنىڭ غىدىقلىشىدىن بولغان بۇرۇن ياللۇغى ...... 209
باللار بۇرۇن بوۋاسىرى ...... 211
باللاردىكى كالپۇك يېرىلىش ...... 215
باللاردىكى ئېغىز پىشلاقلىششى ...... 216
باللاردىكى چىش مىلىكى ياللۇغى ...... 217
باللاردىكى تىل ئىششىقى ...... 217
باللاردىكى كىچىك تىل بوشىشىپ كېتىش ...... 220
باللاردىكى تىل يېرىلىش ...... 221
باللاردىكى بادامبەز ئىششىقى ...... 222
**باللار نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ...... 226**
**باللاردىكى زۇكام ۋە نەزلە ...... 226**
**باللاردىكى ئۆتكۈر كانايچە ياللۇغى ...... 228**
**باللاردىكى بوغما كېسىلى ...... 230**
**باللاردىكى ئۆتكۈر كېكىردەك ياللۇغى ...... 232**
**باللاردىكى كانايچە زىققىسى ...... 233**
**باللاردىكى ئۆپكە ياللۇغى ...... 234**
**باللاردىكى يۆتەل ...... 237**
**باللاردىكى يۈرەك كېسەللىكلىرى ...... 240**
باللاردىكى خەفەقان ...... 240
باللاردىكى يۈرەك مۇسكۇل ياللۇغى ...... 245
باللاردىكى يۈرەك ئاجىزلىقى ...... 246
**باللار ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ...... 248**
باللاردىكى ھەزىم بۇزۇلۇش ...... 249
باللاردىكى كۆپ ئۇسساش ...... 250
باللاردىكى ھېق تۇتۇش ...... 252
باللاردىكى قۇسۇش ...... 253
باللاردىكى قورساق ئاغرىش ...... 255

بالىلاردىكى قورساق كۆپۈش ........................ 256
بالىلاردىكى ئىچ سۈرۈش ........................ 257
بالىلاردىكى ئۆتكۈر سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى ........................ 260
بالىلاردىكى سوزۇلما سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى ........................ 261
بالىلاردىكى قەۋزىيەت ........................ 261
بالىلاردىكى مەقئەت ئىششىقى ........................ 263
بالىلارنىڭ سوڭگى چىقىپ قېلىش ........................ 264
بالىلاردىكى يىلانسىمان مەددە كېسەللىكى ........................ 266
بالىلاردىكى قاپاق ئۈرۈقسىمان مەددە كېسەللىكى ........................ 267
بالىلاردىكى تۈتۈ مەددە كېسىلى ........................ 268
بالىلاردىكى جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى ........................ 269
بالىلاردىكى جىگەر ئاجىزلىقى ........................ 272
بالىلاردىكى جىگەر ياللۇغى ........................ 274
بالىلاردىكى تال مىزاجى بۇزۇلۇش ........................ 276
بالىلاردىكى تال يوغىناش ........................ 280
**بالىلاردىكى سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى** ........................ 285
بالىلاردىكى ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغى ........................ 285
بالىلاردىكى سوزۇلما بۆرەك ياللۇغى ........................ 287
بالىلاردىكى سىيىپ يېتىش كېسەللىكى ........................ 289
بالىلاردىكى سۈيدۈك تۇتۇلۇش ........................ 290
بالىلارنىڭ بۆرىكىدە تاش پەيدا بولۇش ........................ 292
بالىلارنىڭ دوۋسىقىدا تاش پەيدا بولۇش ........................ 293
بالىلاردىكى دوۋساق ياللۇغى ........................ 294
بالىلار ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ يىغىلىش ........................ 295
بالىلاردىكى چۇقۇق كېسىلى ........................ 296
**بالىلاردىكى تېرە كېسەللىكلىرى** ........................ 299
بالىلاردىكى ئاقكېسەل ........................ 299

بالىلاردىكى سۇس ئاق داغ كېسەللىكى ........................ 300
بالىلاردىكى ھۆل تەمرەتكە ........................ 301
بالىلاردىكى قوتۇر ........................ 302
بالىلاردىكى يەلتاشما ........................ 303
بالىلاردىكى زاكا يارىسى ........................ 304
بالىلاردىكى باش تەمرەتكىسى ........................ 305
بالىلاردىكى دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ........................ 307
بالىلاردىكى قىچىشقاق كېسەللىكى ........................ 308
**بالىلاردىكى ئوزۇقلۇققا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر** ........................ 310
بالىلاردىكى قان ئازلىق ........................ 210
بالىلاردىكى راخىت كېسەللىكى ........................ 311
بالىلاردىكى زىيادە سېمىزلىك ........................ 313
بالىلاردىكى زىيادە ئورۇقلۇق ........................ 314
**بالىلاردىكى ھەرىكەت ئەزا كېسەللىكلىرى** ........................ 316
بالىلاردىكى بوغۇم ياللۇغى ........................ 316
بالىلاردىكى بوغۇم ئاغرىقى ........................ 317
بالىلاردىكى مۇسكۇل يىگىلەش ........................ 318
**بالىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى** ........................ 319
بالىلاردىكى يۇقۇملۇق مېڭە پەردە ياللۇغى ........................ 319
بالىلاردىكى تارقىلىشچان زۇكام ........................ 322
بالىلاردىكى يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى ........................ 324
بالىلاردىكى قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى ........................ 325
بالىلاردىكى كۆكيۆتەل ........................ 327
بالىلاردىكى قىزىل ........................ 329
بالىلاردىكى سۇ چېچەك ........................ 331
بالىلاردىكى ياۋا چېچەك ........................ 332
بالىلاردىكى ئۈچەي كېرىكى ........................ 334

بالىلاردىكى قايتۇرما كېزىك ........................ 336
بالىلاردىكى يەرقان ........................ 337
بالىلاردىكى بويۇن بەز سىلى ........................ 344
بالىلاردىكى ئۆپكە سىلى ........................ 345
بالىلاردىكى قورساق سىلى ........................ 347
بالىلاردىكى جوزام ........................ 348

## ئايالLAR كېسەللىكىنىڭ سەۋەبلىرى

ئايالLAR كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئايالLARنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى، ئىستېمال قىلغان يېمەكلىكلىرىنىڭ تەسىرى، تاشقى مۇھىتنىڭ بىۋاستە تەسىرى، نورمال بولمىغان جىنسىي ئالاقىنىڭ تەسىرى، نورمال بولمىغان تۇغۇتنىڭ تەسىرى، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، باشقا ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ تەسىرى، تۇغما ئامىللارنىڭ تەسىرى ۋە بالا چۈشۈرۈش قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ.

1. ئايالLAR جىنسىي ئەزالىرى مىزاجىنىڭ ماددىسىز ياكى ماددىلىق بۇزۇلۇشى ئايالLAR كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىچكى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىدۇ ياكى ئايالLAR كېسەللىكلىرىنىڭ بىۋاستە پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

2. مېڭە، يۈرەك، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالار خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ئايالLAR كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

3. تەبىئەت كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، يەنى ئىچكى - تاشقى ئامىللار سەۋەبىدىن ئورگانىزمدىكى ھەر خىل قۇۋۋەتلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن تەبىئەت كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشى بىر قىسىم ئايالLAR كېسەللىكلىرىنىڭ كېلىپچىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

4. يېمەك - ئىچمەك نورمال بولماسلىق، يېمەك - ئىچمەك تەرتىپى نورمال بولماسلىق، مىزاجغا ماسلاشتۇرۇپ يېمەكلىك ئىستېمال قىلماسلىق، ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەرنى كۆپ مىقداردا ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلار بىر قىسىم ئايالLAR جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ كېلىپچىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

5. ئىچكى ئاجراتما بەزلەر خىزمىتىنىڭ نورمالسىزلىقى، يەنى ئىچكى -

تاشقى ئامىللار سەۋەبىدىن ئىچكى ئاجراتما بەزلەر خىزمىتىنىڭ قالايمىقانلىشىشىدىن تۇرلۇك ئايالللار كېسەللىكى كېلىپچىقىدۇ.

6. چىرىگەن، بۇزۇلغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى، ئۆتكۈر تەسىرلىك دورىلارنى ۋە باشقا زەھەرلىك ماددىلارنى ئىستېمال قىلغاندا ئۇلارنىڭ بەدەننى زەھەرلىشى ۋە زەخىملەندۇرۇشىدىن بىر قىسىم ئايالللار كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ.

7. ھامىلدار بولۇشتىن ساقلىنىش تەسىرى بولغان دورىلارنى كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىش ياكى ئۇزاق مەزگىل ئىستېمال قىلىشتىن جىنسىي ئەزا ۋە رەئىس ئەزالارنىڭ نورمال خىزمىتى ئۇزاق مەزگىل قالايمىقانلىشىپ، بىر قىسىم ئايالللار كېسەللىكلىرى كېلىپچىقىدۇ.

8. بەزى ئايالللار كېسەللىكلىرى ئەجدادلىرىدىن ئىرسىيەت قېلىپ بەدەندە ئاشكارىلىنىدۇ.

9. ئاسان ئاچچىقلىنىش، تىت - تىت بولۇش، ھەسەتخورلۇق، ئىچى تارلىق، باشقىلارنى كۆرەلمەسلىك، قىلالمايدىغان ئىشلارغا جاھىللىق بىلەن ئېسىلىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ناچار روھىي كەيپىياتلار ئىچكى ئاجراتما بەزلەر ۋە رەئىس ئەزالار خىزمىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم ئايالللار كېسەللىكلىرىنى تەدرىجىي پەيدا قىلىدۇ.

10. ھەر خىل ئامىللار سەۋەبىدىن ئايالللار جىنسىي ئەزالىرىنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان تۇرلۇك ئايالللار كېسەللىكلىرى كېلىپچىقىدۇ.

11. بەزى ئايالللار كېسەللىكلىرى باشقا ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ تەسىرىدىن كېلىپچىقىدۇ.

12. بەزى ئايالللار كېسەللىكلىرى تۇغۇلغاندىلا پەيدا بولۇپ بولغان بولىدۇ.

13. تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ھاۋاغا قاراپ كىيىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، جاراسىملارنىڭ تەسىرى، ھەر خىل غىدىقلاشلارنىڭ تەسىرى، ھەيز مەزگىلىدە، چىللە مەزگىلىدە ياكى روھىي كەيپىيات ياخشى بولمىغان، جىنسىي ئىنتىلىش تولۇق قوزغالمىغان مەزگىلدە جىما قىلىش، نورمال بولمىغان جىما بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار مۇناسىپ ھالدىكى ئايالللار كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا

بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

14. ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، يىقىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش سىرتقى زەربىنىڭ تەسىرىدىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئاياللار كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ.

15. تۇغۇتنىڭ نورمالسىز بولۇشى، تۇغۇت جەريانىدا تۇغۇت ئانىسىنىڭ تۇغدۇرۇش مەشغۇلاتىنىڭ توغرا بولماسلىقى، كۆپ بالا چۈشۈرۈش ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابلىرىنىڭ تەسىرى قاتارلىقلاردىنمۇ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئاياللار كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ.

16. ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى كۈتۈنۈشنىڭ توغرا بولماسلىقى ياكى يېتەرلىك بولماسلىقى بىر قىسىم ئاياللار كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

17. بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ توي قىلىشمۇ ئاياللار كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

18. كۆپ تۇغۇش، ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش، زىيادە كۈچىنىپ ھەرىكەت قىلىش قاتارلىقلارمۇ بەزى ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

# ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى

ئاياللارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى، ساغلاملىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرىگە قارىتا بەدەن ئىنكاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئاياللار كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈشتە بىمارنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق سوراش بىلەن بىرگە، بىمارنىڭ بەدىنىدە كۆرۈلىۋاتقان كېسەللىك بەلگىلىرىنىمۇ تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئەتراپلىق مۇلاھىزە ۋە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا دىياگنوزنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

ئاياللار كېسەللىكىدە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئورتاق كېسەللىك ئالامەتلىرى بولىدۇ. بۇ ئالامەتلەر ئاياللار كېسەللىكلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تونۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### قىزىتما

ئاياللارنىڭ بەدەن ھارارىتى ھەيز دەۋرىيلىكىنىڭ ھەرقايسى جەريانلىرىدا بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە ئۆرلەپ-پەسىيىپ تۇرىدۇ. تۇخۇمدان تۇخۇم چىقىرىش مەزگىلىگە كىرگەندە ياكى ھەيز كېلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئاياللارنىڭ بەدەن ھارارىتى ئازراق ئۆرلەپ قالغان بولسىمۇ، بەدەنىنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا ئاياللار كېسەللىكىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىسە، بۇ نورمال ھالەت بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا ئالاھىدە تەدبىر قوللانمىسىمۇ بولىدۇ. ئاياللار ئادەتتە كۆپرەك ھەرىكەت قىلغاندا، قېلىن كىيىنگەندە، ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرغاندا، خاتا قىلىپ قويغان بىرەر ئىشتىن خىجىل بولغاندا ياكى مەلۇم بىر ئادەمنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغاندىمۇ بەدىنىدە مەلۇم دەرىجىدە ھارارەت پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇ بەك ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. شۇڭا ئاياللاردا قىزىتما پەيدا بولغاندا، قىزىتمىنىڭ

تاشقى سەۋەبلىرىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كۆپىنچە ھالدا ئاياللاردىكى قىزىتما بەدەننىڭ بىرەر يېرىدە يۇقۇملىنىش بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بەزى سوزۇلما ياللۇغلىنىشلاردا ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان تۆۋەن قىزىتما بولىدۇ. ھامىلدارلىقتىن زەھەرلىنىش، جىنسىي ئەزالاردىكى ھەر خىل يۇقۇملىنىشلار، بولۇپمۇ داس بوشلۇقىنىڭ ئۆتكۈر يۇقۇملىنىشىدا قىزىتما جىددىي باشلىنىپ، تېز ئۆرلەيدۇ، بۇنداق ھاللاردا قىزىتمىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىگە قارىتا جىددىي داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ.

قۇسۇش

قۇسۇش تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى سېزىك، ھامىلدارلىقتىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلاردا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە ئەگىشىپ كەلگەن ھەزىم قىلىش يوللىرىنىڭ خىزمىتى نورمال بولماسلىق، ئاشقازان - ئۈچەي توسۇلۇش، مېڭە ۋە يۇلۇن خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش قاتارلىقلاردىمۇ قۇسۇش كېلىپچىقىدۇ. ئېغىر قۇسۇشلاردا نەپەس توختاپ قېلىش، ھوشسىزلىنىش، سۇسىزلىنىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. سېزىكتىكى قۇسۇش قاتتىق بولسا ۋە ئۇزۇن داۋاملاشسا يۇقىرىقى خەتەرلىك ئەھۋاللار يۈز بېرىش بىلەن بىرگە ھامىلىنىڭ قورساقتا تەۋرەپ كېتىشى، ھامىلىگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بەدىنىنىڭ تەرەققىياتى تولۇق بولماسلىق، ھامىلدارنىڭ ھەزىم خىزمىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، قۇسۇشنى، بولۇپمۇ ھامىلدارلاردىكى قۇسۇشنى پەرقلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاغرىش

ئاياللار كېسەللىكلىرىدە ئاغرىش كۆپىنچە تۆۋەنكى قورساق قىسمى، يوتا، بەل ۋە توققۇزكۆز قىسملىرىدا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرىمۇ كېسەللىك

ئەھۋالغا قاراپ كۆپ خىل بولىدۇ. بالىياتقۇ ئىچىدە قانلىق چىقىرىندىلار يىغىلىپ قالغاندا، بالىياتقۇ شىللىق پەردە ئاستى مۇسكۇل ئۆسمىسىدىن كۆپ مىقداردا ئاجرالمىلار ئاجرىلىپ چىققاندا بالىياتقۇ ئۇ ماددىلارنى سىرتقا ھەيدەش ئۈچۈن ناھايىتى كۈچلۈك قىسقىرايدۇ، بۇنىڭ بىلەن قورساقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا تۇتقاقلىق قىسقىراش خاراكتېرلىك ئاغرىش بولىدۇ. داس بوشلۇقى ياللۇغلانغاندا توقۇلمىلارغا قان تولۇپ شۇ ئورۇندىكى نېرۋىلار غىدىقلانسا، زەخىملەنگەن ئورۇندىكى تاتۇقلار تارتىشسا دوۋسۇن، بەل، توققۇز كۆز قىسىملىرىدا داۋاملىق چىڭقىلىپ ئاغرىش بولىدۇ. بۇ خىل ئاغرىش ھەيز مەزگىلىدە، جىنسىي ئەزانى ئەسۋاب بىلەن تەكشۈرگەندە، تەرەت قىلغاندا ۋە جىما قىلغاندا كۆرۈنەرلىك كۈچىيىدۇ. داس بوشلۇقىدىكى ئۆسمە ۋە بالىياتقۇ كۈچلۈك قىسقىراش قاتارلىقلاردا يەرلىك ئورۇن ئېچىشىپ تۆۋەنگە تارتقاندەك ئاغرىش بىلەن بىرگە، قورساقنىڭ تۆۋەنكى قىسمى، بەل، توققۇز كۆز قىسىملىرى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، ئاغرىش يوتا قىسمىغىچە تارايدۇ. بالىياتقۇدا يەل تۇرۇپ قالغاندا تۇراقسىز بولغان چىڭقىلىپ ئاغرىش بولىدۇ. باسقاندا ئاغرىش ئورنى يۆتكىلىدۇ.

مونەك

ئاياللار كېسەللىكلىرىدە پەيدا بولىدىغان مونەك كۆپىنچە بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسى، تۇخۇمدان ئۆسمىسى، جىنسىي ئەزالار ياللۇغلىنىش، جىنسىي ئەزالاردىكى قانلىق ئىششىق، بالىياتقۇغا يەل تۇرۇپ قېلىش، بالىياتقۇ مۇسكۇلى جىددىي قىسقىراش، سىرتقى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن جىنسىي ئەزالار زەخىملىنىش قاتارلىقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىدا مونەك پەيدا بولسا، مونەكنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتى، ئورنى، ھەجمى، ھەرىكەتلىنىش دائىرىسى ۋە دەرىجىسى، قاتتىق ياكى يۇمشاقلىقى، ھەجمىنىڭ چوڭىيىش ياكى كىچىكلەش ئەھۋالى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن باشقا ئالامەتلەرنىڭ بار - يوقلۇقى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ.

## جىنسىي يولدىن قان كېلىش

ئادەتتە نورمال ئەھۋالدا قىزلىق پەردە يىرتىلغاندا ۋە ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي يولدىن قان كېلىدۇ. بۇ نورمال ھادىسە. ئەمما باشقا ۋاقىتلاردا جىنسىي يولدىن قان كېلىش كۆپ خىل ئاياللار كېسەللىكىدە ئورتاق كۆرۈلىدىغان ئالامەت بولۇپ، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئادەتتە جىنسىي يولدىن كەلگەن قاننى كۆزەتكەندە ئۇنىڭ مىقدارى، رەڭگى، قىيامى، داۋاملىشىش ۋاقتى قاتارلىقلارغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بالاغەت دەۋرىگە قەدەم قويغان قىزلارنىڭ جىنسىي يولدىن قان كېلىشى كۆپىنچە تۇخۇمدان تەرەققىياتى يېتەرلىك بولماي، تۇخۇمدان خىزمىتىنىڭ تەرتىپسىز بولۇۋاتقانلىقىدىن بولىدۇ، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە جىنسىي يولدىن قان كېلىش ھامىلدارلىقنىڭ ياخشى داۋاملاشمايۋاتقانلىقى، ھامىلىنىڭ تەۋرەپ كېتىش ئېھتىماللىقى، باش سۆيىنىڭ يېرىلغانلىقىدىن بولىدۇ. ھەيز كېسىلىشنىڭ ئالدىنقى دەۋرىدە جىنسىي يولدىن تەرتىپسىز قان كېلىش تۇخۇمدان خىزمىتىنىڭ قالايمىقانلىشىۋاتقانلىقى، تۇخۇمدانىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكى ياكى جىنسىي ئەزالاردا ئۆسمە پەيدا بولغانلىقىدىن بولىدۇ. جىنسىي يولدىن ئاز مىقداردا داۋاملىق قان كېلىش بىلەن بىرگە، ئاق خۇن قوشۇلۇپ كېلىش كۆپىنچە جىنسىي ئەزادىكى ياللۇغلىنىشلىق كېسەللىكتىن بولىدۇ. جىنسىي يولدىن قان كېلىش بىلەن بىرگە بەدەننىڭ باشقا ئورۇنلىرىنىڭمۇ قانىشى كۆپىنچە بەدەن مىزاجىنىڭ ماددىلىق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن، بولۇپمۇ قان خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن بولىدۇ. جىنسىي ئەزا ئازراقلا غىدىقلاشقا ئۇچرىغاندا دەرھال جىنسىي يولدىن قان كېلىش جىنسىي ئەزالاردىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىلەردىن بولىدۇ.

## ئاق خۇن

ئاياللار جىنسىي ئەزالىرىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ، جىنسىي يولدىن سىرغىما ھالەتتە كەلگەن سۇيۇقلۇقلار ئاق خۇن دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ تەركىبىدە جىنسىي يول دىۋارىدىن سىرغىپ چىققان سۇيۇقلۇقلار، بالىياتقۇ بوينى بەزلىرى

ۋە دالانچە بەزلىرى ئاجرىتىپ چىقارغان سىرغىما سۇيۇقلۇقلار، جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ دىۋارىدىن تۆكۈلۈپ چۈشكەن پەردىلەر بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە سىرتقى جىنسىي ئەزانى نەملەشتۈرۈش، يات ماددىلارنى تازىلاش رولىنى ئۆتەيدۇ. نورمال ئەھۋالدا ئۇنىڭ مىقدارى ھەيز دەۋرىيلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يەنى ھەيز كېلىش مەزگىلى ۋە تۇخۇمدانىنىڭ تۇخۇم ئىشلەش مەزگىلىدە ئاق خۇننىڭ مىقدارى نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىمۇ ئاق خۇننىڭ مىقدارى كۆپىيىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا بەدەندە باشقا كېسەللىك ئالامەتلىرى بولمايدۇ. ئەمما باشقا ۋاقىتلاردىكى ئاق خۇن مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى، سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىشى كېسەللىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. جىنسىي ئەزالاردىكى ئۆتكۈر ياللۇغلىنىشلىق كېسەللىكلەردە جىنسىي يولدىن رەڭگى سېرىق، سېسىق پۇراقلىق ئاق خۇن كېلىدۇ. جىنسىي ئەزالارنىڭ سوزۇلما ياللۇغلىنىشىدا بولسا جىنسىي يولدىن كەلگەن ئاق خۇننىڭ رەڭگى سارغۇچ ياكى ئاقۇچ، قىيامى سۇيۇق ۋە سۈزۈك، پۇرىقى سېسىق بولىدۇ. تامچە قۇرتلۇق جىنسىي يول ياللۇغىدا جىنسىي يولدىن كەلگەن ئاق خۇننىڭ رەڭگى سارغۇچ كۆل رەڭ بولىدۇ، كۆپۈكلۈك بولۇپ سېسىق پۇرايدۇ. جاراسىملارنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىدىن بولغان جىنسىي يول ياللۇغىدا جىنسىي يولدىن كەلگەن ئاق خۇن كۆپىنچە دۇفۇ تىرىپىدەك ھالەتتە بولۇپ، جىنسىي ئەزانىڭ دىۋارىغا يېپىشىۋالىدۇ. ئاق خۇننىڭ قان ئارىلاش ھالەتتە گۆرۈچ يۇغان سۇدەك كۆكۈچ كېلىشى ھەم تەركىبىدىكى چىرىگەن تۇقۇلمىلارنىڭ دۇفۇ تىرىپىگە ئوخشاش ئۇيۇۋېلىشى، پۇرىقىنىڭ زىيادە سېسىق بولۇشى بالىياتقۇ بوينى ئۆسمىسى، بالىياتقۇ بوينى راكى قاتارلىق كېسەللىكلەردىن بولىدۇ.



### سۈيدۈك تۇتۇلۇش

سۈيدۈك تۇتۇلۇش ئادەتتە بەدەندىكى ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالامەت بولسىمۇ، ئەمما ئاياللاردا جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۈيدۈك تۇتۇلۇشمۇ ئۇچرايدۇ. جىنسىي ئەزالارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە قانىشىدىن بولغان بەدەننىڭ سۇسىزلىنىشى، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما

جىنسىي يول ياللۇغى، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى، جىنسىي يولنىڭ ھەر خىل توسۇلۇشلىرى ۋە زەخىملىنىشلىرى، جىنسىي ئەزالاردىكى ئۆسمە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلاردىن سۈيدۈك يولى بېسىلىشقا ئۇچراپ، قىسقا ۋاقىتلىق ياكى ئۇزۇن ۋاقىتلىق سۈيدۈك تۇتۇلۇش يۈز بېرىدۇ. ئاياللار كېسەللىكىدە يۈز بېرىدىغان سۈيدۈك تۇتۇلۇش بىلەن باشقا ئەزا كېسەللىكى سەۋەبىدىن بولغان سۈيدۈك تۇتۇلۇشنى پەرقلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئاياللار كېسەللىكىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە كىچىك تەرەت قېتىمى كۆپىيىش، سىيگەندە ئاغرىش، قەۋزىيەت بولۇش، ئىششىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئالامەتلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئاياللار كېسەللىكىنى تەكشۈرگەندە بۇلارغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

## باليياتقۇ ئاغرىقى

باليياتقۇ ئاغرىقى كۆپىنچە ئىنچىكە بەل، يېرىق، ئىككى پاچاق، ئەۋرەت ساھەسى، كېرىگەت، ئاشقازان، باش، بولۇپمۇ باشنىڭ چوققا قىسمى بىلەن شېرىك بولغانلىقتىن، باليياتقۇ ئاغرىسا يۇقىرىقى ئەزالاردىمۇ ئاغرىش بولىدۇ، بەزىدە باليياتقۇ ئاغرىقى ئىككى يانپاش، ئىككى مۇچىگە يۆتكىلىپ ئورۇنلىشۋالىدۇ.

**سەۋەبى**

ھەر خىل مىزاج بۇزۇلۇش ياكى تارتىشتۇرىدىغان يەل پەيدا بولۇش، باليياتقۇ ئىششىقلىرى، باليياتقۇ يېرىڭلىق ئىششىقى، باليياتقۇ يارىسى، باليياتقۇ سەرتانى، باليياتقۇ مۇدۇرى، باليياتقۇ ئاقمىسى، باليياتقۇغا سۇ يىغىلىۋېلىش، باليياتقۇ كۆپۈش، باليياتقۇ دۆم بولۇپ قېلىش، باليياتقۇ يېرىلىش ۋە باليياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش قاتارلىقلاردىن ياكى جىمانى كۆپ قىلغانلىقتىن ياكى زەكەرنىڭ چوڭلۇقىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا باليياتقۇ مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېلىش، بەزىلەردە ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش ۋە قىينىلىپ تۇغۇشتىن ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

### ئىسسىقتىن بولغان باليياتقۇ ئاغرىقى

**ئالامىتى**

تومۇر تېز سالىدۇ، بىئارام بولىدۇ، يۈرەك تىترەيدۇ.

**داۋاسى**

ئىسسىقتىن بولغان باليياتقۇ ئاغرىقىدا ئالدى بىلەن قان ئېلىنىدۇ ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلاردىن قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى،

خەشخاش، ئۈنئۈزۈمى، بىنەپشە، نىلۇپەرنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، شىرىسىنى چىقىرىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قاپاق سۈيى، كاسىنە سۈيى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغۇل لوئابى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئاغرىق پەسەيمىسە بالىياتقۇغا كاسىنە سۈيى، ئارپا سۈيى، سېمىز توخۇ شورپىسى، سېمىز توخۇ يېغى، دورا لوئابلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەر ھۆقنە قىلىنىدۇ، غىزاسىغا ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ.

## سوغۇقتىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقى

### ئالامىتى

ھەيز قېنى ئاز، قارامتۇل، سۇيدۇك بەك رەڭلىك كېلىدۇ.

### داۋاسى

غالىب كەلگەن خىلىت تازىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مائۇلھەسەل ھۆقنە قىلىنىدۇ ۋە لادەن، زەپەر، ئەزپاراتىپ، سىيادان، ھىلىڭ، قۇندۇز قەھرى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ياكى يالغۇز ھالەتتە تەييارلانغان پەرزىجىلەر كالا يېغى ياكى بادام يېغى ۋە ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە زىرىدىن 15 گىرام، ئابدىملىك مېغىزىدىن 30 گىرام، زەنجىۋىلدىن 10 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ سۇدا قاينىتىپ، سەل ئىسسىق ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ ياكى ئابزەن قىلىنىدۇ.

پىششىق دورىلاردىن ئايارەج لوغانزىيا، ئايارەج جالىنۇس، بايادەيدۇس قاتارلىق دورىلاردىن كۈندە ئىككى قېتىم، 6 ـ 10 گىرامغىچە بېرىلىدۇ.

## تۇغۇتتىن كېيىنكى بالىياتقۇ ئاغرىقى

### داۋاسى

خىيارشەنبەردىن 12 گىرام، تاغ زىرىسى، پىرسىياۋشاننىڭ ھەربىرىدىن ئالتە

گىرام ئېلىپ، ھەممە دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى شوخلىدا قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا قارا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈلىدۇ. بەديان، زەنجىۋىل، يۇمغاقسۈتنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، ئابدىمىلىك يىلتىزى پوستىدىن 24 گىرام ئېلىپ، 300 گىرام سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ مەتبۇخ تەييارلاپ ئىچۈرۈلىدۇ. ھەببى بەرشىشانى بېرىش مەنپەئەت قىلىدۇ، غىزاسىغا سوقۇلمىغان ماش، نېپىز نان بېرىلىدۇ.

## ھەيزدىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقى

داۋاسى

ھەيز ماڭدۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. رەۋەنچىنىنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئاق ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ، ھەيز كېلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئالتە گىرامدىن يېگۈزۈلىدۇ. شۇمشا قاينىتىلمىسى ۋە كەرەپشىگە ئوخشاش سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. تۇزنى يۇمشاق سوقۇپ، پاختىغا ئېلىپ بالىياتقۇ ساھەسىگە قويسا، ئاغرىقنى توختىتىدۇ ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئەگەر خيارشەنبەرنىڭ پوستىدىن 5. 3 گىرام، بەسباسەدىن ئۈچ گىرام، قارا شېكەردىن يەتتە گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 500 گىرام سۇغا كەچتە چىلاپ ئەتىگەندە قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا ئېلىپ ھەيز باشلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ئىچكۈزۈلسە ئاغرىق يوقىلىدۇ. خيارشەنبەر پوستى، بەدياننىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرام، ئوغرىتىكەندىن ئالتە گىرام، رۇمبەديان، سىيادانىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام، قاراشېكەردىن 24 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلسە، ھەيز قېنى توختاپ قېلىشتىن بولغان ئاغرىقنى يوقىتىدۇ ۋە ھەيز قېنىنى ماڭدۇرىدۇ.

## جىمادىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقى

داۋاسى

ئەگەر بالىياتقۇ جىما ۋاقتىدا ئاغرىسا مورتىنى يۇمشاق سوقۇپ، جىمادىن بۇرۇن جىنسىي يولغا ھەمەل قىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ چېچىنى كۆيدۈرۈپ ئىسى

يەتكۈزۈلىدۇ. ئۆردەكنىڭ مېڭىسىنى پىشۇرۇپ بەدىيان قايىنتىلمىسى بىلەن يېيىش جىمادىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. 3.5 گىرام رەۋەنچىنىغا تەڭ مىقداردا ناۋات قوشۇپ، 60 گىرام ئۈگرىتىكەن ئەرقى، 60 گىرام ئەرقى بەدىيان بىلەن يېيىش بالىياتقۇ ئاغرىقىنى يوقىتىدۇ. ئاش تۇزىنى سوقۇپ پاختىغا يۇقتۇرۇپ جىمادىن بۇرۇن جىنسىي يولغا قويسا بولىدۇ، ئەگەر بۇ تەدبىر بىلەن ياخشىلانمىسا توققۇز گىرام مۇرەككەپ ئابدىمىلىك يېغى 108 گىرام تۆگە سۈتى بىلەن بىر ھەپتىگىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

# بالىياتقۇ ئىششىقلىرى

كۆپىنچە بالىياتقۇدا ئىسسىقتىن بولغان قاتتىق ئىششىق، غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان ئىششىق كۆرۈلىدۇ. بەزىدە ئىششىق بالىياتقۇ ئېغىزىدا، بەزىدە بالىياتقۇ تېگىدە، بەزىدە بالىياتقۇنىڭ ئىككى تەرىپى، ئالدى ۋە ئارقىسىدا، بەزىدە بالىياتقۇنىڭ ھەممە يېرىدە پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى**

بالىياتقۇغا زەربە تېگىش، ھامىلە چۈشۈرۈش، قىيىن تۇغۇت، تۇغۇت ئانىسىنىڭ بالىنى تۇغدۇرۇشتىكى سەۋەنلىكى، كۆپ جىما قىلىش، ھەيز مەزگىلىدە سوغۇق ئۆتۈپ قېلىش سەۋەبىدىن ھەيز بىراقلا توختاش، بالىياتقۇ ئىچىگە ئۆتكۈر دورىلارنى سېلىش، جىنسىي ئەزا ياللۇغلىنىش، سىزلام، سىفلىس، تۇخۇمدان ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىش ۋە بۇزۇلۇش ياكى بالىياتقۇغا سۇ يىغىلىپ قېلىش، قان ياكى سەپرا بالىياتقۇغا قۇيۇلۇش، بالىياتقۇدا ماددىلار توختاپ قېلىش ۋە ماددىنىڭ تارقىشىنى چەكلەيدىغان سۇيۇقلۇق كۆپ بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر بولىدۇ.

## ئىسسىقتىن بولغان بالىياتقۇ ئىششىقى

**ئالامىتى**

ئىششىق قىزىق، رەڭگى قىزىل بولىدۇ، قىزىتما بولىدۇ، باش ۋە مەيدىسى ئېغىر، تىلى قارا، روھىي چۈشكۈنلۈك بولىدۇ، ھېق تۇتىدۇ، ھەزىم قىلىشى ناچار، ئىشتىھاسى ئاز بولىدۇ، ئاغرىق بالىياتقۇنىڭ تېگىدە بولىدۇ. بويۇن تومۇرى بىلەن شېرىك بولغاچقا، ئاغرىق پۈتۈن بەدەنگە تارايدۇ. دولا قىسمى، بەل، تۆت

مۇچە ئېغىر بولىدۇ، ئاغرىيدۇ، دوۋسۇن قىسمى ئېسىلىدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت تەستە كېلىدۇ، تومۇر ۋە نەپەس ئارقىمۇئارقا تېز بولىدۇ. بېھوشلىنىپ قول-پۇتلىرى تەرلەيدۇ. ئەگەر ئىششىق بالىياتقۇنىڭ تېگىدە بولسا، كىندىك قىسمى قاتتىق ئاغرىيدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ ئېغىزىدا بولسا، دوۋسۇن قىسمى ئاغرىيدۇ.

داۋاسى

قەي قىلدۇرۇلىدۇ، باسلىق، سافىن تومۇرلاردىن قان ئېلىنىدۇ. كېسەللىك يېڭى باشلانغاندا ئارپا ئۇنى، باقلىلە ئۇنى، نوقوت، بىنەپشىلەرنى ئېزىپ، ھۆل يۇمغاقسۈت ۋە كاسىنىلەرنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ، بىرئاز پىشۇرۇپ، دوۋسۇن ۋە كىندىك ساھەلىرىگە تېڭىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك لوئابلار سۈركىلىدۇ. ياغلار، ئۇسارىلەر بالىياتقۇ ساھەسىگە سۈركىلىدۇ. سېمىز ئوت شىرىسى، شەربىتى بىنەپشە، ئاچچىق ئانارنىڭ سۈيى، ئارپا سۈيى قاتارلىقلار بادام يېغى، قەنت، ئىسپىغۇل ۋە ئاق لەيلى ئۇرۇقىنىڭ لوئابى، شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىپ بولغان نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ، سوغۇق سۇ ئىچىش چەكلىنىدۇ. ئەگەر ئىششىق بىلەن بىللە سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كەلسە نىلۇپەرگۈلى، ئاق لەيلىگۈل، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام ئېلىپ، 100 گىرام ئەرقى شوخلا، 100 گىرام كاسىنە ئەرقىدە قايىنىتىپ، ئۇنىڭغا ئالتە گىرام تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىنىڭ شىرىسى، 24 گىرام بىنەپشە شەربىتى، تۆت گىرام ئوغرىتىكەن قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئەگەر كېسەل قەۋزىيەت بولسا ۋە ئاشقازىنى تارتىشسا، يۇقىرىقى دورىلاردىكى بىنەپشە شەربىتىنىڭ ئورنىغا گۈلقەنت، 10 دانە ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، 24 گىرام دىنار شەربىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ ئىششىقىدا بىقىن ئاغرىش پەيدا بولسا، چىلاندىن بەش دانە، شاھتەررەدىن ئالتە گىرام، نىلۇپەردىن تۆت گىرام، ئاق لەيلىگۈلدىن ئۈچ گىرام، يەرلىك شوخلىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، ھەممە دورىلارنى قايىنىتىپ، 24 گىرام چىلان شەربىتى، تۆت گىرام رەيھان ئۇرۇقى شىرىسى قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق بىلەن بىرگە قىزىتما بولسا، ئەينۇلادىن يەتتە دانە، قىزىلگۈل، نىلۇپەر، بەدىيانىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام ئېلىپ، دورىلارنى مۇۋاپىق

مىقداردىكى ئەرقى شاھتەررە بىلەن قاينىتىپ، 24 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ بېرىلىدۇ. بالىياتقۇ ئىششىقىغا قوشۇلۇپ ئەمچەك ئاغرىسا، يەرلىك شوخلا، بىخسۇسنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام، شاھتەررە، كاسىنە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، ھەممە دورىلارنى 250 گىرام ئەرقى شوخلا ۋە ئەرقى شاھتەررە بىلەن قاينىتىپ، 24 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق بىلەن بىرگە قىزىتما ۋە تولغاق ئاغرىقى بىللە كەلسە، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئاق لەيلىگۈلدىن ئالتە گىرامدىن، قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، رەيھان ئۇرۇقى، زىغىرنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، ھەممە دورىلارنى چىلاپ قائىدە بويىچە قاينىتىپ، 24 گىرام شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىششىق بىلەن بىرگە ئۆزۈنغا سوزۇلغان قىزىتما بولسا، كافۇر چۆشكەن قۇرسى تاباشىردىن تۆت گىرام، يەرلىك شوخلا، ئاق لەيلى ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام، كاسىنە ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، ئەرقى شوخلىدا قاينىتىپ، 24 گىرام شەربىتى بۇزۇرى بارىد، بەش گىرام سوقۇلغان ئوغرىتكەننى قوشۇپ، قائىدە بويىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ.



## بەلغەمدىن بولغان بالىياتقۇ ئىششىقى

### ئالامىتى

ئەگەر بالىياتقۇ ئىششىقى غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولسا، قىزىش ۋە يەڭگىل ئاغرىش بولىدۇ، قورساق كۆپۈپ قالىدۇ، قول - پۇت ئىششىيدۇ، دوۋسۇن ساھەسىدە ئېغىرلىق ۋە ئاغرىق بولىدۇ.

### داۋاسى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان ئىششىقتا دەسلەپتە قەي قىلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن بىخسۇس، بەدىيان، بادرەنجبۇيىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، سۈزۈپ، 24 گىرام گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ ياكى دەسلەپتە ئىششىق قايتۇرۇش ئۈچۈن كەرەپشە ئۇرۇقى، ئوغرىتكەن، رۇمبەدىيان،

پىرسىياۋشان، ھەلىۋن قاتارلىق دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، گۈلقەنت، شەربىتى دىنار ياكى شەربىتى بۇزۇرىنىڭ قايسىبىرى بولسا قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ ۋە قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ماددىنى پىشۇرۇپ، بەلغەمنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. بابۇنە، تاغ رەيھىنى، بادرەنجبۇيا، مەرزەنجۇش قاتارلىقلارنى سوقۇپ ئىسسىق سۇ بىلەن خېمىر قىلىپ، ئىلمان ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەك، سۇزاپ، شۇمشا، ئوغرىتىكەن، ئەنجۇر قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ. قۇستە يېغى، بابۇنە يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ، تەبىئەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن سانادىن 18 گرام، بەدىياندىن 12 گرام، قىزىل شېكەردىن 36 گرام ئېلىپ دورىلارنى قاينىتىپ، 48 گرام خىيارشەنبەر شىرىسى بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. سېرىقچېچەك، بابۇنەنىڭ ھەربىرىدىن 14 گرام، زىغىر، شۇمشىنىڭ ھەربىرىدىن 16 گرام، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى بەدىيان بىلەن ھۆللەپ بالىياتقۇ ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ ياكى كالا يىلىكى، ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى قاتارلىقلارنى ئېرىتىپ زىمات قىلىنىدۇ. مۇقەلنى قايناق سۇدا ئېرىتىپ ئىچىشكە بەرسە، بەلغەمدىن بولغان ئىششىققا مەنپەئەت قىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن لوئۇقى خىيارشەنبەرنى ئىستېمال قىلىشمۇ پايدىلىق. غىزاسىغا نوقۇت، ماش قوشۇپ بېرىلىدۇ.

## بالىياتقۇ قاتقان ئىششىقى

**ئالامىتى**

قاتقان ئىششىقتا ئاغرىش يەڭگىل بولىدۇ، ئەۋرەت قىسمىدا ئېغىرلىق سېزىلىدۇ. چوڭ- كىچىك تەرەت تەستە كېلىدۇ. بەدىنى ئورۇق ھەم ئاجىز بولىدۇ. ماڭغاندا پاقالچاق ئىختىيارسىز تىترەيدۇ. مېڭىش، تۇرۇشنى ياقتۇرمايدىغان، ئاچچىقى يامان، خىيالپەرەس بولۇپ قالىدۇ. تومۇرى ئىنچىكە، ئاستا سالىدۇ. قول- پۇتى ئىششىيدۇ. ئەگەر ئىششىق بالىياتقۇ بوينىدا بولسا،

بالىياتقۇ شىللىق پەردىسىدە كۆپۈشۈش پەيدا بولىدۇ، كېلىدىغان ھۆللۈكنىڭ مىقدارى كۆپىيىدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزى قىلىنىلاپ ھەيز ئاغرىتىپ كېلىدۇ، جىما قىلغاندا ئاغرىيدۇ، بىمار كۆپىنچە تۇغماس بولۇپ قالىدۇ.

داۋاسى

دەسلىپىدە بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى يار بەرسە، باسلىق تومۇر، سافىن تومۇرلاردىن ياكى مابەز تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ھەمدە گاۋزىبان، بادرەنجبۇيا، ئۇستىقۇددۇس، پەرسىياۋشان، گۈلبىنەپشە، سەرپىستان، تۇخۇمى كاسىنە، بالەنگو، شوخلا، تۇخۇمى رەيھاننىڭ ھەربىرىدىن 15 گرام، ئەنجۈر مونىكىدىن 30 گرام، بىخسۇس، بەدىياننىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم 50 گرامغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مۇشۇ بويىچە داۋالاپ توققۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ نۇسخىغا 30 گرام خىيارشەنبەر، 30 گرام تەرەنجىبىن، 15 گرام سانا، ئالتە گرام بادام يېغى قوشۇپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، بەدەن تازىلىنىدۇ ياكى مەلھەمى داخىليۇن ئىشلىتىلىدۇ. موم، ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى، مۇقەلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام، ئاق لەيلىگۈل، زىغىرنىڭ ھەربىرىدىن 60 گرام، پۇنۇستىن 15 گرام ئېلىپ، خېمىر قىلىپ بالىياتقۇغا ھەمەل قىلىنىدۇ.

مەرزەنجۇش، بېدە ئۇرۇقى، ئۇبھەل، يەرلىك شوخلا، پەرسىياۋشان، مىشكى تارامۇشكى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، تۇخۇمى ھەليۇن، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، ئاق لەيلىگۈل، ماش، قىزىلگۈل، سېرىقچېچەكنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇدا قايىنىتىپ، سۇيىدە بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن ئومۇمىي بەدەننى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئەپتىمۇن ياكى مائۇلجەبىن ۋە سۇفۇپى لاجۇۋەرد ئىشلىتىلىدۇ.

## بالىياتقۇ يىرىڭلىق ئىششىقى

بالىياتقۇ يىرىڭلىق ئىششىقى بالىياتقۇ ئىششىقى پىشىپ، يىرىڭلاپ ئېغىز ئالدىغان ئىششىقتىن ئىبارەت.

سەۋەبى

بالىياتقۇ ئىششىقى يانىماي يىرىڭلاپ ئېغىز ئېلىشتىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئاغرىش بەل ۋە يوتا قىسىملىرىغىچە تارقايدۇ، قىزىتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىششىقنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ئېغىرلىشىدۇ، يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىيدۇ، قالايمىقان تۇتىدىغان قىزىتما، جۇغ - جۇغ پەيدا بولىدۇ، چوڭ تەرەت ۋە سۈيدۈكنىڭ كۆپ كېلىشى بىلەن راھەتلىنىدۇ، خالتىلىق ئىششىق پىشسا قىزىتما، لوقۇلداش پەسىيىدۇ، بەدەندە تىترەش پەيدا بولىدۇ، يىرىڭلىق ماددىلار چىقىدۇ. ئەگەر ئىششىق بالىياتقۇ ئېغىزىدا بولسا ئۇنى كۆرگىلى بولىدۇ، تېگىدە بولسا كۆرگىلى بولمايدۇ.

داۋاسى



ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق بالىياتقۇ ئېغىزىدا بولۇپ، يىرىڭ يىغىلغان بولسا، يىرىڭنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى يېرىش لازىم. يىرىڭ يىغىلمىغان بولسا، يىرىڭنىڭ پىشىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شۇمشا ئۇرۇقى لوئابى، زىغىر ئۇرۇقى لوئابىنى ئىلمان قىلىپ بالىياتقۇغا ھۆقنە قىلىنىدۇ. بىمارنىڭ قورساق ۋە ئەۋرەت قىسمىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، ئاق لەيلىگۈل، بىنەپشە، بۇغداي ئۇنى، ئەنجۈر قېقى قاتارلىقلارنى كالا سۈتىدە قايىنىتىپ ئەۋرەت قىسمىغا زىمات قىلىنىدۇ ۋە ئىششىق تولۇق پىشقانغا قەدەر ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

ئەگەر يىرىڭلىق ئىششىق بالىياتقۇ تېگىدە بولسا، مەزكۇر زىماتقا ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، ئاق لەيلى يىلتىزى ۋە ئازراق كەپتەر مايىقى قوشۇلىدۇ ھەمدە قوغۇن ئۇرۇقى، ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاسىنە، ئوغرىتىكەن قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلمىسى بىرنەچچە كۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بالىياتقۇ يىرىڭدىن پاك بولمىسا مەدەستان، ئۈپا، ئەنزىرۇتنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، ئاق مومدىن 10 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى يۇمشاق

سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن خېمىر قىلىپ ئەۋرەت ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. يىرىڭلىق ئىششىقنىڭ ئېغىز ئېلىشى كېچىكىپ، گۆشخور يارىغا ئۆزگىرىش خەۋپى بولسا، ئەنجۈر بىلەن قىچىنى قايناتىپ سۈيىنى بالىياتقۇغا ھەمەل قىلىپ، پىسىپى دوۋسۇنغا زىمات قىلىنىدۇ. يىرىڭلىق ئىششىق ئېغىز ئالغان ۋاقىتتا ئۇنى تازىلاش ۋە پۈتتۈرۈشكە ئىلاج قىلىنىدۇ.

# بالياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسى

بالياتقۇ ئىچىدە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئۆسمىلەر پەيدا بولۇپ، بەزىدە بالياتقۇ ئېغىزىغا يېقىن ئورۇندا، بەزىدە بىر تال ئۆسمە بالياتقۇنىڭ بىرلا تەرىپىدە، بەزىدە بىرنەچچە تال ئۆسمە بالياتقۇنىڭ ئالدى- ئارقا تەرىپى ۋە ئۈستى تەرىپىدە، بەزىدە بالياتقۇ مۇسكۇل قەۋىتىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. بەزى ئۆسمىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، بەزىلىرىنىڭ تېز بولىدۇ.

سىرۋەبى

قويۇق بەلغەم ياكى قويۇق سەۋدا ماددىسى پەيدا بولۇش، كۆپ تۇغۇش، باشقا كېسەللىك سەۋەبىدىن بالياتقۇ ئاجىزلاپ قېلىش، سىفلىس سەۋەبىدىن بالياتقۇ قان ئايلىنىشى تېزلىشىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

بۇ كېسەللىك ئومۇمەن 30 - 40 ياشتىكى ئاياللاردا كۆرۈلۈپ، قورساق تەدرىجىي چوڭىيىشقا باشلايدۇ، بالياتقۇدا تارتىشىش ۋە ئېغىرلىق سېزىلىدۇ، ئەۋرەت قىسمىدا قىزىقلىق ۋە تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ، ھەيز ناھايىتى تەستە كېلىدۇ، ئەمما كۆپ كېلىدۇ. بەزىدە كەلمەي توختاپ قالىدۇ، بىمار ھامىلىدار بولالمايدۇ، ھامىلىدار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇزۇنغا بارمايلا بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئۆسمە بالياتقۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولسا، دوۋساقنى قىستاپ سىيىش قېتىم سانى كۆپىيىدۇ، بەزىدە سۈيدۈك توختاپ قالىدۇ، ئۆسمە ئارقا تەرەپتە بولسا، تۈز ئۈچەينى بېسىپ قەۋزىيەت بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى تولغاققا ئوخشاش ئىچ سۈرۈش كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك ماددىسىغا قارىتا مۇنزىج بېرىپ ماددا پىشىپ بولغاندىن كېيىن ھەببى ئايارەج ياكى مەتبۇخى ئەپتىمۇن بىلەن تازىلىنىدۇ، تازىلاپ بولغاندىن كېيىن شۇمشا ئۇرۇقىدىن 13 گىرام، تازىلانغان سەبرە، مۇرمەككى، بەزرۇلبەنجى، زىغىر ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، يۇمىلاق زىراۋەندە، قارىمۇچ، پىلپىل يىلتىزى، قەسبۇزەرىرە، مۇقەل، ئۇشەق، قۇستە تەلخى، ئەنزىرۇت، پەرپىيون، ھىڭنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇدا يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرىقى تالقاننى يۇمغاقسۇت ۋە يەرلىك شوخلا ئەرقىدە يۇغۇرۇپ، ئۆسمىگە ياكى شۇنىڭغا يېقىن ئورۇنغا زىمات قىلىنىدۇ. زەپەر، سەبرە، مۇقەل، گۇلسەۋسەن يىلتىزىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، قۇندۇز قەھرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، بابۇنە يېغى، ئابدىملىك يېغى، سەۋسەن يېغىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، سېرىق مومدىن 10 گىرام ئېلىپ، مومنى ياغدا ئېرىتىپ، سوقۇلغان تالقاننى ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىق ھالەتتە قورساققا تېڭىلىدۇ ياكى ھەمەل قىلىنىدۇ.

ئەگەر باشقا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن بالىياتقۇ ئاجىزلاپ قېلىشتىن بولغان بولسا، قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ. رەئىس ئەزالارنى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاملە نۇشدارى لۇئلۇئى، داۋائىلمىشكى ھار، ماددەتۇلھايات قاتارلىق دورىلار ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. چۆپچىنىدىن 50 گىرام، كۆك ئەمەن، شاھتەررەنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھا، سىيادان، خەشخاش پوستى، خەشخاش ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ. تاتلىق بادام يېغى، بابۇنە يېغىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، ئاق مومدىن 15 گىرام ئېلىپ، 40 گىرام ھۆل سۇزاپ سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

# باللىياتقۇ سەرتانى

ماددىلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن باللىياتقۇ ئىششىپ ياكى قاتقان ئىششىق تارقاپ ئىغىز ئالماي سەرتان كېلىپچىقىدۇ.

**سەۋەبى**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ماددىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى تۇپەيلى، باللىياتقۇدىكى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ياكى ئادەتتىكى ئىششىق تارقاپ كېتەلمەي قاتتىقلىشىپ سەرتانغا ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىرسىيەت ياكى ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقمۇ بۇ كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ.

**ئالامىتى**

باللىياتقۇ سەرتانى بىر ئورۇندىن باشلىنىپ ناھايىتى تېزلىكتە ھەرتەرەپكە تارقايدۇ، كۆپىنچە باللىياتقۇ بوينى ۋە باللىياتقۇ ئىغىزىغا يېقىن جايلاردا پەيدا بولىدۇ. ئەگەر باللىياتقۇ ئىغىزى ۋە بويىندا پەيدا بولسا، بۇنى تەكشۈرگەندە كۆرۈش مۇمكىن بولىدۇ. ئىششىق ئورنى تەرتىپسىز، گۈلگە ئوخشاش رەڭگى قىزىل ياكى قارامتۇل يېشىلغا مايىل ياكى كۆكۈچ كېلىدۇ. باسقاندا قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئەگەر سەرتان باللىياتقۇ تېگىدە بولسا كۆرگىلى بولمايدۇ. كېسەللىك پەيدا بولغان ئورۇندا ئېغىرلىق سېزىلىدۇ. ئاغرىق كېرىگەت ۋە مۇرىگىچە يېتىپ بارىدۇ. بەزىدە باشنىڭ بىر تەرىپى ياكى ھەممە يېرى ئاغرىيدۇ. قول ۋە پۇتى سوغۇق بولىدۇ، كۆپ تەرلەيدۇ. بەزىدە يەڭگىل قىزىتما باشلىنىپ تەدرىجىي ئۆرلەيدۇ ھەم بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقمۇ كۈچىيىدۇ، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىدۇ، بىمار كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ ئورۇقلايدۇ، پۇتى ئىششىيدۇ. ئاقىۋەتتە ئىششىش ياكى ئەقىل ئېلىشىش كېلىپچىقىدۇ. ئەگەر سەرتان يىرىڭلاپ يارىغا ئۆزگەرسە،

قارامتۇل قىزىل ياكى كۆككە مايىل بىرخىل ئۆتكۈر سېسىق پۇراقلىق سۇيۇقلۇق بالىياتقۇدىن چىقىشقا باشلايدۇ. بەزىدە كۆپ مىقداردا خاس قان چىقىدۇ. بۇ، ھەيز قېنى دەپ گۇمان قىلىنىپ قالىدۇ. بەزىدە كۆپ مىقداردا ساپ قان چىققانلىقى ئۈچۈن يوتا، ئەۋرەت قىسمى، بەل قاتتىق ئاغرىيدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە 30 ياشتىن ئاشقان ئاياللاردا كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش ناھايىتى قىيىن، لېكىن كېسەل ئازابىنى يەڭگىللىتىش ۋە تەرەققىياتىنى چەكلەش ئۈچۈن مۇناسىپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

غالىب كەلگەن ماددىغا قارىتا مۇنزىج ۋە مۇسھىل بېرىلىدۇ، بىمارنىڭ مىزاجى تەڭشىلىدۇ ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. ئاغرىش بىلەن قىزىتما يۇقىرىلىسا 10 گىرام بېھى ئۇرۇقى، 10 گىرام ئىسپىغۇل ئۇرۇقىنىڭ لۇئابى ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئەگەر قىزىتما پەسىيىپ، ئاغرىق يېنىكلىمىسە، يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچى دورىلاردىن مەلھەمى داخىليۇن، مەلھەمى مۇقەل، بابۇنە يېغى، ئۆردەك يېغى قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك يۇمشاتقۇچى دورىلاردىن شۇمشا ئۇرۇقى، بابۇنە، زىغىر قاتارلىقلارنى قاينىتىپ يەرلىك ئۇرۇن ئابزەن قىلىنىدۇ. بەزىدە سەۋدا ماددىسىنى ئازايتىش ئۈچۈن سەۋدانىڭ مۇسھىلىنى بېرىپ ئارقىدىنلا مائۇلجەبىن بىلەن ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر يارا بولغان بولسا، ئاق لەيلى يوپۇرمىقى، كاللەكبەسەي يوپۇرمىقى، بىنەپشە، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ ئابزەن قىلىنىدۇ. ئۈچ دانە ئەنجۈر قېقى، يەتتە دانە چىلان، 10 دانە سەرپىستانىنى قاينىتىپ، 45 گىرام خىيارشەنبەر، ئالتە گىرام بادام يېغى قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. خەشخاش گۈلى، يۇمغاقسۈت گۈلى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرام، قوغۇشۇندىن بەش گىرامغىچە ئېلىپ، ئەرقى كاسنەنىڭ سۈيىنى چوقۇر تاشقا قۇيۇپ سۈزۈپ، بۇلارغا ئىككى دانە تۇخۇمنىڭ ئېقى، 12 گىرام گۈل يېغى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىپ، بىمارنىڭ ئەۋرەت ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاغرىق كۈچىيىپ بىمار

بەرداشلىق بېرەلمسە، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن سانائى مەككىدىن 24 گىرام، پىرسىياۋشاندىن 17 گىرام، ئاق لەيلى، كاسىنە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 11 گىرام، بىنەپشە، نىلۇپەر، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 14 گىرام، چىلان، سەرپىستان، ئاق ئەنجۈرنىڭ ھەربىرىدىن 20 دانە ئېلىپ، 1020 گىرام سۇدا 340 گىرام قالغۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا 35 گىرام پۇنۇسى خىيارشەنبەر، 30 گىرام تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىگەندە ئىچىلىدۇ. ماددىنى تازىلىغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى زىمات ئىشلىتىلىدۇ: ھۆل ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھۆل يۇمغاقسۈت، ھۆل خەشخاش، ئىتئۈزۈمى، قىزىل چۇغلۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يۇمشاق سوقۇپ، گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ ۋە ئىلمان سۇنى ئاياللارنىڭ سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بالياتقۇغا ماڭغۇزۇلىدۇ. بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى، مېڭىسى ۋە يۈرىكى ئاجىزلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىمارغا خېمىرى گاۋزىبان، خېمىرى سەندەل، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى ئەۋرىشىم، ئەرقى مائۇللەھمى ئۆلچەم بويىچە بېرىلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار ۋە سەۋدا ماددىسى پەيدا قىلىدىغان غىزالارنى يېيىش چەكلىنىدۇ. ساپ قۇرۇق نان، پاقلان گۆشىگە ئوخشاش ياخشى كەيمۇسلۇق، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزالار، كاھو مۇرابباسى، كاسىنە، ياۋا پالەك، قىزىلچا، پالەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بېرىلىدۇ. مېۋىلەردىن ئەنجۈر، ئۈزۈم، بادام، تاتلىق ئەينۇلا، تاتلىق ئالما، بانان، كىشمىش ئۈزۈم، تائىپ ئۈزۈمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بېرىلىدۇ.

# باللياتقۇ يارىسى ۋە باللياتقۇ گۆشخور يارىسى

باللياتقۇ تېگىدە ياكى باللياتقۇ ئېغىزىدا پەيدا بولىدىغان، بەزىدە بىر ئورۇندا، بەزىدە تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن باللياتقۇغا يامرايدىغان، ئەگەر يارا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياخشىلىنىپ كەتمىسە، ئوفۇنەتلىنىپ يىرىڭلىق جاراھەتكە ئۆزگىرىدىغان يارىنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

باللياتقۇ يارىسى ۋە باللياتقۇ گۆشخور يارىسى باللياتقۇ ساھەسىگە زەربە يېگىپ، تومۇر ۋە شىللىق پەردىلەر يېرىلىشقا ئوخشاش سىرتقى سەۋەبلەردىن، ئۆتكۈر دورىلارنى ھەمەل قىلىشتىن ياكى قىيىن تۇغۇت، تۇغۇت تولغىقى قاتتىق بولۇش، بالا ھەمراھىنى تارتىش، ئۆلۈك ھامىلىنى تارتىش، ئۆتكۈر سەپرالىق يېگۈچى ماددا ئېقىش، ئىششىق ھەم مۇدۇرلار ئېغىز ئېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىچكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

ئالامىتى

يارا باللياتقۇ ئېغىزىدا ياكى باللياتقۇ ئېغىزىغا يېقىن ئورۇندا بولسا، قان، يىرىڭ ۋە رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئاقىدۇ. بىمارنىڭ رەڭگى سارغىيىدۇ، ھەددىدىن زىيادە ئۇسسايدۇ، قىزىيدۇ، زەخىم يارىغا ئۆزگەرگەن بولىدۇ. تومۇر ۋە شىللىق پەردىنىڭ يېرىلىشىدىن بولغان يارىدا ساپ قان كېلىدۇ، ئەگەر يارىغا ئۆزگەرسە، قويۇق، ئاق ۋە سېرىق رەڭدە ئاز مىقداردا سۇيۇقلۇق كېلىدۇ، قاتتىق ئاغرىيدۇ. ئەگەر يىرىڭلىق يارىغا ئۆزگەرسە يىرىڭ كۆپ، گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە كېلىدۇ. سېسىق پۇرايدۇ؛ ئانچە قاتتىق ئاغرىمايدۇ، يارا ئىششىقى ئېغىز ئالغاندا يىرىڭ كۆپ، شارابنىڭ لېيىغا ئوخشاش كېلىدۇ.

گۆشخور يـاردا سۇيۇقلۇق سىيـىق پۇراقلـىق، قارامتـۇل قان رەڭگـىدە كېلىدۇ. نېرۋا ۋە تومۇر پارچىلىرى كـېلىش بىلەن بىرگە قاتتـىق لوقـۇلداپ ئاغرىيدۇ، قاتتىقلىق بولمايدۇ. يارا ئىششىغان بولسا قىزىش، جۇغ-جۇغ بولۇش ۋە ئىششىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى بىرگە كېلىدۇ.

داۋاسى

ئەگەر خالىس قان كەلسە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن سەپرانىڭ مۇسھىلى بىلەن تازىلىنىدۇ. يۇلغۇن سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. كۈندۇر، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، سەرۋى دەرىخى مېۋىسى، ئانار پوستى، زەمچە، مۇرمەككى، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى پاقىيوپۇرمىقى سۈيىدە يۇغۇرۇپ، لاتىغا يۇقتۇرۇپ بالىياتقۇ ئېغىزىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر يارا بالىياتقۇ تېگىدە بولسا، مۇشۇ دورىلار بالىياتقۇغا ماڭغۇزۇلىدۇ. ئەگەر بۇ دورىلارغا گىل ئەرمىنى، ئاقاقىيا، موزا، رامەك قوشۇلسا ياخشىراق بولىدۇ. قۇرسى كەھرىۋا ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ياردىن يىرىڭ چىقسا، ئالدى بىلەن بالىياتقۇغا گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى، شېكەر سۈيى ياكى ھەسەل سۈيى ماڭغۇزۇلىدۇ ۋە مەلھىمى باسلىقۇن گۈل يېغى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ماددا ئۆتكۈر يېگۈچى ماددا بولسا، ئارپا سۈيىنى ھۆقنە قىلىش مۇناسىپتۇر. ھەببۇلئاس، ئانارگۈل، يۇلغۇن مېۋىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك قابىز دورىلارنى سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن پەرزىجە قىلىنىدۇ ياكى ماڭغۇزۇلىدۇ. بالىياتقۇ گۆشخور يارىسى بىمارنى كۆپىنچە ئىككى، ئۈچ كۈندە ھالاك قىلىدۇ. ئەگەر بىمار ھايات قالسا، مۇتلەق گۆشخور يارىنى داۋالىغاندەك داۋالىنىدۇ. ئەگەر يارا بىلەن قاتتىق ئاغرىش بولسا، يېڭى ئاق لەيلى ئۇرۇقى ۋە بەقلى يەمەنىنى ھەسەل سۈيىدە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ سۈتى ياكى ئىلمان سۇ بىلەن گۈل يېغى ماڭغۇزۇلىدۇ. بالىياتقۇ يارىسى ۋە بالىياتقۇ جاراھىتىگە ئىشلىتىلىدىغان بەزى مۇرەككەپ دورىلار ۋە قابىز شىياق، قابىز ھۆقنە، قابىز پەرزىجە ئىشلىتىلىدۇ. ئىسپىغۇل لۇئابى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گرام، گۈل يېغىدىن 12 گرام، ئاقاقىيا، ئانارگۈل،

كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى، كۆيدۈرۈلگەن قەغەز، كۆيدۈرۈلگەن توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلى، كۆيدۈرۈلگەن كونا فۇپەل، خۇنسىياۋشانىنىڭ ھەربىرىدىن 3.5 گىرام ئېلىپ، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى ۋە يۇلغۇن سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىلمان قىلىپ ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئاق لەيلىگۈلدىن ئۈچ گىرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن 10 دانە ئېلىپ، ئەرقى شوخلىدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، تۇخۇمى كاكىنەج شىرىسىدىن تۆت، گىرام شەربىتى خەشخاشتىن 24 گىرام، رەيھاندىن تۆت گىرام، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى شىرىسىدىن تۆت گىرام قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئەگەر بالياتقۇ جاراھىتىدىن يىرىڭ ئېقىپ تۇرسا ئوغرىتىكەن، قوغۇن ئۇرۇقى، سۆئىلەپ، ئاق تۇدەرىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام، قىزىلگۈلدىن تۆت گىرام، قەنتتىن 18 گىرام قوشۇپ، سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم 10 گىرامدىن ئىترىفىل سەغىر، ئىترىفىل چۆپچىن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

# باللياتقۇ مۇدۇرى

باللياتقۇ ئىچكى قىسمىدا، بولۇپمۇ باللياتقۇ ئېغىزىدا پەيدا بولىدىغان كىچىك مۇدۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

باللياتقۇ ئىششىقىنىڭ مۇدۇرغا ئۆزگىرىشىدىن، ئۆتكۈر سەپرا ماددىسىدىن، تازىلىقىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## باللياتقۇ ئىششىقى سەۋەبىدىن بولغان باللياتقۇ مۇدۇرى



ئالامىتى

قورساقنىڭ تۆۋەنكى قىسمى سانجىپ ئاغرىش، ئىششىش، ئېغىرلىق بولۇش، قىزىپ تىترەش كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك ماددىسىغا قارىتا مۇنزىج، مۇسهىل بېرىپ بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن كېسەللىك ماددىسىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن شۇمشا ئۇرۇقى لوئابى، زىغىر ئۇرۇقى شىرىسى ئىلمان ھالەتتە باللياتقۇغا ھوقنە قىلىنىدۇ. يەنە بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە، بۇغداي يارمىسى، ئەنجۈر قاتارلىقلارنى كالا سۈتى بىلەن پىشۇرۇپ دوۋسۇنغا زىمات قىلىنىدۇ. مۇدۇرلارنى ئېغىز ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئەنجۈر بىلەن كەپتەر تاشلىقى زىمات قىلىنىدۇ ياكى سېرىق ئەنجۈردىن 10 دانە، بىدانجىر ئۇرۇقى مېغىزىدىن 18 گىرام ئېلىپ، بىر پىيالە سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا قىچا تالقىنىدىن 18 گىرام، گۈل يېغى ۋە بابۇنە يېغىدىن 12 گىرامدىن

ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ، لۆڭگىگە سۈۋاپ دوۋسۇنغا چاپلاپ قويۇلىدۇ. بىر كېچە- كۈندۈزدە ئۈچ ۋاق ئىشلىتىلىدۇ. مۇدۇرلار ئېغىز ئالغاندىن كېيىن مائۇلئەسەل ھۆقنە قىلىنىدۇ.

## ئۆتكۈر سەپرا ماددىسىدىن بولغان بالىياتقۇ مۇدۇرى

ئالامىتى

ئاغرىيدۇ، ئېچىشىدۇ، قىچىشىدۇ، بەزىدە قىزىتما قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

داۋاسى

ماددىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلاردىن سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە شەربىتى نارەنجى ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئارپا ئېشى يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە سوغۇق سۇ بىلەن سىركەنجۇبىل بېرىلىدۇ. سەپرا خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ ماددا پىشقاندىن كېيىن مۇسھىلى بېرىلىدۇ. قىزىلگۈل، گىل، قىيمۇلىيانىڭ ھەربىرىدىن 14 گىرام، مەدەستان، شادىنەج، قەلەي ئۇپىسىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، 24 گىرام موم ۋە 72 گىرام گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر مۇدۇرلار كۆرگىلى بولمايدىغان ئورۇندا بولسا، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، گۈل يېغى ۋە ئايال كىشىنىڭ سۈتى بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قىزىلگۈلدىن 14 گىرام، سۇمبۇل تىپ، بىخسۇسنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، مۇرمەككىدىن بەش گىرام، گىل ئەرمىنىدىن 10 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن ھەمەل قىلىنىدۇ. قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ۋە دورىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## جىنسىي ئەزا تازىلىقىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن بولغان بالىياتقۇ مۇدۇرى

ئالامىتى

دەسلەپتە بالىياتقۇ قىچىشىدۇ، بىمار جىماغا قىزىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

باللىياتقۇ ئىغىزىغا ئۇششاق مۇدۇرلار پەيدا بولىدۇ. بارماقنى كىرگۈزۈپ باسقاندا ئاغرىيدۇ ھەم ئېچىشىدۇ.

داۋاسى

ئىچ كىيىم تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلىمىلىك، كاۋاۋىچىن، يەرلىك شوخلا، مامرانچىن، شاھتەررىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قاينىتىپ ئابزەن قىلىنىدۇ ياكى ئىستىنجا قىلدۇرۇلىدۇ. گۈل مېيى بىلەن مايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قىزىلگۈلدىن 14 گىرام، سۇمبۇل، بىخسۇسنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، گىل ئەرمىنىدىن 10 گىرام، مۇرمەككىدىن بەش گىرام ئېلىپ، دورىلارنىڭ ھەممىسىنى يۇمشاق ئېزىپ، بەلىلۇت ئۇزۇنلۇقىدا شامچە قىلىپ باللىياتقۇغا قويۇلىدۇ.

# بالىياتقۇ ئاقمىسى

بالىياتقۇ يارىسى ئۇزاق مەزگىل ساقايماي داۋاملاشسا بالىياتقۇ ئاقمىسى كېلىپچىقىدۇ.

**سەۋەبى**

بالىياتقۇدا يارا پەيدا بولۇش، بۇزۇق ماددىلار قايتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

## بالىياتقۇ يارىسىدىن بولغان بالىياتقۇ ئاقمىسى

**ئالامىتى**

بالىياتقۇدىن سېرىق پۇراق كېلىدۇ، يارىدىن سېرىق رەڭلىك زەرداب ئاقىدۇ، بالىياتقۇ سەرتانىغا ئوخشاش قاتتىق ئاغرىيدۇ.

**داۋاسى**

بالىياتقۇ يارىسىنى داۋالاش تەدبىرلىرىدىن تازىلىغۇچى، قۇرۇتقۇچى كۈچلۈك دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. كۇندۇر، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، سەبرە، ئانار پوستى، زەمچە، مۇرمەككى، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ رەختكە يۇقتۇرۇپ بالىياتقۇغا قويۇلىدۇ. گۈل يېغى، بىنەپشە يېغىنى شېكەر سۈيىگە قوشۇپ، بالىياتقۇدىكى يارا تازىلانغانغا قەدەر بىر نەچچە قېتىم ھوقنە قىلىنىدۇ، مەلھەمى باسلىقۇننى گۈل يېغىغا قوشۇپ يارا ياخشىلانغانغا قەدەر چاپلىنىدۇ. ئاغرىق قاتتىق بولسا ئەپيۇن بىلەن زەپەرنى ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ بالىياتقۇغا يەتكۈزۈلىدۇ. يەرلىك ئورۇن چىرىگەن بولسا ئارپا

سۈيى هۆقنە قىلىنىدۇ. بالىياتقۇدىكى ئاقمىنى تازىلاش ۋە قۇرۇتۇش ئۈچۈن مەلھىمى زەنگارنى ئىشلىتىپ، كەينىدىن گۆش ئۆندۈرگۈچى مەلھىمى جەدۋار، مەلھىمى رۇسلى ئىشلىتىلىدۇ. بالىياتقۇ بوينىدىكى يارا سەۋەبىدىن بولغان ئاقما بولسا، ھەسەل بىلەن سۈتنى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا يۇڭ ياكى پاختىنى مىلەپ بالىياتقۇ بوينىغا قويۇلىدۇ. مۇشۇكنىڭ ياكى توشقاننىڭ سۆڭىكىنى ھىلىلە پوستى، ئامىلە پوستى، بەلىلە پوستى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىدا سۇرۇپ، ئۇنىڭدا پاختىنى ھۆللەپ، ئاقما بار ئورۇنغا قويۇلىدۇ. غىدىقلىغۇچى، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## بۇزۇق ماددىلارنىڭ قايتىشىدىن بولغان بالىياتقۇ ئاقمىسى

### ئالامىتى

بۇزۇق ماددىلار بالىياتقۇ بوينى، دوۋساق، داس سۆڭىكى قاتارلىق ئەزالارنى چىرىتىپ، بۇزۇپ ئىچكىرىلەپ ماڭىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئاغرىتىدۇ، زەرداب سۇ ئاقىدۇ. ئاقمىنىڭ يېتىپ بارغان ئورنىنىڭ بالىياتقۇدا ياكى سۆڭەكتە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا پەلكۈچنى يەرلىك ئورۇنغا كىرگۈزۈپ ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر پەلكۈچنى كىرگۈزگەندە ئاغرىمىسا، بۇ، ئەزانىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە سېزىمىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

### داۋاسى

ئەگەر بەدەندە بۇزۇق ماددىلار توشۇپ قالغان بولسا قان ئېلىنىدۇ ۋە مۇسھىل بېرىپ بەدەن تازىلىنىدۇ، ئاندىن بالىياتقۇنى كۈچلەندۈرگۈچى، چىرىگەن گۆشلەرنى يېگۈچى، قايتا گۆش ئۆندۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئاقمىنى تازىلاش ۋە جاراھەت پۈتتۈرۈپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن زەرچىۋە، مەدەستاندىن ئۈچ گىرامدىن، گۈل يېغىدىن ئىككى گىرام، ئاق مومدىن بىر گىرام ئېلىپ، موم بىلەن گۈل يېغىنى بىر پىيالە سۇدا قاينىتىپ، سۈيى تۈگەپ يېغى قالغاندا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ سېلىپ، پاختىغا يۇقتۇرۇپ ئاقما بار ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇرمەككى، شور قەلەمنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، سىماب بىلەن

ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئاق مومنى ياغدا ئېرىتىپ، دورىلارنى قوشۇپ زىمات تەييارلاپ ئاقما بار ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

بىمارنىڭ ئىچىشىگە ئۈشبىدىن 36 گىرام، چۆپچىن، ئورداننىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، نىلۇپەر، گۇلبىنەپشە، گاۋزىبان، گۇلىبابۇنە، قىزىلگۈل، شاھتەررە، قەسىبۇزەرىرە، كامادەرىيۇس، يەرلىك شوخلا، ئوغرىتىكەن، ئاق، قىزىل سەندەللەرنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام، پوستى سىرىق ھېلىلە، كابۇل ھېلىلىسىنىڭ پوستى، سانا، پىنىنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام ئېلىپ، بۇلارنى ئۈچ كىلوگىرام سۇغا چىلاپ 150 گىرام ئەرەق تارتىپ، كۈندە ئىككى قېتىم، 50 گىرام ئەرەققە 40 گىرام شەربىتى ئۈشبە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەللىك، غىدىقلىغۇچى، غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئىچ كيىم تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

# بالىياتقۇ ۋە پەرجى يېرىلىش

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالىياتقۇ بوينى ياكى جىنسىي يول دىۋارى ياكى يېرىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

بەدەنگە زىيادە قۇرۇقلۇق تەسىر قىلىش، قىيىن تۇغۇت، جىمانى كۆپ قىلىش، قىزلىق پەردە بۇزۇلۇش، بالىياتقۇ ئىششىقى مۇددەتتىن بۇرۇن يېرىلىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

## زىيادە قۇرۇقلۇق تەسىردىن بولغان بالىياتقۇ ۋە پەرجى يېرىلىش

ئالامىتى

ئەگەر يېرىلىش بالىياتقۇ بويندا ياكى پەرجىدە بولسا، قاراپ تەكشۈرگەندە بىلگىلى بولىدۇ، يېرىلغان ئورۇن ھەمىشە ئاغرىيدۇ، بەزىدە يەرلىك ئورۇن قۇرۇپ تارتىشىپ بەك ئېچىشىدۇ. يېرىلىش ئېغىرراق بولغانلىرىدا ساقايغاندىن كېيىن ئېگىز - پەس، رەتسىز ساقىيىپ قالىدۇ.

داۋاسى

مەلھىمى سەپىدئاب كافۇرى ياكى مەلھىمى باسلىقۇننى ئازراق ھايۋانات يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ھەمەل قىلىنىدۇ، شۇنداقلا كالا پاچىقى يىلىكىنى بىنەپشە يېغى ۋە زۇپتى رۇمى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەمەل قىلىنىدۇ ياكى تېزەكنىڭ كۈلىنى گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەمەل قىلىنىدۇ ۋە ياكى توخۇ يېغى، ئۆردەك يېغى،

كالا پاچىقى يىلىكى، بىنەپشە يېغى، موم قاتارلىقلاردىن مەلھەم تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. لوئوقى خىيارشەنبەر، لوئوقى بادام، لوئوقى بادرەنجبويا كۈندە ئىككى قېتىم 10 گىرامدىن يېگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ ياخشىلانمىسا سېرىق ھېلىلە، قارا ھېلىلە، نىلوپەر، بىنەپشە، سەرپىستان، شاھتەررەنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام، قىزىلگۈل، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئەپتىمون، تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، خىيارشەنبەر، چىلان، تەرەنجىبىنىنىڭ ھەربىرىدىن30 گىرام، كالا سۈتىدىن 500 گىرام، سىركىدىن 250 مىللىلىتىر، قەنتتىن 250 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم بىر پىيالىدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. زىيادە قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك قۇرۇتقۇچى يېمەكلىكلەر ۋە دورا- دەرمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## قىين تۇغۇت سەۋەبىدىن بولغان بالىياتقۇ ۋە جىنسى پەرجى يېرىلىش



**ئالامىتى**

ئاغرىيدۇ ھەم قانايدۇ. بۇ ئالامەتلەر نىپاسقا ئوخشاپ كەتكەچكە دەسلەپتە بىلىش تەسكە چۈشىدۇ. بىمارنىڭ بەدەن ھارارىتى ئۆرلەيدۇ، تومۇرى تېز سالىدۇ.

پەرجى يېرىلسا ئاغرىيدۇ، بولۇپمۇ كىچىك تەرەت قىلغاندا ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن نىپاس خۇنى ئازايغاندا يېرىلغانلىقى ئېنىق بىلىنىدۇ. ئەگەر تۇغۇتتا بالىياتقۇ يېرىلسا بىمارغا قورسىقىنىڭ ئىچىدە بىرەر ئورۇن يېرىلىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ، يېرىلغاندىن كېيىن بەدەن ھارارىتى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ، يېرىلغان ئورۇن چوڭقۇر بولسا، سۈيدۈك توختىمايدۇ، بالىياتقۇ قىسقىراپ قورساق مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قورساق قاتتىقلىشىدۇ، كېسەللىك ئۆتكۈرلەشكەندە جىنسىي يولدىن كۆپ مىقداردا قان كېلىدۇ، قورساققا قان تولىدۇ، قورساق داۋاملىق ئاغرىيدۇ، قان كۆپ چىقىپ كەتسە بىمار ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كېتىدۇ.

داۋاسى

تۇغۇتتا بالىياتقۇ ياكى پەرجى يېرىلىپ، ئىختىيارسىز سۈيدۈك ئېقىشقا قارىتا خۇرۇمنىڭ كۈلى، مۇقەل، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، هۇزۇزى هىندىنىڭ هەر بىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، مەلھەمى ئەبىيەزگە ئارىلاشتۇرۇپ، چىگىتى ئايرىلغان يېڭى پاختىغا يۇقتۇرۇپ، بىر كېچە - كۈندۈزدە 20 قېتىمغىچە جەمئىي ئۈچ ئاي داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر يېرىلىش بالىياتقۇ بويىندا ياكى جىنسىي يولدا بولسا، كۆپىنچە يۇيۇلغان تۇتىيانى يۇمشاق سوقۇپ، تۇخۇم سېرىقىنى مەلھەمى ئىسپىداج بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تىلا قىلىنىدۇ. يېرىلغان ئورۇندا يارا شەكىللەنگەن بولسا، يۇمشاق سوقۇلغان مىس قاسىرىقى ياكى زاك ياكى مورىغا ئوخشاش دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر يېرىلىش كۆرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر بولسا ۋە كونىرىغان بولسا، بالىياتقۇ ئىچىگىچە يېتىپ بارىدىغان ھەممەللەر ئىشلىتىلىدۇ ۋە قابىز دورىلارنىڭ سۈيىگە يېرىلىشنى ياخشىلىغۇچى مەلھەملەرنى ئارىلاشتۇرۇپ بالىياتقۇغا ماڭغۇزۇلىدۇ. بەزىدە قابىز دورىلارنىڭ سۈلىرى هۆقنە قىلىنىدۇ، ئەگەر يېرىلىش بىلەن بىللە قېلىنلاش بولسا، مەلھەمى قەراتىسنى گۈل يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ، غىزاسىغا ئۆچكىنىڭ كاللا - پاقالچىقى، تونۇرغا يېقىلغان نان بېرىلىدۇ. تۆمۈر سايمان ۋە بەك ئېچىشتۇرىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## كۆپ جىما قىلىش ۋە قىزلىق پەردە يىرتىلىشتىن بولغان بالىياتقۇ ۋە پەرجى يېرىلىش

ئالامىتى

قاتتىق ئاغرىيدۇ، داۋاملىق قان كېلىدۇ، بولۇپمۇ پەرجىسى تار، قىزلىق پەردە تومۇرلىرى ئاجىز، جىما قىلغۇچىنىڭ زەكىرى چوڭ بولسا، ئاغرىق تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەۋرەت قىسمىنى باسقاندا، جىما قىلغاندا ئاغرىق كۈچىيىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا زەكەرگە قان يۇقۇپ چىقىدۇ ياكى قان ئاقىدۇ. بەزىدە يېرىلغان

ئورۇندا سۆگەلگە ئوخشاش پۇتكەن ئىزلار قېلىپقالىدۇ.

داۋاسى

ئەگەر قىزىلىق پەردە يىرتىلىشتىن بولغان يېرىلىش تېخىچە يېڭى بولسا موزا، شاھبەللۇت، گۈلنار، قىزىلگۈل قاتارلىقلارغا ئوخشاش قابىز دورىلار قاينىتىلغان سۇدا ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئىستىنجا قىلدۇرۇلىدۇ، گۈل يېغى بىلەن داۋاملىق ياغلىنىدۇ. ئۈزۈم ياغىچىنىڭ كۆلىنى رەختكە ئېلىپ پەرجىگە تېڭىلىدۇ ۋە پادى زەھرى ھايۋانىينى قېتىق بىلەن ئېزىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، زەيتۇن يېغىدا ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ ياكى زەيتۇن يېغىدا رەختنى ھۆللەپ پەرجىگە قويۇلىدۇ. يېرىلغان ئورۇننىڭ يارىغا ئۆزگىرىشنى چەكلەش، جىمانى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن يۇڭنى نەيچىگە يۆگەپ، ئۇنىڭغا يارا پۈتتۈرىدىغان قىرۇتى ياكى مەلھەم يۇقتۇرۇپ پەرجىگە قويۇلىدۇ. ئەگەر يېرىلغان ئورۇن يارىغا ئۆزگەرسە، يارىنى تازىلايدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە قىزىلىقى ئېلىنغانلىقتىن پەرجى يېرىلىپ مەقئەتكە تۇتىشىدۇ. بۇ ئەھۋالدا كالا پاچىقىنىڭ يىلىكى، ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى، ئاق موم قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئېرىتىپ، سۈزۈپ، ئاز مىقداردىكى سەنگى جاراھەت ۋە سوقۇلغان مەدەستان ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىق لاتىسىغا ئېلىپ تېڭىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىر ئايغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ياكى سېرىق مومدىن 36 گىرام، ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغىدىن 24 گىرام، گۈل يېغىدىن 108 گىرام، خۇنسىياۋشان، قەشقەر ئۇپىسىنىڭ ھەربىرىدىن 5. 10 گىرام، مەدەستان، كۆيدۈرۈلگەن گىل ئەرمىنىنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرام، ئىككى دانە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى ئىككى دانە ئېلىپ مەلھەم تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. جىمادىن ۋە قاتتىق ھەرىكەتتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

# بالياتقۇغا سۇ يىغىلىۋېلىش

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالياتقۇغا سۇ يىغىلىپ توختاپ قالىدۇ.

سەۋەبى

ئىستىسقانىڭ سەۋەبىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئالامىتى

بالىياتقۇغا سۇ يىغىلىشتىن بۇرۇن ھەيز توختاپ قالىدۇ ۋە قورساق كۆركىرايدۇ. ھەرىكەت قىلغاندا ۋە يول يۈرگەندە قورساقنىڭ ئاستى تەرىپىدە يۇمشاق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بەزىدە ئىستىسقانىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. كۆپىنچە بالياتقۇدىن سۇيۇق ھۆللۈك ئاقىدۇ. بەزىدە بىمارنى ھامىلدار دەپ گۇمان قىلىنىپ قالىدۇ، بەزىدە پەرجىدىن بىراقلا كۆپ سۇ ئاقىدۇ. قورساق ۋە ئەۋرەت ئەتراپى ئاغرىيدۇ.

داۋاسى

ئومۇمىي بەدەن ۋە بالياتقۇ تازىلىنىدۇ. كۈچلۈك ھەيز ماگدۇرغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ ھەمدە ماددا پىشقىچە ئابىزەن قىلىنىدۇ، بىمار ئاچ قويۇلىدۇ، چېنىقتۇرۇلىدۇ، قەي قىلدۇرۇلىدۇ، ئىھتىياج چۈشسە قان ئېلىنىدۇ. بالياتقۇنى تازىلاش ۋە بۇزۇلغان سۇدىن بولغان بالياتقۇ ئاغرىقىنى يوقىتىشتا بەرەڭگى كابۇلى، كۆپىكدەريانىڭ ھەربىرىدىن بىر ھەسسە، قۇرۇق بەھرۇزە، لاھۇر تۇزىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، ھەممىنى سوقۇپ تاسقاپ، كىچىك ئۈچ خالتىغا ئېلىپ، بىر خالتىنى بالياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئاستىغا، ئىككى

خالتا بالىياتقۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈچ كۈنگىچە قويۇلىدۇ. بالىياتقۇ سۈيىنى تارتىش ۋە لوقۇلداپ ئاغرىشنى يوقىتىش ئۈچۈن كەرەپشە، بەرەڭگى كابۇلى، قۇرۇق بەھرۇزەنىڭ ھەربىرىدىن 3.5 گىرام، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، لاھۇر تۇزىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، ھەسەلدە يۇغۇرۇپ كونا پاختىغا يۇقتۇرۇپ پەرزىجە قىلىنىدۇ. بالىياتقۇنى تازىلاش ئۈچۈن ئاق لەيلىگۈل، بابۇنە، ئىككىلىملىك، زىغىر ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، تۇرۇپ ئۇرۇقى، مۇرمەككى، كۇندۇرنىڭ ھەربىرىدىن 14 گىرام، مۇقەل، ئۇشەقنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام، توخۇ يېغىدىن 48 گىرام، تۇخۇم سېرىقىدىن ئىككى دانە، زەپەردىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، توخۇ يېغىنى ئېرىتىپ، تۇخۇم سېرىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ لاتىغا يۇقتۇرۇپ ھەمەل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاق خەربەق ھەمەل قىلىنسا سۇنى كۆپ چىقىرىپ بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەيز ماڭدۇرغۇچى شامچىلار ئىشلىتىلىدۇ، يەللىك، غىدىقلىغۇچى، غەلىز، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ۋە دورا- دەرمەكلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، قۇۋۋەتلىك غىزالارنى ئاز - ئازدىن بېرىپ ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ.

# باليياتقۇ كۆپۈش

ھەر خىل سەۋەبلەردىن باليياتقۇغا يەل يىغىلىپ تـوختاپ قىلىپ بالـيياتقۇ كۆپۈپ قالىدۇ.

سەۋەبى

ئۇرۇلۇش، يىقىلىش، قىيىن تۇغۇت، باليياتقۇ ئورنىدىن قـوزغىلـىپ كېتـىش، ھامىلە چۈشۈپ كېتىش، باليياتقۇنىڭ ماددىـسىز سوغـۇقتىن مـىزاجى بۇزۇلـۇش، غەيرىي تەبىئىي قان ۋە بەلغەم خىلتى باليياتقۇغا تەسىر قىلىش، غەيرىي تەبىئىي يەل باليياتقۇ مۇسكۇلىغا يىغىلىۋېلىش، ئوفۇنەتلەنـگەن ھەيز ۋە نـىپاس خۇنـى قاتارلىقلاردىن باليياتقۇغا يەل يىغىلىۋالىدۇ.

## ئۇرۇلۇش، يىقىلىشتىن بولغان باليياتقۇ كۆپۈش

ئالامىتى

بىمارنىڭ دوۋسىقى كۆپىدۇ، قاتتىق ئاغرىيدۇ، تـارتىشـىدۇ ھەمدە كۆپـۈش كىندىك، مەيدە، يوتىغىچە يېتىپ بېرىپ ئـىستىسقائى تەبـەلدەك ھالـەتنى پەيدا قىلىدۇ، يۆتكىلىدۇ، زەخىملەنگەن ئورۇندا زەخىم ئىزى قېپقالىدۇ. بەزىدە يىرىـڭ، بەزىدە قان ئارىلاش زەرداب سۈيۈقلۇق ئاقىدۇ.

داۋاسى

يەرلىك ئورۇندا ئۇرۇلۇش، يىقىلىشنىڭ ئاسارىتى بولسا ھەمدە زەرداب ئېقىـپ تۇرسا، ئالدى بىلەن جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئـەگەر يەرلـىك ئـورۇندا ئىششىق بولـسا، ئىششىق قايـتۇرغۇچى دورىـلار ئىچى ۋە سـىرتـىدىـن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەل يىغىلىۋالغان ئـورۇنغا ئـىسسىق ئـۆتكۈزۈلـىدۇ،

يەللىك، غىدىقلىغۇچى، غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇچارقاناتلارنىڭ شورپىسىغا پىلپىل، دارچىن سېلىپ بېرىلىدۇ.

## قىيىن تۇغۇتتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش

داۋاسى

ئارپا ياكى تېرىقنى قورۇپ، سىرتىدىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ماددەتۇلھايات، مەجۇنى سەنجىرىنا قاتارلىق دورىلار يېيىشكە بېرىلىدۇ. يەل تارقىتىش ئۈچۈن كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، ئارپىبەدىيان قاتارلىقلارنى سۇزاپ يېغى بىلەن ياكى قۇستە يېغى بىلەن قوشۇپ دوۋسۇنغا سۇركىلىدۇ ياكى پەرزىجە قىلىنىدۇ.

## بالىياتقۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش

داۋاسى

بالىياتقۇنى قىزىتىپ، بالىياتقۇنىڭ تارىمۇشلىرىنى چىڭىتىش ئۈچۈن جاۋارىش كۇمۇنى، ھەببى سالاجىت، قۇرسى كۇندۇر قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ. سىيادان، يېسىمۇقا ئوخشاش دورىلار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. سۇزاپ سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. شۇمشا ئۇرۇقى ھەسەل بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ كۆپۈش كىندىك چىقىۋېلىش بىلەن بىرگە پەيدا بولۇپ، بەزىدە يوقىلىدىغان بولسا، چىقىۋالغان ئورۇنغا سىرىقچېچەك يوپۇرمىقىنى قايىنىتىپ تېڭىلىدۇ ھەمدە پاختەكىنىڭ مايىقىنى گۈل يېغىدا ئېزىپ بالىياتقۇغا قويۇلىدۇ. زىيادە چارچاشتىن، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ۋە دورىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەل تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى، تۇتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ.

## ھامىلە چۈشۈپ كېتىشتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش

داۋاسى

بالىياتقۇنى قىزىتقۇچى، تازىلىغۇچى، بالىياتقۇ خىزمىتىنى ئەسلىگە

كەلتۈرگۈچى، يەل تارقاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئىترىفىل چۆپچىن، مائۇلئوسۇل رەھمى، مەجۇنى كەلكىلانەج قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ. بالىياتقۇدىكى يەلنى تارقىتىش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن پىننە، بەدىياننىڭ ھەربىرىدىن 1.5 گرام، تېشىلمىگەن مەرۋايىت، ئاقىرقەرھانىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گرام، زورەمبات، دۇرنەج ئەقرەبى، كەرەپشە ئۈرۈقى، ئېگىر تۈركى، جويۇز، پىلپىل، دارچىن، لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن 10.5 گرام، زەنجىۋىل، مەستىكىنىڭ ھەربىرىدىن 17.5 گرام، شېكەردىن بىر ھەسسە ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، بىر قېتىمدا 7 ~ 10 گىرامغىچە يېگۈزۈلىدۇ. كەباش ۋە قەلەمپۇر ھەمەل قىلىنىدۇ. ياۋا رەيھان قايىنتىلمىسىدا ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ. زىيادە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك، يەل پەيدا قىلغۇچى، غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، غىزالار بېرىلىدۇ.

## بالىياتقۇ مىزاجى ماددىسىز سوغۇقتىن بۇزۇلۇشتىن بولغان بالىياتقۇ كۆپۈش



**ئالامىتى**

ھامىلدار بولۇپ دەسلەپكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ھامىلە چۈشۈپ كېتىدۇ.

**داۋاسى**

يەل تارقىتىش ئۈچۈن جاۋارىش كۇمۇنى يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر مەنپەئەت قىلمىسا ئاززاق كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، بەدىيان قاتارلىقلار كونا شاراب بىلەن بېرىلىدۇ ۋە ئېپار ئېرىتىلگەن يەسەمەن يېغى ھەمەل قىلىنىدۇ. مەرزەنجۇش، ئەپسەنتىن، مرھامۇز، شىھ، تاغ پىننىسى قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسى يەسەمەن يېغى ياكى ناردىن يېغى بىلەن بالىياتقۇغا ماڭغۇزۇلىدۇ ۋە مۇشۇ خۇش پۇراق دورىلارنىڭ قايىنتىلمىسىدا ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە ھەبىي ئايارەج بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. يەللىك ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ۋە دورىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك قۇۋۋەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي قان ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان باللىياتقۇ كۆپۈش

داۋاسى

بەلغەمنىڭ مۇسھىلى ۋە ھەببى ئايارەج بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ، جاۋارىش كۇمۇنى يېگۈزۈلىدۇ. يەل تارقىتىش ئۈچۈن بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سىرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، مەستىكى، پىننە، سۇزاپ، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، بەرەنجاسىپ، زىرە، جۇۋىنە قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلار ھۆقنە قىلىنىدۇ. بەدىيان، تاغ زىرىسىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، 24 گىرام گۈلقەنت سېلىپ بېرىلىدۇ، قەۋزىيەت بولسا سانائى مەككىدىن ئالتە گىرام قوشۇلىدۇ. ئەگەر باللىياتقۇ كۆپۈشتىن قورساق بەك چوڭىيىپ كەتسە، جاۋارىش كۇمۇنىدىن ئالتە گىرام، بەدىيان شىرىسىدىن تۆت گىرام، ئەرقى شوخلىدىن 120 گىرام، گۈلقەنتتىن 24 گىرام بېرىلىدۇ. بابۇنە يېغى ئىلمان قىلىپ سۇركىلىدۇ. بىقىن ۋە قورساق تولغاپ ئاغرىسا، ئاق لەيلى يىلتىزى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام ئېلىپ، 144 گىرام ئەرقى شوخلىدا قاينىتىپ، ئىككى خىل تەرخەمەك شىرىسىدىن ئالتە گىرامدىن، بىنەپشە شەربىتىدىن 24 گىرام قوشۇپ بېرىلىدۇ. يەنە باللىياتقۇ ۋە قورساق ئاغرىسا، كاسنە ئۇرۇقى، ئىتئۈزۈمىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، سۇزاپ يوپۇرمىقىدىن تۆت گىرام، ئاق لەيلىگۈلدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، 12 گىرام ئابدىملىك يېغى بىلەن بېرىلىدۇ. ئاغرىغان ئورۇنغا پۇنۇسى خىيارشەنبەر ۋە گۈل يېغى زىمات قىلىنىدۇ. زىيادە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يەل پەيدا قىلغۇچى غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## يەللەرنىڭ باللىياتقۇ مۇسكۇللىرىغا يىغىلىۋېلىشىدىن بولغان باللىياتقۇ كۆپۈش

ئالامىتى

قورساق كۆپىدۇ، تارتىشىپ ئاغرىيدۇ، كىندىك ئاستىنى باسسا كورىكرايدۇ،

جىما قىلغاندا جىنسىي يولدىن ئاۋازلىق يەل چىقىدۇ، بىمار ھامىلىدار بولالمايدۇ.

داۋاسى

بەلغەم مۇسھىلى ۋە ھەببى ئايارەج بىلەن ئومۇمىي بەدەن تازىلىنىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، مەستىكى، پىننە، سۇزاپ، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەديان، بەرەنجاسىپ، زىرە، جۇۋنە قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك يەل تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ، سۇزاپ سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت گىرام قۇرسى گۇل سەغىرنى سوقۇپ، 12 گىرام كەلكىلانەج بۇزۇرى بىلەن يۇغۇرۇپ، 120 گىرام ئەرقى شوخلىدا چىقىرىلغان تۆت گىرام ئىتئۇزۇمى شىرىسى، تۆت گىرام بەديان شىرىسى، 24 گىرام شەربىتى بۇزۇرى قوشۇپ بېرىلىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك، غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.



## ئوفۇنەتلەنگەن ھەيز ۋە نىپاس خۇنىدىن بولغان باليىاتقۇ كۆپۈش

ئالامىتى

بەل ۋە قورساق قاتتىق ئاغرىيدۇ، قورساق كۆپىدۇ، ئاغرىق يۆتكىلىدۇ.

داۋاسى

ھەيز ۋە نىپاس خۇنى توختاپ قېلىش بايانىدا سۆزلەنگەن دورىلار ۋە يەل تارقاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. سىرتىدىن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئارپا ياكى كېپەكنى قورۇپ سىرتىدىن تېڭىلىدۇ. ئاغرىغان ئورۇنغا پۇنۇسى خىيارشەنبەر ۋە گۇل يېغى زىمات قىلىنىدۇ. يەنە ئاق لەيلى ئۇرۇقى، رۇمبەديان، بەديان، ئۆشنە،

سازەج قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسى شېكەر بىلەن بېرىلىدۇ. بەدىيان، رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، سۇزاپ، يالپۇز قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، شىياق تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك، ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر ۋە دورىلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، سۈت پەيدا قىلغۇچى ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

# بالياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش

مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالياتقۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئورنىدىن بىر تەرەپكە سىلجىپ، شۇ تەرەپتە بەكرەك ئاغرىق پەيدا بولىدۇ.

**سەۋەبى**

بالياتقۇنىڭ بىر تەرىپىنىڭ قېتىپ، قېلىنلاپ ۋە قورۇلۇپ قېلىشى ياكى تومۇرلىرىنىڭ تولۇپ قېلىشى ۋە ياكى قويۇق چاپلاشتۇرغۇچى ھۆللۈك قاتارلىق سەۋەبلەردىن بۇ خىل كېسەللىك كېلىپچىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش، تارتىش، قاتتىق سەكرەش ۋە يىقىلىش قاتارلىقلار بالياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

**ئالامىتى**

بىمارنىڭ داس بوشلۇقى، بەل، يوتا قىسىملىرىدا ئېغىرلىق بولىدۇ، ئاغرىيدۇ، ئاغرىق ھەرىكەت قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ، تۇتۇپ تەكشۈرگەندە بالياتقۇ مايماق بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بالياتقۇ ئالدى تەرەپكە مايماق كەتكەن بولسا، سىيەلمەيدۇ ياكى قىيىنلىپ سىيىدۇ. ئەگەر بالياتقۇ ئارقا تەرەپكە مايماق كەتكەن بولسا، قەۋزىيەت بولۇش بىلەن بىرگە قورساق ئاغرىيدۇ ھەمدە جىما قىلغاندا بالياتقۇ ئاغرىيدۇ، ھەيز قېنى ئازىيىدۇ ياكى توختاپ قالىدۇ. بەزىدە قانلىق تولغاق كۆرۈلىدۇ، چوڭ تەرەت كەلمەيدۇ، بالياتقۇ ئىششىيدۇ.

**داۋاسى**

كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

## بالىياتقۇ قېتىپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش

داۋاسى

دەسلەپدە بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى يار بەرسە، باسلىق تومۇر، سافىن تومۇرلاردىن ياكى مابەز تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ھەمدە گاۋزىبان، بادرەنجبۇيا، ئۇستىقۇددۇس، پەرسىياۋشان، گۈلبىنەپشە، سەرپىستان، تۇخۇمى كاسىنە، بالەنگو، شوخلا، تۇخۇمى رەيھاننىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، ئەنجۈر مونىكىدىن 30 گىرام، بىخسۇس، بەدىياننىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم 50 گىرامغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مۇشۇ بويىچە داۋالاپ توققۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ نۇسخىغا 30 گىرام خىيارشەنبەر، 30 گىرام تەرەنجىبىن، 15 گىرام سانا، ئالتە گىرام بادام يېغى قوشۇپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ بەدەن تازىلىنىدۇ ياكى مەلھەمى داخلىيۇن ئىشلىتىلىدۇ. موم، ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى، مۇقەلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئاق لەيلىگۈل، زىغىرنىڭ ھەربىرىدىن 60 گىرام، پۈنۈستىن 15 گىرام ئېلىپ، خېمىر قىلىپ بالىياتقۇغا ھەمەل قىلىنىدۇ.

مەرزەنجۇش، بېدە ئۇرۇقى، ئۇبھەل، يەرلىك شوخلا، پەرسىياۋشان، مىشكى تارامۇشكى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، تۇخۇمى ھەليۇن، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، ئاق لەيلىگۈل، ماش، قىزىلگۈل، سېرىقچېچەكنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇدا قايناتىپ، سۇيىدە بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن ئومۇمىي بەدەننى تازىلاش ئۈچۈن ھەببى ئەپتىمۇن ياكى مائۇلجەبىن ۋە سۇفۇپى لاجۇۋەرد ئىشلىتىلىدۇ.

## بالىياتقۇ قېلىنلاپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش

داۋاسى

يۇمشاتقۇچى ھۆقنىلەر، ھەمەللار ۋە ھۆل ئىسسىق يۇمشاتقۇچى ياغلار بىلەن

تەييارلانغان سۈركەلمىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ھۆللەشتۈرگۈچى ئابزىنىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

## بالىياتقۇ قۇرۇپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش

داۋاسى

10 گرام بادام يېغىغا 10 گرام لوبوبى مۆتىدىل كۈندە ئىككى قېتىم قوشۇپ بېرىلىدۇ. خېمىرى گاۋزىبان، خېمىرى خەشخاش كۈندە ئىككى قېتىم ئالتە گرامدىن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۈيقۇسى كەم بولسا، بەش كىلوگرام كالا سۈتىنى ئەرەق قازىنىغا قۇيۇپ 1.5 كىلوگرام ئەرەق ئېلىپ، كۈندە ئىككى قېتىم 40 گرامدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قۇرۇقلۇقنى يوقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. غىزاسىغا پاقلان گۆشى ۋە سۈت بېرىلىدۇ.



## تومۇرلار تولۇپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش

داۋاسى

مايماق بولغان تەرەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ.

## قويۇق چاپلاشتۇرغۇچى ھۆللۈكتىن بولغان بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش

داۋاسى

ئالدى بىلەن بەلغەمنىڭ مۇنزىج، مۇسھىللىرىنى بېرىپ بەدەن تازىلىنىدۇ، تازىلىغۇچى ھەمەللار ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ئىپار، ئەنبەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خۇش پۇراق دورىلار بالىياتقۇغا قويۇلىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ مايماق بولۇشىنىڭ سەۋەبى

يوقىلىپ مايماقلىق قېپقالسا، ئايال تېۋىپنىڭ بارمىقىغا قىرۇتى ياكى ئۆردەك يېغى ياكى توخۇ يېغىنى يۇقتۇرۇپ بالىياتقۇنى رۇسلاشقا بۇيرۇلىدۇ. قانىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق ئالامەتلىرى تېپىلسا، مايماق بولغان تەرەپتىكى سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە ئىككى پاچاققا ھىجامەت قويۇلىدۇ. مۇناسىپ بولغان ھۆقنە ۋە زىماتلار ئېھتىياجغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قانلىق تولغاقنى داۋالاشقا مەشغۇللۇق قىلىنىدۇ ۋە بالىياتقۇنى كۈچەيتىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

بىمارنى داۋالاش جەريانىدا زىيادە غىدىقلىغۇچى، يەل پەيدا قىلغۇچى، چۈشكۈرتكۈچى يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، سىڭىشلىك تائاملار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. ئېغىر جىسمانىي ھەرىكەت ۋە جىمادىن چەكلىنىدۇ.

# بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈپ قېلىش

بالىياتقۇ سىرتقا تولۇق چىقىپ قالىدۇ ياكى ئاستىغا چۈشۈۋالىدۇ، بەزىدە بالىياتقۇ سىرتقا ئۆرۈلۈپ قالغانلىقتىن جىنسىي يول كۆرۈنمەيدۇ.

سەۋەبى

1. تاشقى سەۋەب: سىرتتىن كەلگەن ھەر خىل زەربە، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك، قاتتىق ۋارقىراش، قورقۇش ۋە چۈشكۈرۈش قاتارلىقلار.

2. ئىچكى سەۋەب: بەلغەم ھۆللۈكى بالىياتقۇ تارىمۇشلىرىغا قۇيۇلۇپ، ئۇنى بوشاشتۇرۇۋەتكەچكە بالىياتقۇ تېيىلىپ كېتىدۇ. بۇ خىل بالىياتقۇ ئۆرۈلۈپ قېلىش ياشانغان، ھۆللۈكى ئارتىپ كەتكەن ئاياللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بالىياتقۇ يارىسى سەۋەبىدىنمۇ بالىياتقۇ تارىمۇشلىرى چىرىپ بالىياتقۇ ئاستىغا چۈشۈۋالىدۇ.

3. قىيىن تۇغۇت، بالا ھەمراھىنى ياكى ئۆلۈك ھامىلىنى كۈچەپ تارتىش، ھامىلە تۇيۇقسىز چۈشۈپ كېتىش، ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئومۇرتقا چىقىپ كېتىش سەۋەبىدىنمۇ بۇ خىل كېسەللىك كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

دوۋساق، مەقئەت، بەل، ئولتۇرغۇچ سۆڭەك ۋە ئېغىزمان قاتارلىقلار قاتتىق ئاغرىش بىلەن بىرگە قىزىتما بولىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا چوڭ- كىچىك تەرەت توختاپ قالىدۇ. بەزىدە كۆزاز، رەئشە ۋە سەۋەبسىز قورقۇش كېلىپچىقىدۇ. دوۋساققا يۇمىلاق بىر نەرسە، سۈيدۈك يولىغا يۇمشاق بىر نەرسە چىقىپ قالغاندەك سېزىلىدۇ، بولۇپمۇ بالىياتقۇ تولۇق تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالسا، بۇ ئالامەتلەر تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىلگىرىدىكى سەۋەبلەردىن بىرەر سەۋەب بولغان بولىدۇ. بىمارنىڭ چىرايى سارغىيىدۇ، تومۇرى ئاجىز سوقىدۇ، تەستە نەپەسلىنىدۇ، كۆڭلى ئىلىشىدۇ. چاپلاشقاق تەرلەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىمار

كۆپىنچە ئۆلۈپ كېتىدۇ. كېسەللىك مەيلى قايسى سەۋەبتىن بولسۇن، ئالدى بىلەن يەسمەن يېغى ياكى گۈل يېغىغا ئازراق زەپەر يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئاز مىقداردا غالىيەنى ئېرىتىپ، ئىلمان ھالەتتە بالىياتقۇغا بىرنەچچە تامچە تېمىتىلىدۇ ياكى بالىياتقۇنىڭ ئۆرۈلگەن ئورنىغا مۇناسىپ ياغلار سۈركىلىدۇ. تۇغۇت ئانىسى يۇمشاق يۇڭدىن پەرزىجە تەييارلاپ، ئاقاقىيا، مۇرمەككى، كۇندۇر، لادەن، ئانار گۈلى، ئاس يوپۇرمىقى، قىزىلگۈل، ئاقلانغان يېسسىموۇق، كۆك موزا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، موزا شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ پەرزىجىگە يۇقتۇرۇپ، ئاس يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن ئوبدان ياغلاپ، بالىياتقۇنى ئۆز ئورنىغا قايتقانغا قەدەر تەدرىجىي ئىتتىرىدۇ ھەم مۇشۇ ھالەتتە ئايالنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ، ساغرىسى ۋە يوتىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىككى پۇتى ئېچىپ قويۇلىدۇ. بالىياتقۇ ئۆز ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن ئانار پوستى، يۇلغۇن مېۋىسى، ئانارگۈل، مەغىلان دەرىخى پوستى قاتارلىقلارغا ئوخشاش قابىز دورىلار ئەۋرەت ساھەسى ۋە پەرجى ئەتراپىغا زىمات قىلىنىدۇ ۋە نۇتۇل قىلىنىدۇ ھەمدە زىغىر رەختتىن قىلىنغان بىر نەچچە قات تېڭىق لاتىسىنى ۋە ياكى پاختىنى پەرجىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تېڭىق لاتىسى بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئىككى كۈنگىچە مۇشۇ ھالەتتە ياتقۇزۇلىدۇ. ئەگەر غىزادىن توختىسا ياخشىراق بولىدۇ. غىزا بېرىشكە توغرا كەلسە، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقىغا ئوخشاش يەڭگىل، ئاسان سىڭىدىغان يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ، ئۈچىنچى كۈنى تېڭىقنى يېشىپ ئېلىپ، ناھايىتى يەڭگىللىك بىلەن پەرزىجە تارتىۋېلىنىدۇ ۋە قائىدە بويىچە يەنە بىر پەرزىجە قويۇلىدۇ، بالىياتقۇنىڭ قايتا چىقىۋالماسلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇسۇل ئىككى كۈندە بىر قوللىنىلىدۇ ۋە بىمار بىر ھەپتىگىچە قەتئىي ماڭغۇزۇلمايدۇ. بەزىدە ياستۇققا يۆلەندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. زۆرۈر ئېھتىياج بولمىسا تېڭىق يېشىلمەيدۇ، ئۆتكۈر نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، ئىككى ئايغىچە قەتئىي جىما قىلىنمايدۇ.

## سىرتقى سەۋەبلەردىن بولغان بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈش

داۋاسى

مۇناسىپ بولغان پەرزىجە، ھۆقنىلەر ۋە زىماتلار بىلەن داۋالىنىدۇ، مۇسھىل

دورىلارغا ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ تولۇق ئۆرۈلۈپ قالغان بولسا، داۋالاش مەنپەئەت قىلمايدۇ. بىمارنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئەندىشە قىلماي دەستىكار ئارقىلىق بالىياتقۇ ئېلىۋېتىلىدۇ.

مەيلى ئىچكى سەۋەبتىن بولسۇن ياكى سىرتقى سەۋەبتىن بولسۇن ياكى بىرەر ئۇمۇرتقا چىقىپ كېتىشتىن بولسۇن بۇلار داۋالاشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر كېسەللىك يېڭى، بىمار ياش بولسا، داۋالاشنى قوبۇل قىلىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ھۆقنە قىلىش ئارقىلىق چوڭ تەرەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن سۈيدۈك ماڭغۇزۇلىدۇ ھەمدە كىندىك ئاستى ۋە بەلگە ھىجامەت قويۇپ تارتىلىدۇ. مۇناسىپ قابىز دورىلار بىلەن تەييارلانغان چاپلىمىلار ئىشلىتىلىدۇ. تۇزلۇق، چۈشكۈرتىدىغان ۋە يۆتەل پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇلىدۇ. ھەرىكەت قىلماي ئارام ئېلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

## تۇغۇت سەۋەبىدىن بولغان بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈش



### داۋاسى

بىمارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە كېسەللىكنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ئاساسەن ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەردىن بولغان بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن مۇناسىپ داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

ھەر خىل سەۋەبتىن كېلىپچىققان بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈشكە، بولۇپمۇ يىقىلىش سەۋەبىدىن بولغان بالىياتقۇ تەتۈر ئۆرۈلۈشكە بىر خالتا تەييارلاپ، ئۇنىڭغا قارىغاي يېغىنىڭ پىسپىنى توشقۇزۇپ پەرجىگە قويۇپ، ئالدى بىلەن مەزكۇر ياغ، ئۇنىڭدىن كېيىن گۈل يېغى بەل ۋە دوۋسۇنغا سۈركىلىدۇ. يۈرەكنىڭ ياقۇت تەركىبلىك دورىلىرى، داۋائىلمىسكى، گاۋزىبان شەربىتى، قۇرسى ئەنبەر ۋە شۇلارغا ئوخشاش دورىلار بېرىلىدۇ.

# بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش

بالىياتقۇدىكى بۇخاراتلار مېڭىگە ئۆرلەپ، نەپەس تەبىئىي ھالەتتىن ئۆزگىرىپ، خەفەقان پەيدا بولۇپ ھوشىدىن كېتىشتۇر.

سەۋەبى

ھەرقانداق خىلتنىڭ غەلىبە قىلىشى، ھەيزنىڭ توختاپ قېلىشى، مەنىينىڭ ئۆز قاچىلىرىدا تۇرۇپ قېلىشى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

كېسەللىك تۇتۇش ۋاقتى يېقىنلاشسا، بىمارنىڭ ئەقلى ئېلىشىدۇ، قۇلىقى غۇڭۇلدايدۇ، بېشى ئاغرىيدۇ ۋە قايىدۇ، كۆزى قاراڭغۇلىشىدۇ، كىندىك ئاستى ئاغرىيدۇ، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەيدۇ، نەپىسى قىيىنلىشىدۇ، يۈرىكى سالىدۇ، بىئارام بولىدۇ، پۇت- قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىدۇ، چىرايى سارغىيىدۇ، چىشلىرى غۇچۇرلايدۇ، ئاۋازى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ، بەزىدە يۇمۇلۇپ ئېچىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھوشسىزلىنىدۇ ۋە ھېس، ھەرىكەتتى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك تۇتقاندا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى پۇراتماي، بەلكى قۇندۇز قەھرى، سامساق، پىياز، ھىڭ قاتارلىقلارغا ئوخشاش سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ. پۇت - قول باغلىنىدۇ ۋە كۈچلۈك ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ. پاچاققا ۋە يوتىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە مۇشۇ دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۈنلۈك توۋلاپ مىدىرلىتىلىدۇ ھەمدە ئايال تېۋىپ بارمىقىغا غالىيە ياكى زەپەر

54

يېغى سۈركەپ بالىياتقۇنى غىدىقلاشقا بۇيرۇلىدۇ. سۇمبۇل تىپ، قىلىن دارچىن، سەئدى كۇفى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ كىنىدىك ئاستىغا زىمات قىلىنىدۇ. بىمار هوشىغا كەلگەندە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئايارەجلەر بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەجۇنى نۇجاھ بېرىلىدۇ، مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ ھەم كىبرىت سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئۈچ گىرام غارىقۇننى داۋائىلمىشكى ياكى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش

**ئالامىتى**

قان خىلتىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

قان ئېلىنىدۇ ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى دورىلار بېرىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش

**ئالامىتى**

سەپرا خىلتى غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئەگەشمە كېسەللىكلەر ئۆتكۈر بولىدۇ.

**داۋاسى**

سەپرانىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ. بىمار هوشىغا كەلگەندە باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە پاچاقنى تىلىپ ھىجامەت قويۇلىدۇ، مەتبۇخى ئەفتىمۇن بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، قورساق توق ۋاقىتتا سىرىقچېچەك قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش

**ئالامىتى**

بەلغەم غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئەگەشمە كېسەللىكلەر

ئۆتكۈر قوزغالمايدۇ. ئۇيقۇ، ئۇنتۇغاقلىق كۆپ بولىدۇ. كۆزى ۋە ئېغىزى يۇمۇلىدۇ، ئازراق تەرلەيدۇ، بەلغەم قەي قىلسا راھەتلىنىدۇ.

داۋاسى

بەلغەمنىڭ مۇنزىجى، مۇسھىلى بىلەن غەيرىي تەبىئىي بەلغەم بەدەندىن تازىلىنىدۇ، قەي قىلدۇرۇلىدۇ، ئۈچ گىرام ياكى 5. 0 گىرام غارىقۇن داۋائىلمىشكى بىلەن ياكى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش

ئالامىتى

غەيرىي تەبىئىي سەۋدانىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

سەۋدانىڭ مۇنزىجى، مۇسھىلى، ھەببى ئەپتىمۇن ۋە مائۇلجەبىن بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەجۇنى نۇجاھ يېگۈزۈلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالاردىن، مېۋىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## ھەيز توختاپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش

داۋاسى

سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ھەيزنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە پىرسىياۋشان، تاغ زىرىسى، بەدىيان، سۇزاپ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 5. 10 گىرام، ئاق شېكەردىن 35 گىرام ئېلىپ، جۇلاپ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

# مەنىي ئۆز قاچىلىرىدا توختاپ قېلىشتىن بولغان بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش

داۋاسى

بىمار ياتلىق بولمىغان بولسا ياتلىق قىلىنىدۇ ۋە رومبەدىيان، سۆزاپ ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى، ھەببۇلغار قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىپ، بالىياتقۇ ساھەسى ۋە يوتىغا زىمات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇندۇز قەھرى، سوقۇلغان قارىمۇچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش قويۇق خىلىتلارنى پارچىلايدىغان دورىلار يۈرگۈزۈلىدۇ.

بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش ھامىلدار ئاياللاردا كۆرۈلسە قان ئىلىنمايدۇ، سۈرگە بېرىلمەيدۇ. ھارارەت بولمىسا گۈلسەۋسەن يېغى، بىلسان يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن داۋالاش كۆپايە قىلىدۇ. تۇغۇش ۋاقتى يېقىنلاشقان بولسا ئىلاج قىلىنمايدۇ، تۇغقاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. تۇغۇش ۋاقتىدىن بۇرۇنراق كۆرۈلسە، غىزا لەتىفلەشتۈرۈلىدۇ ۋە گۈلقەنت بېرىلىدۇ. بالىياتقۇ بوينى بوغۇلۇش بىلەن بىرگە قەۋزىيەت بولسا، سانا ۋە قارا شېكەر بىلەن چوڭ تەرەت يۇمشىتىلىدۇ، ئۇچەيىنىڭ بالىياتقۇنى باسماسلىقى ئۈچۈن زىرە، سۆزاپقا ئوخشاش چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدىغان، يەل تارقىتىدىغان دورىلار بىلەن قايىنتىلغان ھۆقنىلەر ئىشلىتىلىدۇ. توغرىغۇ ۋە زىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، قائىدە بويىچە پەرزىجە قىلىنىدۇ.

# ھەيز كەلمەسلىك

ھەيز پەقەت كەلمەسلىكنى ياكى نورمالدىن ئاز كېلىشنى ياكى ئىككى ھەيز ئارىلىقى ئىككى ئايدىن ئېشىپ كېتىشنى ۋە 18 ياشقىچە ھەيز كەلمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. تۇنجى ھەيز 10 ~ 14 ياشلاردا كېلىدۇ. 36 ~ 40 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا توختايدۇ. ھەيز قېنى 3 ~ 7 كۈنگىچە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كەم ياكى ئارتۇق كەلسە نورمالسىز بولىدۇ.

سەۋەبى

قان ئازلىق، سوزۇلما كېسەللىك، قان قويۇلۇش، بالىياتقۇ ئىششىقى، قىزلىق پەردە پۈتەي بولۇش، جىنسىي يول پۈتەي بولۇش، بالىياتقۇ تومۇرلىرىدا توسۇلۇش پەيدا بولۇش، بالىياتقۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىش، بالىياتقۇ ۋە تۇخۇمدانىنىڭ خىزمىتى تۇغما يېتەرسىز بولۇش، كۆپ جىما قىلىش، ھەيز مەزگىلىدە يامغۇردا قېلىش، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش، قۇرۇق سوغۇقلۇق ئېشىپ كېتىش، سوغۇق، ئىسسىقلىقنىڭ ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ بالىياتقۇ، تۇخۇمدانغا تەسىر قىلىشىدىن ئۇلارنىڭ خىزمىتى بۇزۇلۇش، روھىي ئامىللار، بەدەنگە قۇرۇقلۇق يېتىش، بەدەندە مايىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قان تومۇرلار تارىيىپ قېلىش، بالىياتقۇغا زەربە تېگىش قاتارلىقلاردىن ھەيز كېلەلمەيدۇ.

ئالامىتى

ئەگەر ھەيز كەلمەسلىك كەم قانلىقتىن بولسا، بىمارنىڭ رەڭگى تۇتۇق، ئومۇمىي بەدىنى ئاجىز، كەيپىياتى سۇس بولىدۇ، ئازراق ھەرىكەت قىلسا يۈرىكى تىترەيدۇ. جىگەر ئاجىز، بەدىنى ئورۇق بولىدۇ.

داۋاسى

بىمار ھاۋالىق جايلاردا تۇرغۇزۇلىدۇ، باغچىلاردا سەيلە قىلدۇرۇلىدۇ، غەم-ئەندىشىدىن خالىي قىلىنىدۇ، قان پەيدا قىلغۇچى غىزا ۋە دورىلار، زۆرۈرىيەت بولسا ھەيز ماڭدۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. قان كۆپەيتىش ئۈچۈن پولات كۇشتىسىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، كۈندە ئۈچ قېتىم بىر قوشۇقتىن قايماققا قوشۇپ بېرىلىدۇ ھەم مەجۇنى خۇبسۇلھەدىد تەييارلاپ بېرىلىدۇ ھەمدە سەبرە، پولات كۇشتىسى، مۇرمەككىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، ھىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، خېمىر قىلىپ ھەب تەييارلاپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم 11 دانىدىن ئېلىپ ئەرقى بەديان قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئەگەر ھەيز توختاپ قېلىش قان قويۇقلىشىپ، قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ قالغاندىن بولسا، تومۇرلار قان بىلەن تولۇپ بەدەن رەڭگى كۆك كۆرۈنىدۇ. تومۇر ئاجىز سالىدۇ، ئۇيقۇ كۆپ بولىدۇ، ھەزىم ئاجىزلايدۇ.

داۋاسى

قانىدىكى قويۇق ماددىلار قان تومۇرلارنى توسۇۋالغانلىقتىن بولسا، تومۇرلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇلار تازىلىنىدۇ. قان ماددىسى قان تومۇر ئېغىزىنى توسۇپ قويغانلىقتىن بولسا، ئەپتىمۇن، بىستىپايەج، ئەنجۇدان، سانا، ھېلىلە زەرد، بەديان، تۇخۇمى كەرەپشە، بادرەنجبۇيا، ئۇستۇقۇددۇس، شاھتەررە، سەرپىستان، بىنەپشە، چىلان، ئەينۇلا، گاۋزىبان ھىندى، ئەنجۈر مونىكى، خۇنسياۋشان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىخسۇس، نىلۇپەر، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تەمرىھىندىنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، خىيارشەنبەر، تەرەنجبىننىڭ ھەربىرىدىن 45 گىرام، قارا شېكەردىن 120 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم 60 گىرامدىن بېرىلىدۇ.

ئەگەر قويۇق بەلغەم ماددىسىنىڭ قان تومۇر ئېغىزىنى توسقانلىقىدىن بولسا، بىخ بەديان، بىخ كەرەپشە، بىخ كەبىر، جۇۋىنە، زىرە، بىخسۇس، قۇرۇق ئۈزۈم، ئىزخىر، ئوغرىتىكەن، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، شېكەردىن 300 گىرام ئېلىپ قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، 50 ~ 60

گىرامغىچە ھەببى ئايارەج ياكى 10 گىرامدىن ئايارەج لوغانزىيا، بايادىيتۇس قوشۇپ بېرىلىدۇ ياكى شەربىتى بۇزۇرى ھار ھەم ئىسسىق تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. زۆرۈرىيەت بولسا سافىن تومۇر، مابەز تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە لەتىفلەشتۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ.

## قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېتىلىشتىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك

### ئالامىتى

بەدەن ئاجىز، قۇرغاق ۋە ئورۇق بولىدۇ. بالىياتقۇ ۋە جىنسىي يولدا قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ. تومۇر ئىنچىكە، تېز سالىدۇ.

### داۋاسى

ھۆللەشتۈرگۈچى دورىلاردىن مائۇلجەبىن ۋە سۈت ئەرقى ئەڭ ياخشى ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. شىرخىست، سۇماق، ناۋات، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، ئىككى خىل تەرخەمەك مېغىزى، بەدىيان قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ھەسەل ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن پەرزىجە تەييارلاپ، جىنسىي يولغا بىرنەچچە كۈن قويۇلىدۇ.

## سېمىزلىكتىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك

### داۋاسى

ئورۇقلىتىلىدۇ، ھەيز كەلگەن ۋاقىتتا سافىن تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ھەيز كېلىشتىن 3 ـ 4 كۈن بۇرۇن زىرە كېرمانىدىن ئۈچ گىرام، ئەپسەنتىندىن تۆت گىرام، قوغۇن ئۇرۇقى، شاھتەررەنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، پۇنۇسى خىيارشەنبەردىن 24 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، 40 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ، بىر پىيالىدىن كۈنىگە ئىككى قېتىم بېرىلىدۇ ھەم ئىترىفىل سەغىر جاۋارىش بىلەن بىللە بېرىلىدۇ.

## باللىياتقۇدىكى ئىششىقتىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك

بۇنىڭدا ئىششىقنىڭ ماددىسىنى ئېنىقلاپ، ماددىنى پىشۇرۇپ، تازىلاپ ئىششىق قايتۇرۇشنىڭ تەدبىرى قوللىنىلىدۇ.

## قىزلىق پەردە ۋە جىنسىي يول پۈتەيلىكىدىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك

**ئالامىتى**

جىنسىي يولنىڭ ئېغىزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك سېزىم بولىدۇ. جىنسىي يول پۈتەي بولغانلىقى ئۈچۈن ھەيز كېلەلمەيدۇ. ھەيز مەزگىلىدە ئەۋرەت ساھەسى قاتتىق ئاغرىيدۇ.

**داۋاسى**

دەستىكار ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. كەسكەندىن كېيىن پۈتۈۋېلىش ۋە چاپلىشىپ قېلىشنى چەكلەش ئۈچۈن ئىچى كاۋاك، تۆشۈكلۈك قېلىپنى يۇڭغا يۆگەپ مەلھەم يۇقتۇرۇپ قويۇلىدۇ ياكى كەسكەن ئورۇنغا قابىز موزا شارابىغا چۆكۈرۈلگەن يۇڭ قويۇلىدۇ. يۇمشاتقۇچى دورىلار قاينىتىلغان سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، جاراھەت ياخشىلانغاندىن كېيىن قېلىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ياخشى مەلھەملەرنى ھەمەل قىلىپ ۋە نەيچە بىلەن ماڭغۇزۇپ گۆش ئۇندۇرۇپ داۋالىنىدۇ. بىمارنىڭ ساقايغانلىقى مەلۇم بولسا زورلاپ جىما قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنى تۈزىتىش مۇمكىن بولمىسا، ھەيز كەلمەسلىكتىن يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قان ئېلىپ تۇرۇلىدۇ.

## باللىياتقۇ قوزغىلىپ كېتىشتىن بولغان ھەيز كەلمەسلىك

**ئالامىتى**

ئاغرىش بىلەن جىمادا قاتتىق قىينىلىدۇ.

### داۋاسى

سەلىخە، ئاسارۇن، قۇستە، سۇمبۇل، ھۇماما، ھەببى بىلسان، زەپەر، دارچىن، ئىزخىر چېچىكى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈنىدە ئىككى قېتىم 10 گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، يۇمشاتقۇچى ۋە تو سالغۇلارنى ئاچقۇچى دورىلار يېگۈزۈلىدۇ.

ھەيز مەزگىلىدە يامغۇردا قېلىش، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش قاتارلىقلاردا ھەيز قېنى ئۇيۇپ قېلىپ، ھەيز كەلمەسلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

### ئالامىتى

رەڭگىرويى ئاق بولىدۇ، تومۇرى بىر خىل سوقماستىن ئېگىز-پەس سوقىدۇ، تومۇرلىرى سوغۇق بىلىنىدۇ.

### داۋاسى

بالىياتقۇنى قىزىتىش ئۈچۈن تەبىئىتى ئىسسىق دورىلار، بوشاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: تەرياقى پارۇق، سەنجىرنىا، ماددەتۇلھايات، دائىلمىشكى ھار ۋە باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇناتلار، جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ. بالىياتقۇنى قىزىتىشتا قۇرسى مورغا يېتىدىغىنى يوقتۇر.

# ھەيز قېنى كۆپ كېلىش

ھەيز كۈنلىرىدە قان كۆپ كېلىدۇ ياكى ھەيز مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قان كېلىدۇ.

سەۋەبى

بەدەندە قان زىيادە بولۇپ، تەبىئەت ئۇنى ھەيز يولى بىلەن سىرتقا ئىتتىرىدۇ ـ دە، ھەيز مېڭىپ كېتىدۇ. قانغا سەپرا ماددىسى ئارىلىشىپ، قاننى سۇيۇلدۇرۇپ، قان سۇيۇقلۇقىنىڭ قان تومۇردىن سىرغىپ چىقىشىغا ياردەم بېرىپ ھەيز مېڭىپ كېتىدۇ. بەدەندە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ماددىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى سەۋەبىدىن بالىياتقۇ تارىمۇشلىرى بوشىشىپ، قان تومۇرلار ئېغىزى ئېچىلىپ ھەيز مېڭىپ كېتىدۇ. بەدەندە سەۋدا ماددىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن قان تومۇرلار يېرىلىپ ھەيز مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش سەۋەبىدىن بالىياتقۇ تومۇرلىرى ئۈزۈلۈش، كۆپ تۇغۇش، كۆپ جىما قىلىش ياكى ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلاپ، بالىياتقۇدىكى تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋەت ئاجىزلاپ كېتىش ياكى بالىياتقۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىش، ئارقا-ئارقىدىن بالا چۈشۈپ كېتىش، بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ جاراھىتى، بالىياتقۇ ئۆسمىسى، بالا ھەمراھى پارچىسى بالىياتقۇدا قېپقېلىش، بۆرەك ياكى جىگەر ئۇرۇقلاپ كېتىش، سىل قاتارلىقلارمۇ ھەيز كۆپ كېلىشكە سەۋەب بولىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش

ئالامىتى

بىمارنىڭ بەدىنى ۋە چىرايى قىزىل، تومۇرلىرى كۆپۈشكەن بولىدۇ، غەيرىي

تەبىئي قان خىلتى غەلبە قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە ھەيز مېڭىش بىلەن بىرگە ئاغرىيدۇ. بىمارنىڭ بەدىنى ئاجىزلىغان بولسىمۇ ھەيز قېنى توختىمايدۇ.

ئەگەر قان سۇيۇق، سېرىق، قىزىق بولۇپ ئېچىشتۇرۇپ كەلسە ھەم قان تېز كېلىپ ئاسانلىقچە توختىمسا، بەدەن قىزىق، ئاجىز، چىرايى سېرىق، ئۇسسۇزلۇق ئېغىر، ئېغىز ئاچچىق بولسا ھەم قان كۆپ كەلسە، قانغا سەپرا ئارىلىشىپ ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

داۋاسى

باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ ۋە ئەمچەك ئاستىغا ئوتلۇق ھىجامەت قويۇلىدۇ. قۇرسى كەھرىۋا ۋە بوۋاسىرنىڭ دورىلىرى بېرىلىدۇ. سۇرمە، ئانار گۈلى، زەمچە، تەنكار، موزا، ئۇششاق كۇندۇر، ئاقاقىيا، ئاس سۈيى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھەيزنى توختاتقۇچى دورىلار بىلەن شامچە تەييارلاپ قويۇلىدۇ. قابىز ئابىزەندە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئەگەر قانغا سەپرا ئارىلىشىپ قاننىڭ ئۆتكۈرلىشىشىدىن بولغان بولسا، قان ئېلىشتىن باشقا ئانار شەربىتى، زىرىق شەربىتى، ھۇمماز شەربىتى، رەۋەن يىلتىزى رۇببىسى، بېھى رۇببىسى، ئالما رۇببىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش سوغۇق تەبىئەتلىك قابىز شەربەتلەر ۋە رۇببىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاقاقىيا، سەندەل، قىزىلگۈل، سۇماق، ئانار پوستى، ئاس قاتارلىقلار كىندىك ئاستىغا تىلا قىلىنىدۇ ۋە بالىياتقۇغا شىيافى كوھلى قويۇلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش

ئالامىتى

قان سۇدەك سۇيۇق، ئاق بولىدۇ، قىزىق بولمايدۇ، ئېچىشتۇرمايدۇ. تۇتقۇچى دورىلار بىمارغا زىيان قىلىدۇ. شۆلگەي كۆپ، ئۇسسۇزلۇق ئاز بولىدۇ. بىمارنىڭ رەڭگىرويى ئاق، يۈز- كۆزى پارقىراپ تۇرىدۇ. بەزىدە بىمارغا ھامىلدار بولۇپ قالغاندەك سېزىلىدۇ. شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاقىدۇ. بىمارنىڭ مۇسكۇللىرى

يۇمشاق، بوش بولىدۇ.

داۋاسى

ھەيز كۆپ كېلىش بەلغەمدىن بولسا، بىر نەچچە قېتىم قەي قىلدۇرۇلىدۇ. بەلغەمنىڭ مۇسھىلى ۋە ھەببى ئايارەج بىلەن تازىلىنىدۇ. ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى شەربەتلەر ۋە غىزالار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئابىزەن ۋە شامچىلار ئىشلىتىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش

ئالامىتى

قان قويۇق، قارا، سېرىق، پۇراقلىق كېلىدۇ، بەدەن ئورۇق ھەم قۇرۇق، شۆلگىيى ئاز بولىدۇ. ئوڭ تەرىپى كۆيۈشكەندەك سېزىم بولىدۇ.



داۋاسى

ئەگەر ھەيز كۆپ كېلىش غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان بولسا، سەۋدانىڭ مۇسھىلىنى ھەببى ئەپتىمۇن بىلەن ياكى مائۇلجەبىننى سۇفۇپى لاجۇۋەرد بىلەن بېرىپ بەدەن تازىلىنىدۇ. ئەگەر بىرەر چەكلىگۈچى بولمىسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ. قان توختاتقۇچى دورىلاردىن قۇرسى گۈلنار، قۇرسى كەھرىۋا، قۇرسى خەشخاشتىن كۈندە ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا 2 ـ 3 دانە 30 گىرام ئەرقى گاۋزىبان، 30 گىرام ئەرقى سەندەلگە قوشۇپ بېرىلىدۇ.

## بالا چۈشۈپ كېتىشتىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش

داۋاسى

ئەگەر بالا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەيز قېنى كۆپ كەلسە ۋە ھېچقانداق دورا بىلەن توختىمىسا، ھەر كۈنى پاقىيوپۇرمىقى قايىنتىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر

نەچچە كۈندىن كېيىن قوزغالسا، باسلىق تومۇردىن قان ئېلىپ، مۇشۇ دورا قايتا بېرىلىدۇ. ئەنجىبار يىلتىزى، ئاقاقىيا، نىشاستە، قورۇلغان ئەرەب يېلىمىنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، تۆتتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈلگەن ئاش سۈيىدە يۇغۇرۇپ، توققۇز گىرام مىقدارى قۇرس تەييارلاپ، ھەر كۈنى سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە خېمىرى سەندەل بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

## بالىياتقۇ ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالىياتقۇنىڭ تۇتۇش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، ھەيز قېنى كۆپ كېلىدۇ.

**داۋاسى**

ئەمچەك ئاستىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ، بەزىدە ئىككى ساغرا ئارىسىغا ھىجامەت قويۇلىدۇ. سىركە ئىچىش، كافۇر ئىچىش ۋە ھەمەل قىلىش مەنپەئەت قىلىدۇ. تۆمۈر داغلانغان سۇتكە خۇبسۇلھەدىدنى سېلىپ، بەزى قابىز دورىلار بىلەن ياخشى قاينىتىپ، ھەر كۈنى 30 گىرامدىن ئىچۈرۈلىدۇ. چۇچۇمەل تۇرۇنجىنىڭ رۇببىسى ناھايىتى ياخشىدۇر. ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن قۇرسى تاباشىر كافۇرى، قۇرسى گۈلنار قاتارلىق دورىلار مەنپەئەت قىلىدۇ. بىمارغا چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، تېز ۋە ئاسان ھەزىم بولىدىغان قۇۋۋەتلىگۈچى غىزالار بېرىلىدۇ. بەزىدە مائۇللەھمى بېرىش مەنپەئەت قىلىدۇ.

## ھامىلىدارلىقتا ھەيز كېلىش

**داۋاسى**

ھەيز كەلگەن ھامىلىدار ئاياللارغا گىل ئەرمىنى، يۇلغۇن مېۋىسى، فۇپەل گۈلى، سەنگى جاراھەت قاتارلىقلارنى سوقۇپ، تاسقاپ يېگۈزۈپ، ئۈنىڭدىن

كېيىن پاقىيوپۇرمىقى شىرىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن فۇپەل، قومۇش يوپۇرمىقىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، ئۇدخامدىن 15 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئاشقازان خالىي ۋاقىتتا ئالتە گىرام يېگۈزۈلىدۇ. لاچىندانە، فۇپەل، سەنگى جاراھەت، مۇچرەس، ئانار پوستى قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، ئۇنىڭدا لاتىنى نەمدەپ پەرزىجە قىلىنىدۇ.

گىل ئەرمىنىدىن دەسلەپتە ئىككى گىرامدىن يېگۈزۈپ، تەدرىجىي 3.5 گىرامغا كۆپەيتىپ يېگۈزۈش بەك مەنپەئەت قىلىدۇ. مايلىق دان بېرىلىدۇ.

## بالىياتقۇ ئاغرىشتىن بولغان ھەيز قېنى كۆپ كېلىش

داۋاسى

بالىياتقۇ ئاغرىپ ھەيز قېنى كۆپ كەلسە، بىر گىرام خۇنسىياۋشانىنى سوقۇپ، 12 گىرام ئىتربفىل سەغىردە يۇغۇرۇپ، تۆت گىرام ئەنجبار يىلتىزى شىرىسى، ئالتە گىرام قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى، ئالتە گىرام ئوغرىتىكەن شىرىسى، 18 گىرام ناۋات قوشۇپ 3 ـ 4 كۈن بېرىلىدۇ. ئەگەر قايتا قان كەلسە ۋە كىندىك ئاستى ئاغرىش بىلەن بىرگە قان كەلسە، ئاق لەيلىگۈل لوئابىدىن ئۈچ گىرام، يېڭى پاقىيوپۇرمىقى سۈيىدىن 120 گىرام، بەش دانە چىلان شىرىسى، 4 گىرام ئەنجباھار يىلتىزى شىرىسى، ئالتە گىرام تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى شىرىسى، ئالتە گىرام كاھۇ ئۇرۇقى شىرىسى، بىر گىرام زەھرى مۆھرى، بىر گىرام تاباشىرنى سوقۇپ سېپىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر تۇتقۇچى ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولسا، ئۇ ئەزالار غىزا، شەربەت، زىمات ۋە قابىز ھەممىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ئەگەر قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە سۇيۇقلۇقىدىن بولسا، ئۆتكۈرلۈكنى پەسەيتىدىغان ۋە قاننى قويۇلدۇرىدىغان چاپلاشقاق نەرسىلەر بىلەن داۋالىنىدۇ. ئەگەر باشقا خىلىت قاندىن غالىب بولسا، ئالدى بىلەن بەدەننى شۇ خىلىتتىن تازىلاپ ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋۇتقۇچى، قابىزلىقى بار توختاتقۇچى دورىلاردىن قىزىلگۈل، ئاقلانغان يېسىمۇق، ئاس يوپۇرمىقى، ئىتئۈزۈمى، پاقىيوپۇرمىقى، سۇماق، قىزىل چۇغلۇق، ئانارگۈل، جوپتى

بەللۇت، موزا، ئاقاقىيا، ئانار پوستى، زەمچە، لىھىيەتۇتتىس ئۇسارىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلارنىڭ ھەممىسى ئىچكۈزۈلسە ياكى شۇ دورىلارنى سۇدا ياكى قابىز شارابتا قايىنتىپ، ئۇنىڭدا ئولتۇرغۇزۇلسا ياكى يۇڭ بىلەن ھەمەل قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا قاناشنى توختىتىدۇ.

ئەگەر ھەيز قېنى كۆپ كېلىش يارا سەۋەبىدىن بولسا، سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلار، قابىز دورىلار، مۇرەككەپلەشتۈرۈلگەن دورىلار بېرىلىدۇ. ئانارگۈل، مەدەستاندىن ئېلىپ، موم ۋە گۈل يېغى بىلەن قىرۇتى تەييارلاپ پەرجىگە قويۇلىدۇ.

ئەگەر ھەيز قېنى كۆپ كېلىش بوۋاسىر سەۋەبىدىن بولسا، بوۋاسىرنى داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ھەيز قېنى كۆپ كېلىش بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بولسا، شۇ خىل كېسەللىكنى داۋالاش بىلەن بىرگە قان توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

# بالىياتقۇ ئاجىزلىقى

شەھۋەت ئاجىزلاش، ھەيز قىنى، مەنىي ۋە ھۆللۈكلەر كۆپ ئېقىش، ھامىلدار بولالماسلىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدىغان كېسەللىكتۇر.

### سەۋەبى

مىزاج بۇزۇلۇش، باللىياتقۇ توقۇلمىلىرى بوشاپ كېتىش ۋە ئىلگىرىكى كېسەللىكلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

## ئىسسىقلىقتىن بولغان باللىياتقۇ ئاجىزلىقى

### ئالامىتى



ھەيز قىنى ئاز، قويۇق، قارامتۇل قىزىل، سېسىق پۇراقلىق بولىدۇ. بىمارنىڭ باللىياتقۇسى ۋە جىنسىي يولى قىزىيدۇ، جىگەر ساھەسى ئاغرىيدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۆپ، ئىشتىھاسى كەم بولىدۇ. سۈيدۈكى ئاز ۋە رەڭلىك كېلىدۇ، تومۇرى تېز سالىدۇ، يۈرىكى تىترەيدۇ. چىرايى سېرىق بولۇپ، ئىسسىقلىقنىڭ باشقا ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

### داۋاسى

بىمارغا ھارارەتنى پەسەيتىدىغان، سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بېرىلىدۇ. قاپاق مېغىزى، كاسىنە ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام، چىلاندىن بەش دانە، سېمىزئوت ئۇرۇقىدىن 10 دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، ئەرقى گاۋزىبان ۋە شەربىتى نىلۇپەر بىلەن قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ ياكى ئاچچىق، تاتلىق ئانار شەربەتلىرىنىڭ ھەربىرىدىن 36 گرام، ئەرقى بىدىمۇشكىدىن 60 گرام، ئەرقى گاۋزىباندىن 60 گرام ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە ئۈچ

ۋاق ئىچىلىدۇ، ئىغىزاسىغا ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ.

## سوغۇقلۇقتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى

ئالامىتى

ھەيز توختاپ قالىدۇ ياكى ھەيزنىڭ مىقدارى ئاز، سۇيۇق كېلىدۇ، رەڭگى ئاقۇچ قىزىل بولىدۇ، نەچچە كۈنگىچە توختىمايدۇ، سۈيدۈكى رەڭسىز كېلىدۇ، تومۇرى تەرتىپسىز سالىدۇ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ، ئۇسسۇزلۇق بولمايدۇ.

داۋاسى

ھارارەتنى كۈچەيتىدىغان ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلاردىن سازەج ھىندى، ئىكلىلمىلىك، سۇمبۇل ھىندى، دارچىن، جويۇز، ئۇدسەلىپ، زۇپا ھىندى، بەسباسە، قەلەمپۇر، زەپەر، قۇستە شېرىن ۋە باشقىلار بىلەن تەييارلانغان ھەممەللەر، ئىسسىق ئۆتكۈزۈشلەر بۇ كېسەللىككە ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك داۋائىلمىشكى، ماددەتۇلھايات، جاۋارىش كۇمۇنى، جاۋارىش مىشكى قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار ئېھتىياجغا قاراپ بېرىلىدۇ.

## ھۆللۈكتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى

ئالامىتى

ھەيز قېنى كۆپ، سۇيۇق كېلىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزى كۆپ ھاللاردا ھۆل تۇرىدۇ، ئەگەر ھامىلدار بولسا، ھامىلە ئۈچ ئاي ئىچىدە چۈشۈپ كېتىدۇ.

داۋاسى

بەلغەم تازىلىنىدۇ، بىمارنى قەي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، ئەپتىمۇن ئۇرۇقى، دارچىن، قەلەمپۇر قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ ۋە مۇرەككەپ دورىلاردىن مەجۇنى بەسباسە، ماددەتۇلھايات بېرىلىدۇ.

## قۇرۇقلۇقتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى

ئالامىتى

ھەيز قېنى، بالىياتقۇدىكى ھۆللۈكلەرنىڭ ئېقىشى ئازلايدۇ، بىمارنىڭ بەدىنى قۇرۇق، يىرىك ۋە ئورۇق بولىدۇ.

داۋاسى

ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ۋە يېمەك - ئىچمەكلەردىن سۈت، پاقلان گۆشى شورپىسى ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ گۆشلىرى، شۇنىڭدەك سۇكپىياز، كالا پاچىقىنىڭ يىلىكى، تۆگىنىڭ لوككىسى قاتارلىقلاردىن ئېھتىياج مىقدارى ئېلىپ، تۇخۇمنىڭ سېرىقى بىلەن پەرجىگە ھەمەل قىلىش بۇ ھەقتە تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

## بالىياتقۇ توقۇلمىلىرى بوشاپ كېتىشتىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى

داۋاسى

بالىياتقۇ توقۇلمىلىرى بوشاپ كېتىش ماددىلىق بولسا، ماددىنى پىشۇرۇپ تازىلىنىدۇ، ماددىسىز بولسا، مىزاج ئېتىبارى بىلەن تەڭشىلىدۇ.

## كېسەللىك سەۋەبىدىن بولغان بالىياتقۇ ئاجىزلىقى

ئالامىتى

بىمار قايسى كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بولسا، شۇ كېسەللىكنىڭ ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

بىماردا كۆرۈلگەن كېسەللىكنى ئېنىقلاپ، شۇ كېسەللىككە قارىتا داۋالىنىدۇ.

# ئاق خۇن كۆپ كېلىش

ھەر خىل سەۋەبلەردىن بالىياتقۇدىكى چىرىگەن، ئۇخشىمىغان رەڭدىكى ۋە ھەر خىل پۇراقتىكى سۇيۇقلۇقلارنىڭ جىنسىي يولدىن ئېقىشىنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

قان، بەلغەم، سەۋدا، سەپرا خىلتلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىلدە بالىياتقۇ تەرەپكە يۆتكىلىشى، بالىياتقۇدىكى ئۇزۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىششى ۋە ھەيز قېنىنىڭ بالىياتقۇ تومۇرلىرىدا ئۇفۇنەتلىنىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىدىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش

ئالامىتى

ھۆل-لۆك ۋە سۇيۇق رەڭگى قىزىل، قىيامى قويۇق، ھارارىتى يۇقىرى، سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ.

داۋاسى

بىمارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن قان ئېلىنىدۇ، مىزاجىنى تەڭشەشتە سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ھەيز كۆپ كېلىش توغرىسىدا سۆزلەنگەن قابىز توختاتقۇچى دورىلاردىن ئەنزىرۇت، كۇندۇر، خۇنسىياۋشان، ئانار پوستى، ئانارگۈلدىن ئېھتىياج مىقدارى ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، پاقىيوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدە مەلھەم تەييارلاپ جىنسىي يولغا سېلىش، قۇرسى كەھرىۋا ئىچىش ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان ئاق
## خۇن كۆپ كېلىش

**ئالامىتى**

ئاق خۇن سۇيۇق، رەڭگى ئاق، پۇراقسىز كېلىدۇ. بەل ۋە ئىككى يوتا تېلىپ ئاغرىيدۇ.

**داۋاسى**

بىمارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ سۆئلەپ مىسرى، ماش ئۇنى، تاباشىر، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، مەستىكى، كۇندۇرنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، ئالتە گىرام سۇفۇپ تەييارلاپ، سۇ بىلەن يېگۈزۈلىدۇ ھەمدە مۇرمەككىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇمغا ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچ كۈن ناشتىدا يالىتىلىدۇ. بۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا گۈل ئەرمىنى، موزا، مامىرانچىن، سەمغى ئەرەبى قاتارلىق دورىلاردىن سۇفۇپ ياكى مەلھەم تەييارلاپ، پاكىز داكىغا ئوراپ شامچە قىلىپ جىنسىي يولغا سېلىش بالىياتقۇدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى ئازايتىپ، ئىششىق ياندۇرۇپ، ئاق خۇننى توختىتىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىق، قۇۋۋەتلىك غىزالار، چىڭىتقۇچى ۋە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك- ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىدىن بولغان ئاق خۇن
## كۆپ كېلىش

**ئالامىتى**

ئاق خۇن قارامتۇل، قويۇق، سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ، بىمارنىڭ بەدىنى ئورۇق، قۇرۇق، يىرىك ۋە ئاجىز بولىدۇ.

**داۋاسى**

ئالدى بىلەن غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ماددىسىنى پىشۇرۇش ۋە تازىلاش

ئۇچۇن مەتبۇخى ھېلىلە بېرىلىدۇ، ئاندىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە بادرەنجبۇيا، كاسىنىنىڭ ھەربىرىدىن 90 گىرام، ئاق شېكەر، تەرەنجبىنىنىڭ ھەربىرىدىن 35 گىرام ئېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. غىزاسىغا ماش سېلىنغان كېسەل ئېشى بادام شىرىسى بىلەن ياكى زىرىق سېلىنغان كېسەل ئېشى بادام مېغىزى بىلەن يېگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەتبۇخى پەۋاكىھ ياكى مەتبۇخى ھېلىلە بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ، ھارارەتنى پەسەيتىدىغان سوغۇق تەبىئەتلىك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى ئۇرۇق دورىلار بېرىلىدۇ. بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن قابىز رۇبىلار ۋە قابىز قۇرسلار بېرىلىدۇ.

## بالياتقۇنى ئۇزۇۋقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش

**ئالامىتى**

بىمارنىڭ رەڭگى سېرىق، بەدىنى ئاجىز بولىدۇ، ئاق خۇن دەۋرىيلىك كېلىدۇ.



**داۋاسى**

بىمارغا ھۇمماز شەربىتى، تۇرۇنجى شەربىتى، ئالما شەربىتى، بېھى شەربىتى ۋە مەجۇنى مۇپەررىھى قاتارلىقلارغا ئوخشاش يۈرەك، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرىدىغان دورىلار بېرىلىدۇ. قورۇلغان توخۇ گۆشى ۋە كاۋاپقا ئوخشاش غىزالار بېرىلىدۇ.

## ھەيز قېنىنىڭ بالياتقۇ تومۇرلىرىدا ئۇفۇنەتلىنىشىدىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىش

**ئالامىتى**

ئاق خۇن ئۆتكۈر پۇراقلىق كېلىدۇ.

**داۋاسى**

ئالدى بىلەن بالياتقۇ مىزاجىنى تەڭشەپ ئاندىن بالياتقۇ

قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ. ئالدى بىلەن ئاشقازان ۋە جىگەرنى ئايارەج پەيقىرا ۋە ئەپسەنتىن بىلەن تازىلاپ، ئاندىن مەجۇنى خۇبسۇلھەدىد، پىننە شەربىتى ۋە شېكەر بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ. تېز ھەزىم بولىدىغان قۇرۇتقۇچى غىزالاردىن تورۇلغا، كەكلىك، پاختەك قاتارلىقلارنى قورۇپ، نوقۇت، دارچىن بىلەن قاينىتىپ بېرىلىدۇ. ئازراق ھارارەت بولسا، ئۇرۇق دورىلارنىڭ شىرىسى بىلەن تازىلاپ ئۇنىڭدىن كېيىن قابىز ھۆقنىلەر، زىماتلار، شامچىلار ئىشلىتىلىدۇ، ھەيز كۆپ كېلىشنى داۋالاشتا سۆزلەنگەن نەرسىلەر ۋە بالىياتقۇنى كۈچلەندۈرىدىغان دورىلاردىن كۆك موزا، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، سەرۋى دەرىخى مېۋىسى، لايىقلاشتۇرۇلغان خۇبسۇلھەدىدنىڭ ھەر بىرىدىن 3. 5 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، جۇپتى بەللۇت، ئانارگۈلنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، سۈزۈپ، رەختنى ھۆللەپ سوقۇلغان دورىلارنى ئۇنىڭغا سېپىپ قويسا ناھايىتى ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ.

ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغان ئاق خۇن كۆپ كېلىشنىڭ ھەممىسگە مەنپەئەت قىلىدىغان ھەم تەجرىبىدىن ئۆتكەن ھەب، شىڭگىرىپ، باالادۇر، ئىتياڭقى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا، ئاق پارپىدىن ئومۇمىي دورىلار باراۋىرىدە ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قوناق چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلاپ ئىككى ھەپتە يېگۈزۈلىدۇ.

# باليياتقۇ قىچىشىش

ھەر خىل سەۋەبلەردىن باليياتقۇدا قىچىشىش سىزىمى بولىدۇ. بەزىدە قىچىشىش ھەددىدىن زىيادە بولۇپ ھەتتا قۇۋۋەتنى تۈۋەنلىتىۋېتىدۇ، بەزىدە ئايالدا جىماغا قانماسلىق يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئاياللار جىما قىلغانسېرى جىماغا بولغان ھەۋىسى كۆچىيىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى

ئۆتكۈر سەپرا خىلتى ياكى شورلۇق بەلغەم خىلتى ياكى يېگۈچى سەۋدا خىلتى ياكى باليياتقۇدا پەيدا بولغان مۇدۇر - چاقلار ياكى بەك ئىسسىق ئۆتكۈر مەنىي ۋە ھامىلدارلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.



## ئۆتكۈر سەپرا خىلتىدىن بولغان باليياتقۇ قىچىشىش

ئالامىتى

بىمارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى كۆپ، ئېغىز تەمى ئاچچىق بولىدۇ. چىرايى، كۆزى ۋە سۈيدۈكىنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل بولىدۇ. تومۇرى ئىنچىكە، تېز سالىدۇ، قىچىشىش كۈچلۈك بولىدۇ.

داۋاسى

دەسلەپتە چىلاندىن يەتتە دانە، گۈلبىنەپشەدىن ئالتە گىرام، گۈلى نىلۇپەردىن ئالتە گىرام، شاھتەررەدىن ئالتە گىرام، كاسىنە ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام، بىخ كاسىنەدىن ئالتە گىرام، قىزىلگۈلدىن ئالتە گىرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ 30 گىرام خېمىرى بىنەپشە

قوشۇپ، كۈندە ئۈچ قېتىم بىر پىيالىدىن بېرىلىدۇ. مۇشۇ بويىچە يۇقىرىقى دورىلار بەش كۈن تەكرار ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق ھېلىلە پوستىدىن 45 گىرام، سانا، شاھتەررەنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، مامرانچىنىدىن ئالتە گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى، بىستىپايەج، قىزىلگۈل، ئەپسەنتىنىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئەپتىمۇندىن 15 گىرام، تەرەنجىبىندىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم بىر پىيالىدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## شورلۇق بەلغەم خىلتىدىن بولغان بالىياتقۇ قىچىشىش

### ئالامىتى

بىمارنىڭ ئېغىز تەمى تۇزلۇق بولىدۇ، ساختىا ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. قىچىشىش چىدىغۇسىز دەرىجىدە بولمايدۇ، سۈيدۈك رەڭلىك ۋە رەڭسىز ھالەتلەردە كېلىدۇ.

### داۋاسى

ئالدى بىلەن چىلاندىن يەتتە دانە، گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر، شاھتەررە، بىخ كاسىنە، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، كاسىنە ئۇرۇقى، بىخ بەدىيان، بىخ كەرەپشە، بىخسۇس، پىرسىياۋشان، ئۈزۈم قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرامدىن، ئەنجۈر مونىكىدىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 30 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ كۈندە ئۈچ قېتىم، يېرىم پىيالىدىن بىر ھەپتە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئاندىن سېرىق ھېلىلە پوستىدىن 30 گىرام، گۈلبىنەپشە، چىلان، كاسىنە ئۇرۇقى، نىلۇپەر، ئەپسەنتىن، مامرانچىن قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرامدىن، بىخ بەدىيان، بىخ كەرەپشە، بىخ سۇس، پىرسىياۋشان، ئۇششاق ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن، سانا، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، بىر پىيالىدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ھەببى شەبىياردىن كۈندە ئىككى قېتىم توققۇز داندىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## يېگوچى سەۋدا خىلتىدىن بولغان بالىياتقۇ قىچىشىش

### ئالامىتى

بىمار ئاچچىقى يامان، ئۇيقۇسى كەم، خىيالپەرەس بولۇپ قالىدۇ، تومۇرى ئىنچىكە، ئاستا سوقىدۇ. چىرايى كۆكۈچ، سۈيدۈكىنىڭ رەڭگى خام گۆش يۇغان سۇنىڭ رەڭگىدە كېلىدۇ.

### داۋاسى

دەسلەپتە سەرپىستاندىن 20 دانە، چىلاندىن 10 دانە، بىنەپشە، گاۋزىبان، بادرەنجبۇيا، بىخسۇس، ئۇستىقۇددۇس، پىرسىياۋشان، بەدىيان، شاھتەررە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 30 گىرام خېمىرى گاۋزىبان قوشۇپ، كۈندە ئۈچ قېتىم يېرىم پىيالىدىن 10 كۈندىن ئارتۇق بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەفتىمۇن، سانانىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام، گاۋزىبان، شاھتەررە، بىستىپايەج، ئۇستىقۇددۇس، ئۇدسەلىپ، قەنتەرىيۇن، بادرەنجبۇيا، گۈلبىنەپشە، يەرلىك شوخلا، پىرسىياۋشاننىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، چىلاندىن ئىككى دانە، بىخ كاسنە، بىخ بەدىيان، بىخسۇس، كاسنە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، سېرىق ھېلىلە پوستى، كابۇل ھېلىلىسى، قارا ھېلىلە، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، سەرپىستاندىن 15 گىرام، خىيارشەنبەردىن 40 گىرام، تەرەنجىبىندىن 40 گىرام، ئۆسۈملۈك يېغىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 30 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم بىر پىيالىدىن بېرىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن ئىترىفىل ئۇستىقۇددۇس، ئىترىفىل ئەپتىمۇن، مەجۇنى ئۆشبە، ھەببى ئەپتىمۇن قاتارلىق دورىلار كېسەلنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بېرىلىدۇ ھەمدە سەندەل، مامىسا، رۇسۇت، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى قوشۇپ خېمىر قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىش بۇ ھەقتە ئۈنۈملۈكتۇر.

## باللياتقۇدىكى مۇدۇرلاردىن بولغان باللياتقۇ قىچىشىش

### ئالامىتى

باللياتقۇدىن ھۆللۈك ئاقىدۇ. مۇسكۇل ئىچى قىچىشىپ، ئادەتتە زەخىم شەكىللەندۈرمەيدۇ.

### داۋاسى

كېسەللىك ماددىسىغا قارىتا مۇنزىج، مۇسھىل بېرىپ بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن كېسەللىك ماددىسىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن شۇمشا ئۇرۇقى لوئابى، زىغىر ئۇرۇقى شىرىسى ئىلمان ھالەتتە باللياتقۇغا ھۆقنە قىلىنىدۇ. يەنە بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، شۇمشا، زىغىر ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە، بوغداي يارمىسى، ئەنجۈر قاتارلىقلارنى كالا سۈتى بىلەن پىشۇرۇپ دوۋسۇنغا زىمات قىلىنىدۇ. مۇدۇرلارنى ئېغىز ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئەنجۈر بىلەن كەپتەر تاشلىقى زىمات قىلىنىدۇ ياكى سېرىق ئەنجۈردىن 10 دانە، بىدانجىر ئۇرۇقى مېغىزىدىن 18 گىرام ئېلىپ، بىر پىيالە سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭغا قىچا تالقىنىدىن 18 گىرام، گۈل يېغى ۋە بابۇنە يېغىدىن 12 گىرامدىن ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ، لۆڭگىگە سۈۋاپ دوۋسۇنغا چاپلاپ قويۇلىدۇ. بىر كېچە- كۈندۈزدە ئۈچ ۋاق ئىشلىتىلىدۇ. مۇدۇرلار ئېغىز ئالغاندىن كېيىن مائۇلئەسەل ھۆقنە قىلىنىدۇ.

## ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر مەنىيدىن بولغان باللياتقۇ قىچىشىش

### ئالامىتى

ئۇزاق مەزگىل مەني چىقارماسلىق سەۋەبىدىن بىمارنىڭ مەنىيسى سۇيۇلۇپ، سۈيدۈك يوللىرىدا ئېچىشىش، كۆيۈشۈش ۋە قىچىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

كاھۇ، كافۇر، يۇمغاقسۇت، سەندەل، نىلۇپەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئازراق سېزىمسىزلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار سوۋۇتقۇچى، ھۆللۈگۈچى دورىلار مەنپەئەت قىلىدۇ. خۇش پۇراق كافۇرنى گۈلابتا ئېزىپ، پەرجىنىنىڭ ئىچىگە سۈركەش بالياتقۇ قىچىشىش ۋە ئېچىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. قوغۇشۇننى كاسىنە سۈيىدە ئېزىپ، ئۇنىڭدا نىلۇپەر ۋە كاھۇ ئۇرۇقىنى سوقۇپ، تاسقاپ يۇغۇرۇپ، گۈلابقا ئارىلاشتۇرۇپ پەرجىگە تىلا قىلسا، پەرجىنىڭ قىچىشىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇق بىنەپشە، سۇمبۇل رۇمى، قۇرۇق سېرىنگۈل، نىلۇپەر گۈلى، سەرۋى دەرىخى يوپۇرمىقى، لاجۇۋەرد قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، زەيتۇن يېغىدا يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭدىن 5. 4 گىرام پەرزىجە قىلىنىدۇ. بۇ، باليانقۇ قىچىشىش ۋە لىكىلداشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

## ھامىلدارلىقتىن بولغان باليانقۇ قىچىشىش

ئالامىتى

مەدەستانىنى سوغۇق سۇدا ياكى گۈلابتا ئېزىپ قىچىشقان ئورۇنغا يەتكۈزسە دەرھال مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۇزۇزى ھىندى، كونا ساپال، گىل سەرشەۋبى، گىل ئەرمىنىنى يەتكۈزۈشمۇ بۇ ھەقتە ئاجايىپ مەنپەئەت قىلىدۇ.

باليانقۇ قىچىشىشقا قارىتا پىنىنە يوپۇرمىقى، ئانار پوستى، يېسسىمۇق قاتارلىقلارنى ئېلىپ، خورما شىرىنىسىدە قاينىتىپ ھەمەل قىلىنىدۇ. زەپەر ۋە كافۇرنىڭ ھەربىرىدىن يېرىم گىرام، مەدەستاندىن بىر گىرام، ھەببۇلغاردىن 5. 1 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تۇخۇم ئېقى، قىزىلگۈل يېغى ۋە ئازراق شاراب بىلەن يۇغۇرۇپ ھەمەل قىلىنىدۇ.

# بالىياتقۇ بوۋاسىرى، بالىياتقۇ سۆگەلى، بالىياتقۇ ئۈجمىسىمان بوۋاسىرى، بالىياتقۇ مىخسىمان بوۋاسىرى

بەزىدە بالىياتقۇدا بوۋاسىر پەيدا بولىدۇ. بەزىدە بوۋاسىر بالىياتقۇدىن ئۆتۈپ بالىياتقۇغا قوشنا ئەزالاردا كۆرۈلىدۇ، ھەتتا دوۋسۇن سۆڭەكنى بۇزىدۇ. بەزىدە بالىياتقۇغا باشقا ئەزالارغا ئوخشاش سۆگەل چىقىدۇ. بەزىدە بالىياتقۇدا ئۈجمىسىمان بوۋاسىر پەيدا بولىدۇ. بۇ، بوۋاسىردىن چوڭراق بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپ قان چىقىدۇ. بەزىدە بالىياتقۇدا بالىياتقۇ يېرىلغاندىن كېيىن ۋە بالىياتقۇ قاتتىق ئىششىقدىن كېيىن مىخقا ئوخشاش بوۋاسىر پەيدا بولىدۇ. بالىياتقۇ سىرتىدا پەيدا بولغان بوۋاسىرنى يوقىتىش مۇمكىن بولىدۇ، ئەمما بالىياتقۇنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان بوۋاسىرنى يوقاتماق تەسرەك بولىدۇ. ھەيزى توختاپ قالغان ئايالنىڭ مەقئەتى ۋە بالىياتقۇ سىرتىدا بوۋاسىر كۆرۈلسە، ئۇنى يوقىتىش مۇمكىن بولىدۇ. بوۋاسىر پەيدا بولسا، ھەيز راۋانلىشىپ ۋە تازىلىنىپ توختاپ قېلىشتىن پەيدا بولىدىغان ئېغىر كېسەللىكلەر پەيدا بولۇشتىن خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ.

سەۋەبى

بالىياتقۇ بوۋاسىرى غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلتىدىن كېلىپچىقىدۇ. بالىياتقۇ سۆگەلى بولسا غەيرىي تەبئىي بەلغەم ياكى غەيرىي تەبئىي سەۋدا خىلتىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

پەرجىنى قاراپ تەكشۈرگەندە مەقئەت بوۋاسىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسە مەلۇم بولىدۇ، قاتتىق ئاغرىيدۇ، ھەيز توختىغاندا ئاغرىق كۈچىيىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بوۋاسىر قىزىل، قاتتىق ھالەتتە بولىدۇ. ئاغرىق پەسەيگەن ۋە بوۋاسىر ئېغىز ئالغان

ۋاقتتا رەڭگى سېرىق كۆرۈنىدۇ، بوۋاسىردىن لايغا ئوخشاش قارامتۇل ھۆللۈك ئاقىدۇ. ھەيز بىر - ئىككى كۈن كېلىپ توختاپ قالىدۇ، بەزىدە يۈرەك قوزغىلىش، سوغۇق تەرلەش بىلەن بىرگە قول - پۇت كۆيۈشىدۇ. بەزىلىرىدە كېسەللىك ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. بوۋاسىرنىڭ بەزىلىرى مىختەك ئۇزۇن، بەزىلىرى ئۇجمىسىمان بولىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى پەرجىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالىدۇ.

داۋاسى

ئالدى بىلەن ئومۇمىي بەدەننى سەۋدا خىلىتىدىن تازىلاش ئۈچۈن سافىن تومۇردىن ياكى مابەز تومۇردىن ياكى باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، مەتبۇخى مائۇلجەبىن ئىچكۈزۈلىدۇ ، مەقئەت بوۋاسىرىدا سۆزلەنگەن باشقا قۇرۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ماددا تارقاپ قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆردەك يېغى، ياۋا توخۇ يېغىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، مومدىن 36 گىرام، شاپتۇل ئۇرۇقچىسى يېغىدىن تەييارلانغان گۈل يېغىدىن 108 گىرام ئېلىپ، 12 گىرام كۆيدۈرۈلگەن مامرانچىن، 12 گىرام كۆيدۈرۈلگەن زەرچۋە، 12 گىرام يۇيۇلغان مەدەستان، 12 گىرام ئۇپا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن بەزىدە قۇرسى كەھرىۋا، بەزىدە ھەببى مۇقەل بېرىلىدۇ. يەنە ياڭاق يېغى، كۈدە يېغى، مۇقەل، قايناتىلغان ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىنىڭ مېيى ھۆقنە قىلىنىدۇ.

بوۋاسىر بالىياتقۇ سىرتىدا بولۇپ دورىلار مەنپەئەت قىلمىسا، تىغ ئىشلەتمەي ئامال بولمايدۇ. كەسمەكچى بولغاندا ئايالنى سوغۇق ئۆيگە كىرگۈزۈپ كېسىلىدۇ ۋە ئايالنىڭ پۇتى ئىككى سائەتكىچە تام تەرەپكە قارىتىلىدۇ. ئايالنىڭ كىندىك ئاستى، بېلى ۋە يوتىسىنىڭ تۆۋىگە قابىز دورىلارنىڭ سۈيىدە نەمدەپ مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان رەخت قويۇلىدۇ. قان توختىمىسا ۋە كىندىك ئاستى ۋە بەل ساھەسىگە ھىجامەت قويۇلىدۇ ۋە يۇڭنى ئاقاقىيا، لىھيە تۇتتىس ئۇسارىسى، ھۇزۇزى مەككى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قابىز دورىلار سېلىپ قايناتىلغان سۇدا نەمدەپ قويۇلىدۇ ۋە سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

بوۋاسىر كېڭىيىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى كەسمەستىن زىرىق سۈيى ياكى پاقىيوپۇرمىقى سۈيىدە نەمدەلگەن رەختكە ئوخشاش كۈچلۈك قۇرۇتقۇچى ۋە قان توختاتقۇچى نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ، ئايالنىڭ قول- پۇتلىرى باغلىنىدۇ. ھەمەل

قىلىنغان نەرسىلەر چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇخلاشقا بۇيرۇلىدۇ، قان ئېلىنىدۇ، قۇۋۋەت تۆۋەنلەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كۆپ قان ئېقىشتىن چەكلىنىدۇ. ئاغرىق پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن نورمال قان ئاققۇزۇلىدۇ، كۆيدۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلمەيدۇ، چۈنكى كۆيدۈرگۈچى دورىلار قاتتىق ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ ۋە بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. بوۋاسىرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئايال ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بابۇنە، زىغىر ئۇرۇقى، شۈمشا ئۇرۇقى، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارغا ئوخشاش يۇمشاتقۇچى دورىلار قاينىتىلغان سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، زەيتۇن يېغى، گۈلسەۋسەن يېغى، ئىكلىلمىلىك يېغىغا ئوخشاش ياغلار ئىشلىتىلىدۇ.

مىخسىمان بوۋاسىرغا ئىلاج قىلغاندا غىزاسىغا پاقلان گۆشى، ياغلىق گۆش، توخۇ چۈجىسىنىڭ گۆشى، چالا سوقۇلغان ئارپا، يېڭى رەزراز بېلىقى، تۇخۇم سېرىقى، ئىسپىدباج شورپىسى، يەرلىك ھەمىشباھار، ئارپا سۈيى، بادام مېغىزى، ماش، پالەك چۈشكەن كېسەل ئېشىغا ئوخشاش قىزىتىدىغان، ھۆللۈك پەيدا قىلىدىغان غىزالار ۋە دورىلار بېرىلىدۇ.



## بەلغەم خىلتىدىن بولغان بالىياتقۇ سۆگەلى

داۋاسى

مەتبۇخى تۇربۇت، ھەببى غارىقۇن بىلەن بەلغەم خىلتى تازىلىنىدۇ.

## سەۋدادىن بولغان بالىياتقۇ سۆگەلى

داۋاسى

تۇربۇت چۈشكەن مەتبۇخى ئەپتىمۇن ۋە ھەببى لاجۇۋەرد بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ ھەم شاپتۇل ئۇرۇقچىسى يېغى سۈركىلىدۇ، شۈمشا ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، ئىكلىلمىلىك، بابۇنە قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە بۇ قاينىتىلمىدا ئىستىنجا قىلدۇرۇلىدۇ. گۈلسەۋسەن يېغى ياكى كونا زىغىر ئۇرۇقى ۋە موم تىلا قىلىنىدۇ.

# جىنسىي ئەزادىكى پۈتەيلىك

بالىياتقۇ ئېغىزى ياكى جىنسىي يول ئېغىزى ياكى جىنسىي يولنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا گۆش ئۆنۈپ قېلىشتىن كېلىپچىققان پۈتەيلىكتۇر.

سەۋەبى

بۇ كېسەللىك تۇغما بولىدۇ ياكى يارىلار ساقىيىپ، ئارتۇق گۆشلەر ئۆنۈپ قېلىشتىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

ئۆنۈپ چىققان گۆش چوڭ، قاتتىق بولىدۇ، بەزىلىرى زەكەرگە ئوخشاپ قالغاچقا ئايالالار جىمادا قىينىلىدۇ. پۈتەيلىك جىنسىي يولنىڭ ئېغىزىدا بولسا، زەكەرنىڭ كىرىشىنى توسىدۇ، ئوتتۇرىسىدا بولسا، زەكەرنىڭ تولۇق كىرىشىنى توسىدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزىدا بولسا، زەكەرنىڭ كىرىشىنى توسمايدۇ، لېكىن ھامىلدار بولۇش ۋە ھەيز قېنى كېلىشىنى توسىدۇ.

داۋاسى

ئەگەر بۇ كېسەللىك مەيلى قايسى سەۋەبتىن بولسۇن دەستىكار ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. پۈتەيلىكنىڭ سەۋەبى جاراھەتنىڭ پۈتۈشى بولسا، ئاقما كېلىدىغان سايمان بىلەن ياكى پەلكۈچكە ئوخشاش ياپىلاق سايمان بىلەن ئۈزۈنىسىغا تىلىنىدۇ. پۈتەيلىك ئۆسمە گۆشتىن بولسا، ئۆسكەن گۆش كېسىۋېتىلىدۇ. كەسكەندىن كېيىن پۈتۈۋېلىش ۋە چاپلىشىشنى چەكلەش ئۈچۈن ئىچى كاۋاك، تۆشۈكلۈك قېلىپنى يۇڭغا يۆگەپ مەلھەم يۇقتۇرۇپ قويۇلىدۇ ياكى كەسكەن ئورۇنغا قابىز موزا شارابىغا چۆكۈرۈلگەن يۇڭ قويۇلىدۇ. يۇمشاتقۇچى دورىلار

قاينىتىلغان سۇدا ئۇلتۇرغۇزۇلىدۇ، جاراھەت ياخشىلانغاندىن كېيىن قىلىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ياخشى مەلھەملەرنى ھەمەل قىلىپ ۋە نەيچە بىلەن ماكغۇزۇپ گۆش ئۈندۈرۈپ داۋالىنىدۇ. بىمارنىڭ ساقايغانلىقى مەلۇم بولسا زورلاپ جىما قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

يەرلىك ئورۇننى يارغان ۋە كەسكەن چاغدا ئىككى ئىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. بىرى، كېسىشتە چالا كېسىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا ھامىلدار بولسىمۇ، لېكىن تۇغۇتى قىيىن بولۇپ ئانا ـ بالا ھالاك بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۆسكەن گۆشنىڭ مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ، بالىياتقۇنىڭ جىسمىغا يەتكۈزۈپ كېسىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق بولغاندا بالىياتقۇنى ئىششىتىپ ۋە ئاغرىتىپ، كۇزاز، تەشەننۇج ۋە باشقا خەتەرلىك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىمار سوغۇقتىن قەتئىي ساقلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار بېرىلمەيدۇ، بەلكى بارلىق تېمىتىلما دورىلار ۋە نەيچە ئارقىلىق ماكغۇزۇلىدىغان دورىلار ئىسسىتىپ ھەمەل قىلىنىدۇ.

# ئۆسمە گۆش، دىلچىق ئۇزىراپ قېلىش، زەكەرگە ئوخشاش نەرسە ئاشكارا بولۇش

بەزىدە ئۆسمە گۆش بالىياتقۇ ئېغىزىدا ئۆسىدۇ، بەزىدە پەرجىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە ئۆسىدۇ. بەزىدە زەكەرگە ئوخشاش بىر نەرسە يوغىناپ ئاشكارا بولىدۇ، بۇ خىل ئايال باشقا ئاياللار بىلەن جىما قىلالايدۇ.

ئالامىتى

ئۆسمە گۆش ياز پەسلىدە ئۇزىراپ، قىش پەسلىدە قىسقىرايدۇ، بەزىدە قاتىدۇ ۋە چوڭىيىدۇ، كۆپىنچە خەتنە قىلىنمىغان ئاياللار[1] دا كۆرۈلىدۇ.



داۋاسى

زەكەرگە ئوخشاش نەرسە پەيدا بولغان ۋە دىلچىقى ئۇزىراپ كەتكەن ئايالنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ئۇ نەرسە كېسىلىدۇ. كەسكەندە قاناپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تۈۋىدىن چوڭقۇرراق كېسىلىدۇ، چۈنكى بىرئاز قېپقالسا كۆپ قان ئېقىپ قۇۋۋەت تۈۋەنلەيدۇ. قېپقالغان گۆش گۆشنى يېگۈچى دورىلار بىلەن داۋالىنىدۇ. بەزىدە كەسمەي ئامال بولمايدۇ، بۇ ۋاقىتتا بوۋاسىرنى كېسىدىغان ئۇسۇل بىلەن كېسىلىدۇ.

① قەدىمكى زاماندا ئاياللار خەتنە قىلىناتتى (تەھرىردىن).

# بالياتقۇ چاپلىشىپ قېلىش

بۇ، بالياتقۇ ئېغىزىنىڭ چاپلىشىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

پۈتەيلىك ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ياكى بالياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

قايسى كېسەللىكتىن بولغان بولسا شۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.



داۋاسى

قايسى كېسەللىكتىن بولسا شۇ كېسەللىك داۋالىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇقەل، قەتران، مۇرمەككى، مىئەسائىلە، قۇستە، ئۇد هىندى قاتارلىقلارنى يېيىش، بۇخۇر قىلىش، هەمەل قىلىش، مەرزەنجۇش يېغى، ئاق گۈللۈك گۈلسەۋسەن يېغى، مەغەزگۈل يېغى، زەپەر يېغى ۋە ئەپسەنتىن، مۇرمەككى قاتارلىقلارنى پەرزىجە قىلىش، شۇنداقلا شۇمشا ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇش، هۆقنە قىلىش قاتارلىقلار بۇ كېسەللىك ئۈچۈن تولۇق مەنپەئەت قىلىدۇ.

# جىنسىي يول، پەرجە كېڭىيىپ كېتىش

مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جىنسىي يول ئېغىزىدىكى قورۇغۇچى مۇسكۇللار بوشىشىپ، جىنسىي يول ۋە پەرجى كېڭىيىپ كېتىدۇ.

سەۋەبى

ھۆللۈك زىيادە بولۇش، كۆپ تۇغۇش، نېرۋىلار بوشىشىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

داۋاسى

ئەگەر نېرۋا بوشاپ كېتىش ۋە ھۆللۈك سەۋەبىدىن بولسا، شۇنىڭغا قارىتا داۋالىنىدۇ. ئەگەر ھۆللۈك بولمىسا مەخسۇس جىنسىي يولنى تارايتىدىغان دورىلاردىن تەييارلانغان سىپىلمىلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئامىلەدىن 0.125 گرام، ئىپاردىن 0.25 گرام، ئۇدھىندىدىن 1.5 گرام، ئىزخىر چېچىكى، سەئدى كۇفى، قەلەمپۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 3.5 گرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سىپىلمە تەييارلاپ ئىشلەتسە، جىنسىي يولنى كۆچلەندۈرىدۇ ۋە پەرجىنى تارايتىپ خۇش پۇراق قىلىدۇ.

پەرزىجىلەردىن ئۇدخام، كۆك موزا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر ھەسسە، خۇبسۇلھەدىد، ئامىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر ھەسسىنىڭ بەشتىن بىرچىلىك، تېشىلمىگەن مەرۋايىتتىن بىر ھەسسىنىڭ ئوندىن بىرچىلىك ئېلىپ، ھەممىسىنى توزاندەك سوقۇپ، ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ پەرجىگە قويۇلىدۇ. ھەكىم ئەلۋىنخاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ پەرزىجە ھەرقانداق دورىدىن ياخشىكەن.

تېمىتىلمىلاردىن كەتىرا يىلتىزىنىڭ پوستى، ئەرەب دەرىخى يىلتىزىنىڭ پوستىنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇمبۇل ھىندى سۈيى ۋە موزا سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ

باللياتقۇغا تېمىتىلىدۇ. يېيىلىدىغان دورىلاردىن موزا، قارا ھېلىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 28 گىرام، كالا سۈتىدىن 120 گىرام ئېلىپ، دورىلار كالا سۈتىنى تولۇق سۈمۈرۈپ بولغۇچە قاينىتىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ سوقۇپ، ئۇنىڭغا تەڭ مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ئالىقان يېسە جىنسىي يولنى ۋە پەرجىنى تارايتىپ قىز ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. جىنسىي يول ۋە پەرجىنى تارايتىدىغان دورىلاردىن سەئدى كۇفى ۋە جۇپتى بەللۇتنى يۇمشاق سوقۇپ، كونا زىغىر تالالىق رەختكە ئوراپ ھەمەل قىلىش، كۆك موزىنى توزاندەك سوقۇپ ئۈچ كۈن سۇغا چىلاپ، كونا زىغىر تالالىق رەختنى ئۇنىڭدا نەمدەپ، سارغايتىلغان كىبرىت بىلەن ھەمەل قىلىش، ئۆشنە، ھەببۇلئاس، بەللۇت قاتارلىقلارنى قايىنتىپ، ئۇنىڭ قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جىنسىي يول ۋە پەرجىنى تارايتىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

# بالىياتقۇ ۋە پەرجى سىيىق پۇراش

بۇ كېسەللىك بالىياتقۇ جاراھىتى ۋە بالىياتقۇ يارىسىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

سەۋەبى

قىيىن تۇغۇت، ھامىلە ئۆلۈپ قېلىش، ئۆتكۈر دورىلارنى ئىشلىتىش، ئۆتكۈر سۇيۇقلۇق ئىچىش، يىرىڭلىق ئىششىق ئوفۇنەتلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

داۋاسى

خۇش پۇراق دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بالىياتقۇ سىيىق پۇراش يىرىڭ ئېقىش سەۋەبىدىن بولسا، يۇلغۇن سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. كۈندۈر، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان، سەرۋى دەرىخى مېۋىسى، ئانار پوستى، زەمچە، مۇرمەككى، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى پاقىيوپۇرمىقى سۈيىدە يۇغۇرۇپ، لاتىغا يۇقتۇرۇپ بالىياتقۇ ئېغىزىغا قويۇلىدۇ. ئەگەر يارا بالىياتقۇ تېگىدە بولسا مۇشۇ دورىلار ماڭغۇزۇلىدۇ، ئەگەر مۇشۇ دورىلارغا گىل ئەرمەنى، ئاقاقىيا، موزا، رامەك قوشۇلسا ياخشى بولىدۇ، قۇرسى كەھرىۋا ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار يېگۈزۈلىدۇ. ھۆللۈك ئېقىش سەۋەبىدىن بولسا، ئاق خۇن كۆپ كېلىشنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئەگەر يىرىڭ ياكى ئاق خۇن كەلمىسە خۇش پۇراق قىلغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بەدەننى تازىلىغاندىن كېيىن، مۇرمەككى، تۇخۇم شاكىلىنى پىننە ۋە ئاس سۈيىدە يۇغۇرۇپ تەكرار ھەمەل قىلىش، ئەنبەر بىلەن مومنى ھەمەل قىلىش، بالىياتقۇ ۋە پەرجە سىيىق پۇراشنى يوقىتىدۇ. جۇۋنە، تۇخۇم شاكىلى، خىنە يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچسە ۋە ھەمەل قىلسا، بالىياتقۇدىكى سىيىق پۇراقنى يوقىتىپ، خۇش پۇراق قىلىدۇ.

# بالياتقۇ ۋە پەرجى سوۋۇش

بالياتقۇ ۋە پەرجە سوۋۇش جىماغا زىيان قىلىدۇ، قۇۋۋەتنى تۆۋەنلىتىدۇ، مەنىينى بۇزىدۇ.

سەۋەبى

بالياتقۇ ۋە پەرجە سوۋۇش ئومۇمىي بەدەن مىزاجىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولىدۇ.

داۋاسى

بالياتقۇ ۋە پەرجە سوۋۇش قايسى خىلتنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كېلىپچىققان بولسا، شۇ خىلىت تازىلىنىدۇ، ئەگەر خىلىت بۇزۇلغانلىقتىن بولمىسا، پەقەت ياخشىلىغۇچى پەرزىجىلەردىن لوك، ئىپار، زەپەر قاتارلىقلارنى رەيھان شەربىتىدە قاينىتىپ، ئۇنىڭدا زىغىر تالالىق رەختنى نەمدەپ پەرزىجە قىلسا، پەرجىنى قىزىتىدۇ ۋە خۇش پۇراق قىلىدۇ.

يەنە ئاقىرقەرھا، لىھيەتۇتتىس ئۇسارىسىنىڭ ھەربىرىدىن 5 .3 گىرام، سەرۋى دەرىخى مېۋىسىدىن 17 گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى سوقۇپ خالىس شارابتا قاينىتىپ، سۈزۈپ، ئۇنىڭدا ئابىزەن قىلسا پەرجىنى قىزىق، يۇمشاق ۋە تار قىلىدۇ.

پەرجىنىڭ سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈكىنى يوقىتىدىغان شامچە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: مىئەسائىلە، قۇندۇز قەھرى، ، قۇستە، جاۋشىر، ھەببى بىلسان، ھەببۇلبان، ئاچچىق قۇستە، سۇمبۇل ھىندى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يېلىم دورىلارنى كونا ئۈزۈم شارابىدا ئېزىپ، باشقا دورىلارنى سوقۇپ، تاسقاپ، ئۈزۈم شارابىدا ئېرىتىلگەن يېلىم دورىلار بىلەن يۇغۇرۇپ شامچە تەييارلاپ، كەچتە جىما قىلىشتىن تۆت سائەت بۇرۇن بىرنەچچە قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. سەئدى كۇفىنى شارابتا يۇغۇرۇپ زىمات قىلىشمۇ بالىياتقۇ ۋە پەرجىنى قىزىتىدۇ، مەرزەنجۇش قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزۇش ۋە پەرزىجە قىلىش بالياتقۇنى قىزىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى يوقىتىدۇ.

# ساختا ھامىلدارلىق

بۇ، ھامىلدارلىق ۋە ئىستىسقاغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئايال ھامىلدار بولماي تۇرۇپ ئۇنىڭدا ھامىلدارلىقنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلىدۇ.

### سەۋەبى

بالىياتقۇ تومۇرلىرىدا مەلۇم توسۇلۇش بولغانلىقتىن ھەيز قېنى تولۇق كېلەلمەي يىغىلىپ قالىدۇ ياكى بالىياتقۇدا قويۇق يەل پەيدا بولۇپ، بالىياتقۇنى كۆپتۈرىدۇ ياكى ئايالنىڭ مەنىيسى بالىياتقۇغا چۈشۈپ يوغىناشقا باشلىغاندا قان بىر تەرەپكە قايتىپ، ئۇنى گۆش پارچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خىل مەنىيدە ئەرنىڭ مەنىيگە ئوخشاش شەكىللەندۈرگۈچى قۇۋۋەت بولمىغاچقا بالا شەكىللەنمەيدۇ. يەنە بالىياتقۇ ئېغىزى ياكى بالىياتقۇ تېنىدە قاتتىق ئىششىق پەيدا بولۇپ، بۇ كېسەلگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ كېسەللىك ئومۇمەن بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرغان، پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى بەك زىيادە بولغان ئاياللار ياكى بالىياتقۇ بويىنى بوغۇلۇش كېسىلى بار ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

### ئالامىتى

ھامىلدار بولغانغا ئوخشاش ھەيز توختايدۇ. ئايالنىڭ رەڭگى-رويى سۇسلىشىدۇ. ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ، ھۇرۇنلىشىپ قالىدۇ. غەم-ئەندىشە قىلىدۇ. ئەمچىكى ئېسىلىدۇ، بەزىدە ئىششىيدۇ. قورسىقى ھەقىقىي ھامىلدارنىڭ قورسىقىغا قارىغاندا قاتتىقراق بولىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزى چاپلىشىپ قالىدۇ، پۇتى ئىنچىكە بولۇش بىلەن بىرگە بەك ئېسىلىدۇ. بىمارغا ھامىلە مىدىرلىغاندەك سېزىلىدۇ. ئەمما بىر مەزگىل مىدىرلاپ توختاپ قالىدۇ، مىدىرلاش دائىرىسى ھامىلىنىڭ مىدىرلاش دائىرىسىگە ئوخشايدۇ. قول بىلەن باسقاندا ئوڭ ۋە سول تەرەپكە يۆتكىلىدۇ. بەزىدە تۆت-بەش يىلغىچە ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ، داۋالاشنى قوبۇل قىلمايدۇ. بەزىدە تۇغۇتقا ئوخشاش

تۇغۇت تولغىقى تۇتىدۇ. بەزىدە نېمىنىڭ سۇرتىدە ئىككەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر پارچە گۆش تۇغىدۇ. بەزىدە خالىس يەل چىقىدۇ. بەزىدە يىغىلىۋالغان ئېشىندىلار كۆپ مىقداردىكى توختاپ قالغان قان بىلەن چىقىدۇ.

داۋاسى

بەلغەمنىڭ مۇنزىجى بىلەن ماددىنى پىشۇرغاندىن كېيىن بەلغەمنىڭ مۇسھىلى ۋە ھەببى ئايارەج بىلەن تازىلىنىدۇ ۋە يەلنى يوقىتىدىغان ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇناتلار ئىشلىتىلىدۇ. تەرياقى ئەربەئە، سۇيدۇك ھەيدىگۈچى دورىلار ماش، ئارچا مېۋىسى، تاغ پىننىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلۈك ھامىلىنى چىقىرىدىغان دورىلارنىڭ قاينىتىلمىسىغا خالىس ھەسەل قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىچىلىدىغان، ھەمەل قىلىنىدىغان ھەيز ماڭدۇرغۇچى باشقا دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتىلغان قومدىن تەييارلانغان يەل تارقاتقۇچى ئىسسىق ئۆتكۈزگۈچلەر، زىرە، ياليۇز، قەردمانە، بابۇنە، جاۋشىر قاتارلىقلارغا كەرەپشە سۈيى قوشۇپ تەييارلانغان زىماتلار ۋە يەسمەن يېغى، سۇزاپ يېغىغا ئوخشاش ياغلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ساختا ھامىلىدارلىقنىڭ سەۋەبى ئىسسىق ماددىلارنىڭ قويۇلۇشى ۋە قان تولۇپ قېلىش بولسا، باسلىق تومۇر، سافىن تومۇرلاردىن قان ئېلىنىدۇ. ھارارەت يوقالغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە ماددىنى پىشۇرۇپ ۋە تەكرار تازىلاپ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەجۇناتلار ۋە دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ساختا ھامىلىدارلىقنىڭ سەۋەبى قويۇق يەل بولسا، شەربىتى بۇزۇرى مائۇلئۇسۇل بىلەن بېرىلىدۇ. يەل يوقىتىدىغان زىمات، مەجۇن، ھۆقنە، شامچە قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئىستىسقائى تەبەلى، يەلدىن بولغان قۇلۇنجى، بالىياتقۇ كۆپۈش قاتارلىقلارغا ئىلاج قىلىنىدۇ. ساختا ھامىلىدارلىققا مەنپەئەت قىلىدىغان دورىلاردىن ئارچا مېۋىسىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ، بىر پىيالە سۇ بىلەن بىر ھەپتىگىچە ئايالغا ئىچكۈزسە، ساختا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

قەنتەرىيۇن، ماھىزەھرەج، ئەپسەنتىن ئۇسارىسىنىڭ ھەربىرىدىن 5. 0 گىرام، غارىقۇن، ئايارەج پەيقرانىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، ئاق تۇربۇتتىن 5. 3 گىرام، شەھمەنزەل، قورۇلغان سوقمۇنىيانىڭ ھەربىرىدىن 11 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە ھەب تەييارلاپ ئىشلىتىلسە، ساختا ھامىلىنى چۈشۈرۈشتە مەنپەئەت قىلىدۇ.

# هامىلە چۈشۈپ كېتىش

ئايال ھامىلدار بولۇپ، تۇغۇت ۋاقتى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھامىلە چۈشۈپ كېتىدۇ.

سەۋەبى

1. تاشقى سەۋەب: ئۆتكۈر تېپىلدۇرغۇچى دورىلار، سۈرگە دورىلىرى، قەي قىلدۇرىدىغان دورىلار، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش ياكى ئۇرۇلۇش، يىقىلىش، قاتتىق سەكرەش، قاتتىق ھەرىكەت قىلىش، كۈچلۈك چۈشكۈرۈش، قاتتىق يۆتىلىش، ئۈنلۈك ۋارقىراش، ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈش، ھاۋا سوۋۇپ كېتىش ياكى بەك ئىسسىپ كېتىش، مۇنچىدا ئۇزاق تۇرۇش قاتارلىقلار.

2. ھامىلدارنىڭ بەدىنىدىكى كېسەللىكلەر: ئىسسىقتىن بولغان قىزىتما، تىترەش، سەپرا ۋە بەلغەمدىن بولغان ھەر خىل ئىچ سۈرۈش، بولۇپمۇ ئۈچەي شىللىق پەردىسى سويۇلۇش، قان تولغاق، ھامىلدار ئورۇقلاپ كېتىش ياكى قاتتىق ئاچ قېلىش، قان ئېلىش ياكى ئۆزلۈكىدىن ھەيز قېنى كېلىش، بەدەندىن ماددا ياكى قان چىقىپ كېتىش، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىقلار.

3. روھىي ئامىللار: قاتتىق ئاچچىقلىنىش، تۇيۇقسىز قورقۇپ كېتىش، ئېغىر غەم- قايغۇ، تۇيۇقسىز بەك خۇشال بولۇش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

4. بالىياتقۇ ئاپەتلىرى ۋە كېسەللىكلىرى: بالىياتقۇ ئېغىزى ئېچىلىپ قېلىش، بالىياتقۇ ئېغىزى تولۇق يۇمۇلماسلىق، بالىياتقۇ تۆۋەنلەش، بالىياتقۇغا ياكى تومۇرلارنىڭ ئېغىزىغا تېپىلدۇرغۇچى ھۆللۈكلەر كۆپ قۇيۇلۇش، كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقلىق ياكى توڭلاتقۇچى سوغۇقلۇق، قۇرۇقلۇقتىن بالىياتقۇ مىزاجى بۇزۇلۇش، ھامىلە غىزاسى ئازىيىش، بالىياتقۇدا يەل كۆپ بولۇش، بالىياتقۇ ئىششىش، بالىياتقۇ قېتىش، بالىياتقۇ سەرتانى، بالىياتقۇ يارىسى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

5. ھامىلە ئەھۋالىنىڭ بۇزۇلۇشى: بىرەر سەۋەب بىلەن ھامىلە ئۆلۈپ قېلىش، ھامىلە ئاجىز بولۇش، كېسەل بولۇش، ھامىلىنى ئوراپ تۇرىدىغان شىللىق پەردە يىرتىلىش ياكى بوشاپ كېتىپ بالىياتقۇغا زىيان قېلىش، بالىنى بالىياتقۇدىن تېيىلدۇرىدىغان ھۆللۈك قۇيۇلۇش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

## ئالامىتى

ھامىلىدارنىڭ بويىدىن ئاجرىغاندا ئەمچىكى كىچىكلەشكە باشلايدۇ. ھامىلىدارنىڭ بەل ۋە داس قىسمىدا ئېغىرلىق پەيدا بولىدۇ. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بالىياتقۇدا ئاغرىش سېزىمى پەيدا بولىدۇ، بالىياتقۇدىن قان كېلىدۇ. ئەگەر ھامىلىدار بولۇپ 2 ـ 3 ئايدىن كېيىن بالا چۈشۈپ كەتسە، جىنسىي يول كېڭىيىپ بوشاپ كېتىدۇ، بالىياتقۇ ئۆز ئورنىدىن تۆۋەنلەيدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزى كېڭىيىپ قالىدۇ.

## داۋاسى

قايسى سەۋەب بالىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولسا، ئۇنى يوقىتىشقا چارە قىلىنىدۇ، ئەگەر سىرتقى مۇھىت سەۋەبىدىن بولسا، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇلىدۇ، بەدەندىكى سەۋەبلەردىن بولسا، مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ھۆللۈك سەۋەبىدىن بولسا، ھامىلىدار بولۇشتىن بۇرۇن قەي قىلدۇرۇلىدۇ. بەلغەمى مۇنزىج بىلەن مادا پىشقاندىن كېيىن بەلغەمنىڭ مۇسھىلى ۋە ھەببى ئايارەج بىلەن تازىلىنىدۇ. داۋائىلمىشكى ھار، ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇناتلار يېگۈزۈلىدۇ. گۈلقەنتنى مەستىكى ئۇد ھىندى بىلەن يېيىشمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار ھۆقنە قىلىنىدۇ. مائۇلئۇسۇل ۋە شەربىتى بۇزۇرى ئىشلىتىش، بالىياتقۇنى تازىلايدىغان، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدىغان ھۆقنە قىلىشمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئەگەر قويۇق يەل سەۋەبىدىن بولسا، جاۋارىش كۇمۇنى يېگۈزۈلىدۇ. بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، سېرىقچېچەك، مەرزەنجۇش، مەستىكى، پىننە، سۇزاپ، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەديان، بەرەنجاسپ، زىرە، جوۋنە قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىسسىق

تەبىئەتلىك يەل تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ. ئەۋرەت ئەتراپى، پەرجە، بەل قاتارلىق جايلارغا گۈلسەۋسەن يېغى ۋە يەسمەن يېغى سۈركىلىدۇ ھەم بۇ ياغلار ھۆقنە قىلىنىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن بەلغەمنىڭ مۇسھىلى بىلەن تازىلىنىدۇ. يەل تارقىتىدىغان ۋە بالىياتقۇ مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلغانلىقىغا مەنپەئەت قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەردىن ئۇتلۇق ھىجامەت قويۇلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك ھۆقنىلەر، پەرزىجىلەر، تىلالار ۋە ياغلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ھامىلە چۈشۈپ كېتىش ھەيز قېنى مېڭىپ كېتىشتىن بولسا، ھەيز قېنىنى توختىتىشتا سۆزلەنگەن ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر ھامىلدارنىڭ ئورۇقلۇقى سەۋەبىدىن بولسا، غىزادىن كېيىن مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ھالۋا، كالا يېغى، شېكەر يېگۈزۈلىدۇ. سېمىز توخۇ گۆشى شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر باشقا بىرەر سەۋەب بولسا، پەسىل ۋە مىزاجغا رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە شۇ سەۋەب يوقىتىلىدۇ.

# قيىن تۇغۇت

ئەگەر تۇغۇت ۋاقتىدا ئاغرىق قورساق ۋە دوۋسۇن تەرەپتە بولسا تۇغۇت ئاسان بولىدۇ. ئەگەر ئاغرىق ئارقا تەرەپ، ئىبغىزمان تەرەپكە مايىللىراق بولسا تۇغۇت قيىن بولىدۇ.

سەۋەبى

① ھامىلىدارنىڭ سەۋەبىدىن؛ ② ھامىلىنىڭ جىنسىي سەۋەبىدىن؛ ③ باللياتقۇ سەۋەبىدىن؛ ④ بالا ھەمراھى سەۋەبىدىن؛ ⑤ باللياتقۇغا قوشنا ئەزالار سەۋەبىدىن؛ ⑥ تۇغۇش ۋاقتى سەۋەبىدىن ؛ ⑦ تۇغۇت ئانىسى سەۋەبىدىن؛ ⑧ سىرتقى سەۋەبلەردىن بولىدۇ.



## ھامىلىدارنىڭ سەۋەبىدىن بولغان قيىن تۇغۇت

### سەۋەبى

ھامىلىدار ئاجىز، ئىلگىرى ئۇزۇن كېسەل بولغان ۋە ئاچلىق ئازابىنى تارتقان بولىدۇ ياكى ئىلگىرى ھامىلىدار بولماي تۇنجى قېتىم ھامىلىدار بولۇپ، تۇغۇتتا بەكرەك قورققان ۋە بەكرەك ئاغرىغان بولىدۇ ياكى يېشى چوڭ، تېنى ئاجىز ياكى بەك سېمىز بولىدۇ ياكى ئاغرىقتا ئانچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولىدۇ ياكى كۆپ ھەرىكەت قىلغانلىقتىن بالا باللياتقۇ ئىبغىزىغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

داۋاسى

قيىن تۇغۇت ئايالنىڭ ھەددىدىن زىيادە سېمىزلىكىدىن بولسا، ئايالنى دوم ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ تىزى، باللياتقۇ ساھەسى، كىندىك ئەتراپى، ئىنچىكە بەل، بەل قاتارلىقلارغا ياغ ۋە ئىېرىتىلگەن موم سۈركىلىدۇ ۋە تۇغۇت ئانىسى بارمىقىغا ياغ،

ئېرىتىلگەن موم ۋە سېرىق ماي قاتارلىقلارنى سۈركەپ، بالىياتقۇ ئېغىزىغا كىرگۈزۈپ، بالىياتقۇ ئېغىزىنى ئاز-ئازدىن ئېچىپ بالىياتقۇ ئىچىگە ياغ سۈركەيدۇ. ئەگەر ئايال بۇنىڭدىن قورقسا قورقماسلىقنى دەۋەت قىلىنىدۇ. كۆچەپ ئىنجىقلاشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئايال هوشسىزلانسا ۋە تولغاقتىن قۇۋۋىتى ئاجىزلىسا، ئىپار ۋە غالىيەگە ئوخشاش خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ ۋە ئۇد هىندى، سەندەل بۇخۇر قىلىنىدۇ. مائۇللەهمى، توخۇ چۈجىسى شورپىسى بېرىلىدۇ.

ئەگەر قىيىن تۇغۇت قۇۋۋىتى داپىئە (ئىتتىرگۈچى قۇۋۋەت) نىڭ ئاجىزلىقىدىن بولسا، بەل ۋە قورساققا يەسمەن يېغى، كۆنجۈت يېغى ۋە زەيتۇن يېغى سۈركىلىدۇ. بابۇنە، سېرىقچېچەك، ئىكلىلمىلىك، مەرزەنجۇش، رەيهان، كاللەكبەسەي يوپۇرمىقى، قىزىلچا، زىغىر ئۇرۇقى قاتارلىقلار قاينىتىلغان سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. زىغىر تالالىق رەختكە كۇندۇش، قۇندۇز قەهرى يۇقتۇرۇپ بۇرۇنغا يېقىن قويۇلىدۇ. ئەگەر چۈشكۈرۈك كەلسە، ئېغىز ۋە بۇرۇن قول بىلەن تۇتۇۋېلىنىدۇ ياكى تاغ پىننىسى، پىرسىياۋشاننىڭ ھەربىردىن 10 گرام، ئاق شېكەردىن 35 گرام ئېلىپ، جۇلاپ تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ياكى تۆگە ئۆتى، بېلىق كۆزىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ بۇخۇر قىلىنىدۇ. يىرىق، ئىنچىكە بەل سىقىپ بېرىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق ياغ سۈركىلىدۇ.



## هامىلە سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت

بۇ، هامىلىنىڭ جىنسىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قىز بالىنى تۇغۇش ئوغۇل بالىنى تۇغۇشقا قارىغاندا قىيىنراق بولىدۇ ياكى هامىلىنىڭ چوڭلۇقىدىن ياكى هامىلە بېشىنىڭ چوڭلۇقىدىن ياكى هامىلە تېنىنىڭ چوڭلۇقىدىن بولىدۇ ياكى هامىلىنىڭ بەك كىچىك بولۇپ، تۆۋەنلىمىگەنلىكىدىن بولىدۇ ياكى هامىلە ئورنىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدىن بولىدۇ ياكى هامىلىنىڭ ئىككى بېشى بولغانلىقىدىن ياكى كۆپ كېزەكنىڭ قىستىلىپ هەربىرى هەرىكەتلىنىشكە ئورۇن تاپالمىغانلىقتىن بولىدۇ ۋە ياكى هامىلىنىڭ ئاجىزلىقى ياكى هامىلىنىڭ ئۆلۈپ

قالغانلىقىدىن ياكى ھامىلە پۈتى بىلەن ياكى يانچە ۋە قولى بىلەن ياكى قاتلىنىپ ساغرىچە كەلگەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇ، ھامىلە ھەرىكىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن ياكى ئانىنىڭ كۆپ ئۆرۈلگەنلىكىدىن بولىدۇ.

داۋاسى

ئەگەر قىيىن تۇغۇت بالىنىڭ غەيرىي تەبىئىي شەكىلدە كېلىشىدىن بولسا، بالىنى قايتۇرۇپ ئۆرۈپ تەبىئىي شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ چارىنى قىلىش مۇمكىن بولمىسا، بالىنى ئۆلۈك بالىنى چىقارغاندەك چىقارماي ئامال بولمايدۇ. ئەگەر قىيىن تۇغۇت بالىنىڭ چوڭلۇقىدىن بولسا، لوئابلار، ياغلار سۈركىلىدۇ. چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈشتە شۇمشا ئۇرۇقى، خورما قاينىتىلمىسى ۋە بادام يېغى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بالا ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولسا ياكى بېشى چوڭ بولسا ياكى بالىنىڭ بېشى ئىككى بولسا ياكى بالا غەيرىي يېتىلىپ قالغان بولسا، بالىنىڭ ئەزالىرىنى كېسىپ بىر ـ بىرلەپ ئالماي ئامال بولمايدۇ.



## بالىياتقۇ سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت

بالىياتقۇ كىچىك بولىدۇ ياكى بەدەن قۇرۇق بولۇپ، بالىياتقۇدا ھامىلىنى تېپىلدۇرىدىغان ھۆللۈك بولمايدۇ ياكى بالىياتقۇ تۇغما تار بولىدۇ ياكى بالىياتقۇدا ئىششىق ياكى يارا ياكى يېرىلىش ياكى بالىياتقۇ بوۋاسىرىغا ئوخشاش ناچار كېسەللىكلەردىن بىرەر كېسەللىك بولىدۇ ياكى ئايالدا پۈتەيلىك بولسا، بالىياتقۇ ئېغىزى تولۇق بولمىغان ھالەتتە يېرىلىدۇ. بۇ ئەھۋال بالىياتقۇ تۇغما تار بولۇشقا ئوخشاشتۇر.

داۋاسى

بالىياتقۇ سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇتتا بالىياتقۇدا بىرەر كېسەللىك ياكى ئىششىق بولسا، شۇ كېسەللىك ياكى ئىششىق داۋالىنىدۇ، بالىياتقۇنىڭ تارلىقى، كىچىكلىكى، قۇرۇقلۇقى سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇتتا قىرۇتى، ئۆردەك

يېغى، توخۇ يېغى، سېرىقچېچەك يېغى سۈركىلىدۇ ۋە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قائىدىلەر بويىچە ئىش قىلىدۇ، بۇنى تۆت قېتىم بىر كۈندىلىك قاينىتىلما بىلەن ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ ۋە چۈشكۈرتۈلىدۇ.

## باش سۆيى قېپى سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت

باش سۆيى قېپى قېلىن بولۇپ يېرىلماي، بالا قوتۇلدىغان ئورۇن تاپالمايدۇ ياكى باش سۆيى قېپى نېپىز بولۇپ، تېز يېرىلىپ بالا چىقىشتىن بۇرۇن ھۆللۈكلەر چىقىپ كېتىپ تېيىلدۇرغۇچى سۆيۈقلۇق قالمايدۇ.

**داۋاسى**

باش سۆيى قېپىنىڭ قېلىنلىقىدىن بولغان قىيىن تۇغۇتتا تۇغۇت ئانىسى سول قولى بىلەن بالا ھەمراھىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بالىياتقۇغا زىغىر ئۇرۇقى لوئابى قوشۇلغان كۆنجۈت يېغى قۇيۇپ، ئوڭ قولىنىڭ تىرنىقى بىلەن ياكى سايمان بىلەن باش سۆيى قېپىنى يىرتىدۇ. باش سۆيى قېپىنىڭ نېپىزلىكى ۋە تېز يېرىلىپ كېتىشىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت بالىياتقۇ قورۇقلۇقىنى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن داۋالىنىدۇ.

## بالىياتقۇغا قوشنا ئەزالار سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت

دوۋساقتا ئىششىق بولىدۇ ياكى سۆيدۈك توختاپ قېلىش ۋە ئۈنىڭدىن باشقا بىرەر ئاپەت بولىدۇ ياكى ئۈچەيدە قۇرۇق گەندە كۆپ بولىدۇ ياكى باشقا سەۋەبتىن بولغان قولۇنجى، بوۋاسىر ياكى مەقئەت يېرىلىش بولىدۇ.

**داۋاسى**

دوۋساق ئىششىقى، تۈز ئۈچەي ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش باشقا ئەزالارنىڭ شېرىكچىلىكى سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇتنى داۋالاشتا، ئالدى بىلەن شۇ كېسەللىكلەر بايانىدا سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بالىنى تېيىلدۇرىدىغان ياغلار ۋە لوئابلار ئىشلىتىلىدۇ ۋە چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈشكە ئىلاج

قىلىنىدۇ. ئەگەر قىيىن تۇغۇت سۈيدۈك توختاپ قېلىش ۋە قەۋزىيەت بولۇش سەۋەبىدىن بولسا، يېنىك ھۆقنە ئىشلىتىلىدۇ. نوقۇت، سېرىقچېچەك، بەدىيان، چالا سوقۇلغان بىستىپايەج، زاراڭزا ئۇرۇقى، خورما قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى ۋە بادام يېغى ئىچكۈزۈلىدۇ. كىندىك ئاستىغا سېرىقچېچەك يېغى سۈركىلىدۇ. دوۋساق بوشىغىچە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

## تۇغۇت ۋاقتى سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت

بالىنىڭ تۇغۇلۇش ۋاقتى بۇرۇن بولۇشتىن ياكى تۇغۇلۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشتىن بولىدۇ.

ئەگەر تۇغۇت ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، توخۇ چۈجىسىنىڭ مايلىق شورپىسى ياكى سېمىز توخۇ يېغى ياكى ئۆردەك يېغىدىن تەييارلانغان شورپا ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئازراق رەيھان شەربىتى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆل سۈزاپ سۈيى ياكى قۇرسى مور بېرىلىدۇ. ئەگەر ئەھۋال ئېغىرلىشىپ كەتسە، ھىڭ ۋە جاۋاشىرنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ يەتتە گىرام يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنىڭ پۇرىقىنى يامان كۆرسە، ئۈچ گىرام غالىيەنى رەيھان شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە مائۇللەھمى خۇش پۇراق شاراب بىلەن كۆچلەندۈرۈپ بېرىلىدۇ.

## تۇغۇت ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان قىيىن تۇغۇت

تۇغۇت ئانىسى قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇپ قىيىن تۇغۇت كېلىپچىقىدۇ.

## سىرتقى سەۋەبلەردىن بولغان قىيىن تۇغۇت

قاتتىق سوغۇقتا نەسىل ئەزالىرىنىڭ قىسقىرىشى تەس بولىدۇ ياكى قاتتىق ئىسسىقتا قۇۋۋەت ئاجىزلايدۇ ياكى ئايال خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن ۋە ئۇلارنى پۇرىغان بولسا، بۇ سەۋەبتىن ئايالنىڭ بالىياتقۇسى دائىم ئۈستى تەرەپكە

تارتىلىدۇ. شۇڭا قىيىن تۇغۇت بولغاندا زىيادە خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلمايدۇ.

### داۋاسى

قىيىن تۇغۇت سوغۇق ھاۋا سەۋەبىدىن بولسا، ئايال مۇنچىدا ياكى ئىسسىق ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە يىرىق، كىندىك ئەتراپى، بەل قاتارلىق ئورۇنلار يەسمەن يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ ۋە شۇمشا ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلار قاينىتىلغان ئىسسىق سۇ شۇ ئورۇنلارغا قۇيۇلىدۇ، ئازراق شاراب يەسمەن يېغى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئازراق غالىيەنى ياكى ئازراق قۇندۇز قەھرىنى شارابقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قىيىن تۇغۇت ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ۋە بەدەننىڭ شالاڭلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا، ئايال سوغۇق ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە شامالدۇرغۇچ بىلەن شامالدىتىلىدۇ. توققۇز كۆز ۋە يىرىققا گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى، ئاق سەندەل ۋە قىزىل سەندەل يېغى سۈركىلىدۇ. سەندەل، گۇلاب، كافۇر، ئاس سۈيى قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ. جۇلاپ، ئانار سۈيى ۋەسوغۇق سۇ قاتارلىقلار ئاز-ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئېتى بىلەن سىقىلغان ئاچچىق، تاتلىق ئانار سۈيىدىن 35 گىرام ئېلىپ، تەرەنجىبىن بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. غىزاسىغا ماشتىن تەييارلانغان كېسەل ئېشى، بادام شىرىسى پالەك بىلەن بېرىلىدۇ.

# بالا ھەمراھى ۋە ئۈلۈك ھامىلە تۇرۇپ قېلىش

ئۆلۈك ھامىلە بالىياتقۇدا تۇرۇپ قالسا، قورساق بەك ئېغىرلاپ كېتىدۇ. ھامىلدار بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆرۈلسە تاشقا ئوخشاش بىر نەرسە يۆتكىلىدۇ، كىندىك سوۋۇپ كېتىدۇ، ئەمچەك ئورۇق ۋە بوش بولىدۇ، بەزىدە جىنسىي يولدىن سېسىق پۇراقلىق زەرداب ئاقىدۇ، ھامىلدارنىڭ كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كۆزىنىڭ ئېقى كۆكىرىپ قالىدۇ. بەزىدە كالپۇكلىرى قىزىل بولۇش بىلەن بىرگە قۇلىقى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچى ئاقىرىپ قالىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بالا مىدىرلىمىسا، ھامىلدارنىڭ قول- پۇتى سوۋۇپ كەتسە، نەپىسى ئىتتىك بولمىسا ۋە تۆت كۈنگىچە تۇغۇت ئاغرىقى داۋاملاشسا، بالىنىڭ قورساقتا ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

داۋاسى

ئۆلۈك ھامىلىنىڭ ئانىغا خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆلۈك ھامىلىنى تېزدىن چىقىرىشقا ئامال قىلىنىدۇ. تاغ پىننىسى، پىرسىياۋشان، ئارچا مېۋىسىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ماش، پىننىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، ناۋاتتىن 45 گىرام ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. زىغىر تالالىق رەختتكە كۈندۈش، قۇندۇز قەھرىنى يۇقتۇرۇپ بۇرنىغا تىقىپ چۈشكۈرۈك كەلتۈرۈلىدۇ. مۇرمەككى، جاۋشىر، ئاق خەربەق قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، كالا ئۆتىدە يۇغۇرۇپ كىندىك ئاستىغا قويۇلىدۇ. قۇرۇق سۈزاپ، شەھمەنزەل، قۇستىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، مۇرمەككىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سوقۇپ، كىندىك ۋە كىندىك ئاستىغا زىمات قىلىنىدۇ. يىلان تېرىسى، كەپتەر مايىقىنى كۆيدۈرۈپ، ئايالنىڭ ئاستىدىن ئىسرىقلاندۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىلاج بىلەن ئۆلۈك ھامىلە تۇغۇلمىسا، تۇغۇت ئانىسى قولىنى بالىياتقۇغا سېلىپ بالىنى چىقىرىدۇ ياكى بالىنى پارچە- پارچە قىلىپ ئالىدۇ.

# تىرىك بالا، ئۆلۈك بالا ۋە بالا ھەمراھىنى چىقىرىدىغان ئابزەن

تاغ پىيىنىسى، بەرەنجاسىپ، ئىبگىر، قۇستە، قىلىن دارچىن، جۇۋىنە، پىنىە، مەرزەنجۇش، ئادراسمان ئۇرۇقى، شۇمشا ئۇرۇقى، تاغ كۆدىسى، چاڭگاك، ئۇدىبلسان، ئاسارۇنىنىڭ ھەربىرىنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، ئۇنىڭدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

ئۆلۈك ۋە تىرىك ھامىلىنى چىقىرىشتا سۇزاپ، سەۋزە ئۇرۇقى، ئات ئۆتى، ئادەم چىچى، جاۋشىر، قارچىغا مايىقى، مۇرمەككى، مۇقەل، سەكبىنەج، ئېشەك ئۆتى، ھىڭ، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، شەھمەنزەل، پەرپىيون، خەربەق، كۆندۈش قاتارلىق دورىلارنى مۇناسىپ بولغانلىرىنى كالا ئۆتى بىلەن يۇغۇرۇپ بوخۇر قىلىنىدۇ. جاۋشىر، سەكبىنەج قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ھەب تەييارلاپ، 10 گىرام يېگۈزسە، بالىياتقۇدىكى نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ.

ئۆشنە، قەتران، شەھمەنزەل، قىسائۇل ھىمار ئۆسۈملۈكى، قارا خەربەق، ياۋا ئۈزۈم، نۆشۇدۇر، زىراۋەندە، مازارىيون، جاۋشىر، ساپ مۇرمەككى، سەكبىنەج، ئابدىملىك يېغى، كالا ئۆتى قاتارلىقلار قائىدە بويىچە يەككە ھالەتتە ياكى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلسە، بالا ۋە بالا ھەمراھىنى چىقىرىدۇ ۋە ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

# نىپاس خۇنى توختاپ قېلىش

نىپاس خۇنى تۇغۇتتىن كېيىن بالىياتقۇدىن ھەيز قېنىغا ئوخشاش بىرقانچە كۈنگىچە كېلىدىغان قان بولۇپ، كېلىش ۋاقتى ئوغۇل تۇغقاندا 25 ~ 30 كۈنگىچە، قىز تۇغقاندا 35 ~ 40 كۈنگىچە بولىدۇ. نىپاس خۇنىنىڭ توختاپ قېلىشى ئېغىر قىزىتما، داۋالاش قىيىن بولغان ئىششىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ، نىپاس خۇنى توختاپ قېلىش ھەيز توختاپ قېلىشتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

داۋاسى

كەرەپشە ئۇرۇقى، بەديان، تاغ پىننىسىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرام ئېلىپ قاينىتىپ، 35 گرام شېكەر بىلەن بېرىلىدۇ ۋە ياكى بەديان، ئوغرىتىكەن، رۇمبەديان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمشىباھارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، سۈزۈپ، 36 گرام شەربىتى بۇزۇرى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر نىپاس قېنى توختاپ قېلىش قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەن بىرگە بولسا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمشىباھار ئۇرۇقى، چالا سوقۇلغان ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام، چالا سوقۇلغان قوغۇن ئۇرۇقىدىن توققۇز گرام ئېلىپ سۇغا چىلاپ، ئالتە گرام ئىسپىغول لوئابى، 18 گرام ناۋات بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر نىپاس قېنى توختاپ قالغانلىقتىن قىزىتما، قول- پۇت ئېچىشىش، قول- پۇتلار ئىششىش كۆرۈلسە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بەديان، ئىتئۈزۈمى، ئاقلانغان بىخسۇس، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ قاينىتىپ، 24 گرام خېمىرى بىنەپشە بىلەن بېرىلىدۇ.

ئەگەر نىپاس خۇنى توختاپ قېلىش بالىياتقۇ ئىششىقىغا سەۋەب بولسا، قان ئېلىش بىلەن كېسەل ساقىيىدۇ.

# نىپاس خۇنى كۆپ كېلىش

تۇغۇتلۇق ئايالدىن كېلىدىغان قان بولۇپ، بالا ھەمراھى چۈشكەندە ياكى تۇغۇپ بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ياكى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان كېسەللىكتۇر.

سىرۋەبى

تۇغۇتتىن كېيىن بالىياتقۇ ياخشى قىسقىرىماستىن بوشىشىپ قېلىش، بالا ھەمراھىنىڭ بىرقىسمى بالىياتقۇ ئىچىدە قېلىش، بالا ناھايىتى تېز تۇغۇلۇش، تۇغۇتلۇق ئايال قاتتىق ئىسسىقتا تۇرۇپ قېلىش، بەك ئىسسىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

كۆپ قاناش سەۋەبىدىن تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ چىرايى سېرىق، قول- پۇتلىرى سوغۇق بولىدۇ، سوغۇق تەرلەيدۇ، تومۇرى ئىنچىكە ھەم تېز سالىدۇ، كۆزى قاراڭغۇلىشىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىش بىلەن پۈتۈن بەدىنى تارتىشىپ بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ. كۆپ سانلىق بىمارلاردىكى كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە بەدەن تارتىشىشلار قان يوقىتىش سەۋەبىدىن كېلىپچىققان بولىدۇ.

داۋاسى

ئازراق قان كەلگەن ھامان بىمارنى ياتقۇزۇپ ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق، تۇرالغۇ جايىنىڭ ھاۋاسىنى ياخشىلاش، ھەيز قېنى كۆپ كېلىشنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى بىمارنىڭ مىزاجىغا قاراپ ئىشلىتىش لازىم.

ئەگەر بالا ھەمراھىنىڭ پارچىسى قېپقالغاندىن ياكى بالىياتقۇ ئىچكى

پەردىسىنىڭ قانىغانلىقىدىن بولسا، بالىياتقۇنى تازىلاش ئۈچۈن ئەرقى گۈل بىلەن بالىياتقۇنى يۇيۇش، ئەتىگەندە قۇرسى كەھرىۋادىن سەككىز گىرام، گىل مەختۇم ياكى گىلى ئەرمەنى ۋە ئانار گۈلىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، بىھى رۇببىسى قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ. قۇرسى كەھرىۋانى ياكى قۇرسى گۈلنارنى سوقۇپ، نېپىز رەختتە تىكىلگەن خالتىغا ئېلىپ پەرجىگە قويۇلىدۇ.

# تۇغماسلىق ۋە تەستە ھامىلدار بولۇش

بۇنىڭدا ئايال ئەۋلاد قالدۇرالمايدۇ، بۇ، ئايال تەرەپتىن ياكى ئەر تەرەپتىن بولۇپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە سەۋەبتىن كېلىپچىقىدۇ:

## ئەر ياكى ئايالنىڭ مەنىيىدىكى نۇقسانلار

بۇ نۇقسانلار ئەر-ئايال ئىككى تەرەپتە بولىدۇ. مەنىي ئازلاپ قېلىش ياكى بالا بولۇش قۇۋۋىتىگە قارشى ئىسسىقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ياكى تەبىئىي سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، ئۇزاق مۇددەتلىك ھەيز توختاپ قالغانلىقتىن بولغان سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش ياكى ھۆللۈكتىن ياكى قۇرۇقلۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇشتۇر. مىزاج بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبى مۇۋاپىق بولمىغان غىزالاردۇر. بەزىدە مەنىيدىكى مىزاج بۇزۇلۇش ھامىلدار بولۇشنى چەكلىمەيدۇ، بەلكى تەستە ھامىلدار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ ياكى بالىياتقۇغا كېلىدىغان ئۇرۇقنى بۇزىدۇ.

## بالىياتقۇدىكى نۇقسانلار

بالىياتقۇ، تۇخۇمدان ۋە باشقىلار تۇغما كەمتۈك بولۇش، تۇخۇم توشۇش نەيچىسى ئېغىر ياكى يېنىك ھالدا توسۇلۇش ياكى ناھايىتى بەك تارىيىپ كېتىش، بالىياتقۇ بەك كىچىك بولۇش، بالىياتقۇ ئېغىزى ئېتىلىپ قېلىش، تۇخۇم توشۇش نەيچىسى ئىششىپ تارىيىۋېلىش سەۋەبىدىن تۇخۇم ئۇرۇق بىلەن ئۇچرىشالماسلىق، قىزلىق پەردە قاتتىق ھەم قېلىن بولۇش، تۇخۇم توشۇش نەيچىسى ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، بالىياتقۇ سوزۇلما ئىششىقلىرى، بالىياتقۇ قوزغىلىپ مايماق بولۇپ قېلىش، بالىياتقۇ چىقىۋېلىش، بالىياتقۇ ئۆسمىلىرى، بالىياتقۇنى ياغ قاپلاش، بەدەن بەك ئورۇق بولۇش، تۇخۇمداندا يىپسىمان ساختا پەردە پەيدا بولۇش، بالىياتقۇغا سۇ چۈشۈش، تۇخۇم توشۇش نەيچە ئۆسمىسى،

ھەيز كەلمەسلىك ياكى ئاز كېلىش، ھەيز بەك ئاغرىتىپ كېلىش، ھەيز كۆپ كېلىش، ئاق خۇن كۆپ كېلىش، جىنسىي ئەزا ئىششىقلىرى، جىنسىي ئەزا پۈتەيلىكى، سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش، ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن بالىياتقۇ ئېغىزى ئوبدان يۇمۇلماسلىق ياكى بالىياتقۇنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇشتىن بولغان كېسەللىك قاتارلىقلار تۇغماسلىققا سەۋەبچى بولىدۇ.

## مەنىينى پەيدا قىلغۇچى ئەزالاردىكى نۇقسانلار

ئۇرۇقدان ئىششىپ قۇرۇپ كېتىش، مەنىي ساقلىغۇچى ئەزا يېرىلىپ كېتىش، دوۋساقتا تاش چۈشۈش، دوۋساق نېرۋىسى كېسىلىپ كېتىش قاتارلىقلار مەنىي قاچىلىرىدا مەنىي پەيدا قىلغۇچى قۇۋۋەت ۋە مەنىي چىقىرىشنىڭ ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاختا قىلىنغان ياكى ئۇرۇقدىنى ئېزىلىپ كەتكەن ياكى كافۇرنى كۆپ يېگەن كىشىمۇ شۇلارغا ئوخشاشتۇر.

## زەكەردىكى نۇقسانلار

زەكەر تۇغما قىسقا بولۇپ مەنىينى ئۆز جايىغا يەتكۈزەلمەيدۇ ياكى ئەر-ئايالنىڭ سېمىزلىكى سەۋەبىدىن زەكەر بالىياتقۇغا يەتمەيدۇ ياكى زەكەرنىڭ بەك ئۇزۇن ۋە چوڭلۇقى سەۋەبىدىن بالىياتقۇ يىغىلىپ مەنىي تېيىلىپ كېتىدۇ ياكى زەكەر مايماق بولۇپ قېلىش بىلەن بالىياتقۇ ئېغىزىغا ئۇدۇل كەلمەيدۇ.

## رەئىس ئەزالارنىڭ ئاجىزلىقى

قورقۇش، غەم- قايغۇ، باش ئاغرىش، ھەزىم ئاجىزلاش، ھەزىم بۇزۇلۇش مېڭە، يۈرەك، جىگەر ئاجىزلاش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

# تۆيۇقسىز كۆرۈلگەن ئەھۋاللار

ئەر ۋە ئايالنىڭ ئىنزال ۋاقتى قالايمىقان بولۇش، ئىككىسىدىن بىرى بۇرۇن ئىنزال بولۇش، ئايال ئىنزال بولغاندىن كېيىن تېز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش، قورقۇنچلۇق ئەھۋاللار يۈز بېرىش، غەم- ئەندىشە قىلىش، ئاچلىق ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سەۋەبلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئالدى بىلەن تۇغماسلىق سەۋەبىنىڭ مەخسۇس ئەرنىڭ مەنىيىدە ياكى ئايالنىڭ مەنىيىدە ئىكەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ. تەكشۈرگەندە ھەر ئىككىسىنىڭ مەنىيسىنى ئايرىم- ئايرىم ئېلىپ سۇغا سېلىپ، قايسىسى سۇدا لەيلىسە نۇقسان شۇنىڭدا بولىدۇ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ سۈيدۈكىنى ئېلىپ، قاپاق يىلتىزى ياكى كاھۇ يىلتىزى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ يىلتىزىغا ئايرىم- ئايرىم قۇيۇلىدۇ، قايسى سۈيدۈك ئۇ نەرسىنى قۇرۇتسا نۇقسان شۇ كىشىدە بولىدۇ. مەنىينىڭ سۇدا لەيلىشى شۇ مەنىينىڭ خام بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. سۈيدۈكنىڭ قاپاق يىلتىزى ياكى كاھۇ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشى ئىسسىقلىق ۋە كۆيدۈرۈش جەھەتتىندۇر.

**ئالامىتى**

مەنىينىڭ ئىسسىق ۋە سوغۇقلۇقى، قويۇق ۋە سۇيۇقلۇقى، رەڭگى، پۇرىقى، تومۇرنىڭ تېز ۋە ئاستىلىقى، تىندۇرۇلغان سۈيدۈكنىڭ رەڭلىكلىكى ۋە رەڭگىنىڭ سۇسلۇقى قاتارلىقلاردىن مەنىينىڭ مىزاجى مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر مەنىي قىزىق، ئېچىشتۇرىدىغان بولسا، ئاز كەلسە ۋە مەنىينىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، مەنىينىڭ مىزاجى ئىسسىق بولىدۇ. ئەگەر مەنىي سوغۇق، كۆك ياكى قويۇق بولسا، مەنىينىڭ مىزاجى سوغۇق بولىدۇ. مەنىي سۇيۇق ھەم ئاق بولۇش بىلەن بىرگە ئاز بولسا، مەنىينىڭ مىزاجى ھۆل بولىدۇ. مەنىي قويۇق ۋە يېلىملارغا ئوخشاش چاپلاشقاق بولۇش بىلەن بىرگە ئاز بولسا، مەنىينىڭ مىزاجى قۇرۇق

بولىدۇ. بالا بولىدىغان ساغلام مەنىي ئاق، چاپلاشقاق، پارقىراق بولۇپ، ئۇنىڭغا چۈشىن قونىدۇ ۋە ئۇنى يەيدۇ.

بالىياتقۇنىڭ مىزاجى ئىسسىق بولسا، جىما قىلغاندا بالىياتقۇ ئىسسىق بىلىنىدۇ، ھەيز قېنىنىڭ رەڭگى سېرىق ياكى قارامتۇل بولىدۇ، بىمارنىڭ يۈزى ئورۇق، رەڭگى سېرىق بولىدۇ. بالىياتقۇنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا، جىما قىلغاندا بالىياتقۇ سوغۇق بىلىنىدۇ، ھەيز قېنى سوغۇق، رەڭگى سۇس قىزىل بولىدۇ. ھەيز ئاستا كېلىدۇ، تومۇر قاتتىق سوقىدۇ، چىرايى ئاق بولىدۇ، بالىياتقۇ مىزاجى ھۆل بولسا، ھەيز قېنىنىڭ سۇيۇق بولۇشى بىلەن بىرگە كۆپ كېلىدۇ. بالىياتقۇ مىزاجى قۇرۇق بولسا، ھەيز قېنى قويۇق بولۇش بىلەن بىرگە ئاز كېلىدۇ ۋە مەنىي ئاز بولىدۇ.

بالىياتقۇدا بوغۇلۇش ياكى توسالغۇنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلىشتە، ئالدى بىلەن ئايالنىڭ قورسىقى ئاچ ۋاقتىدا خۇش پۇراق بۇخۇرنى نەيچە ئارقىلىق بالىياتقۇغا ماڭغۇزغاندا، بۇ بۇخۇرنىڭ پۇرىقى ئايالنىڭ ئېغىزى ياكى بۇرنىغا چىقسا، تۇغماسلىقنىڭ سەۋەبى توسالغۇ بولماي، بەلكى ھامىلدارلىقنى چەكلىگۈچى باشقا سەۋەب ۋە بالىياتقۇدا ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ھەرقانداق ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن بالىياتقۇ ئېغىزى قۇرۇماي، بەلكى ھۆل تۇرسا، بالىياتقۇسىنىڭ مەنىينى تېپىلدۇرىدىغانلىقىدىن ئايال ھامىلدار بولالمايدۇ. ئەگەر بۇ ئالامەتلەر بايقالمىسا، بىمارنىڭ سېمىز- ئورۇقلۇقى، زەكەرنىڭ قىسقا ياكى قىسقا ئەمەسلىكى ۋە ياكى مايماق ياكى مايماق ئەمەسلىكى، زەكەر تارىمۇشىنىڭ قىسقا ياكى قىسقا ئەمەسلىكى ۋە قۇلاق ئارقىسىدىكى تومۇرنىڭ كېسىلگەن ياكى كېسىلمىگەنلىكى، رەئىس ئەزالارنىڭ ئاجىز ياكى ئاجىز ئەمەسلىكى، جىنسىي يولنىڭ پۈتەي ياكى پۈتەي ئەمەسلىكى، بالىياتقۇنىڭ مايماق ياكى مايماق ئەمەسلىكى، بالىياتقۇنىڭ ئۆرۈلۈپ قالغان - قالمىغانلىقى، ھەيزنىڭ توختاپ قالغان - قالمىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ.

داۋاسى

ئەگەر تۇغماسلىق بالىياتقۇنىڭ ھۆل سوغۇقلۇقى سەۋەبىدىن بولسا، بەلغەمنىڭ

مۇنزىجى بىلەن پىشۇرغاندىن كېيىن بەلغەمنىڭ مۇسھىلى ۋە ئايارەج بىلەن تازىلىنىدۇ. تەرياقى پارۇق، سەنجىرىنا، ماددەتۇلھايات، داۋائىلمىشكى ھار ۋە باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك مەجۇناتلار، جاۋارىشلار يېگۈزۈلىدۇ. زەپەر، سۇمبۇل ھىندى، زەمچە، ئۇد ھىندى، سازەج ھىندى، ئەنزىرۇتتىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى غاز يېغى ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن يۇغۇرۇپ پەرزىجە قىلىنىدۇ. ئەگەر جويۇز، يۇلغۇن مېۋىسى، قۇرۇتۇلغان زەمچە، ئانار پوستىنىڭ ھەربىرىدىن توت گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۇدا يۇغۇرۇپ شامچە تەييارلاپ، ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن پەرزىجە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن جىما قىلسا ھامىلدار بولۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر ھۆل سوغۇقلۇق ماددىسىز بولسا، تازىلىماستىن مەزكۇر دورا ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش، كىندىك ئاستىغا ئوتلۇق ھىجامەت قويۇش مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر تۇغماسلىق ئىسسىقلىق سەۋەبىدىن بولسا، سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئالما شەربىتى، سەندەل شەربىتى، لىمون شەربىتى، شەربىتى پەۋاكىھ، سوۋۇتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. تۇخۇم سېرىقى، ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى قاتارلىقلار بىنەپشە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ پەرزىجە قىلىنىدۇ. ئەگەر سەپرا غالىب كەلسە، سەپرانىڭ مۇسھىلى بىلەن تازىلىنىدۇ. ئەگەر تۇغماسلىق قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولسا، ھۆللىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر سەۋدا غالىب كەلسە، ئۇنى تازىلاشقا مەشغۇللۇق قىلىنىدۇ. ئىسسىق، سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل ياغلار، لوئابلار ئىشلىتىلىدۇ، مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ.

ئەگەر تۇغماسلىق بەك سېمىزلىك سەۋەبىدىن بولسا قان ئېلىنىدۇ، مادا تازىلىنىدۇ، ئاچ قويۇلىدۇ، چېنىقتۇرۇلىدۇ. ئىترىفىل سەغىر، يۇيۇلغان لوكنى جاۋارىش كۇمۇنغا ئارىلاشتۇرۇپ داۋائى لوك يېگۈزۈلىدۇ. ئايالنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ ئالدىغا ئېڭىشتۈرۈپ ئارقىدىن جىما قىلىنىدۇ.

ئەگەر تۇغماسلىق زەكەرنىڭ قىسقىلىقىدىن بولسا، ئازراق خۇش پۇراق نەرسىلەر يوتا ۋە پەرجىگە سۈركىلىدۇ. زەكەرنى چوڭايتقۇچى تىلالار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر تۇغماسلىق ئورۇقلۇق سەۋەبىدىن بولسا، سەمرىتكۈچى غىزا ۋە دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر تۇغماسلىق ھەيز توختاپ قالغانلىق ياكى بالىياتقۇ ئىششىقى ياكى بالىياتقۇ بوۋاسىرى ياكى بالىياتقۇ يارىسى ياكى بالىياتقۇ كۆپۈش ياكى پۇتەيلىك ياكى ئۆسمە گۆش ياكى بالىياتقۇ مايماق بولۇپ قېلىش ياكى ھامىلىنى چۈشۈرىدىغان سەۋەبلەر ياكى زەكەر مايماق بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولسا، شۇلارنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ.

# هامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدىغان مۇرەككەپ دورىلار

ئارپا تالقىنى، مۇر مەككى، كۇندۇر، ياۋا بۇغداي، زەپەر قاتارلىقلارنى ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن بانادۇق تەييارلاپ قۇرۇتۇپ، ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن نەيچە ئارقىلىق بۇخۇر قىلىنىدۇ.

تۇغماسلىققا ئىنتايىن مەنپەئەت قىلىدىغان ھەب تەييارلاش ئۈچۈن ئىپاردىن 0.024 گىرام، ئەپيۇن، جويۇز، زەپەرنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، فۇپەل، لاچىندانىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ دانە، ئەركەك قەلەمپۇردىن تۆت دانە ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ياۋا چىلان چوڭلۇقىدا قىلىپ، ھەيزدىن پاك بولغان تۇنجى كۈنىدىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە يېگۈزۈلىدۇ.

جويۇزدىن يېرىم دانە، سېرىق ھېلىلەدىن بىر دانە، زاكىتىن 0.012 گىرام ئېلىپ، پەرزىنجە ياساپ بالىياتقۇغا قويۇلىدۇ. نارمىشكىدىن 17 گىرام، موزىدىن 1.7 گىرام، ئاق زىرىدىن 14 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، ئۈچكە بۆلۈپ، ھەر كۈنى بىر بۆلىكى پەرزىنجە قىلىنسا ئۈچ كۈنگىچە ئايال ھامىلدار بولىدۇ. ئىپار ۋە زەپەرنى كالا ئۆتىدە يۇغۇرۇپ بىر پارچە يۇڭ بىلەن ھەمەل قىلىش مەنپەئەت قىلىدۇ. پەرزىنجىنى ئاز بولغاندا بىر سائەت، كۆپ بولغاندا ئۈچ سائەت قويۇپ، ئېلىۋەتكەندىن كېيىن جىما قىلىنىدۇ.

# هامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدىغان يەككە دورىلار

ئاتىنىڭ سۈتىنى ئايالغا بىلدۈرمەستىن ئىچكۈزۈپ ئاندىن جىما قىلسا هامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. پاقىيوپۇرمىقى ئۇسارىسىنى هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن هەمەل قىلىش هامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئوغۇل تۇغۇش ئۈچۈن ئەركەك توشقاننىڭ پەنىرمايىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇقدىنى، قىز تۇغۇش ئۈچۈن چىشى توشقاننىڭ پەنىرمايىسى ۋە ئۇنىڭ تۇخۇمدىنىنى ئۈچ كۈن ئارقىمۇئارقا يېيىلىدۇ. هەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن كىبرىتلىق سۇدا بىرنەچچە قېتىم ئولتۇرغۇزۇش، ئاق لەيلى سۈيىنىڭ قاينىتىلغان سۈيىدە ئولتۇرغۇزۇش ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۆسۈملۈك يىلتىزىنىڭ سىرتقى پوستىنى ئايالنىڭ ئوڭ يوتىسىغا قويۇش قاتارلىقلار هامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

# هاملىدارلىقتىن چەكلەش

بەزىدە ئاياللىنىڭ بالىياتقۇسىدا بىرەر كېسەللىك بار، دوۋسىقى ئاجىز، يېشى كىچىك، بەدىنى ئورۇق ھەم ئاجىز بولۇپ، تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بولسا، ھاملىدار بولۇشنى چەكلەشكە ئېھتىياج چۈشىدۇ. چۈنكى ھاملە بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىشى دوۋساق يېرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئايال بىر ئۆمۈر سۈيدۈك تۇتالماس بولۇپ قالىدۇ.

ھاملىدارلىقتىن چەكلىگۈچى دورا ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ۋاقىتىنچە ھاملىدارلىقنى چەكلەيدۇ. يەنە بىرى ئۆمۈرلۈك ھاملىدارلىقنى چەكلەيدۇ. بۇ دورىلاردىن قايسىسىغا ئېھتىياج چۈشسە، شۇ دورا تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ۋاقىتىنچە ھاملىدارلىقنى چەكلەشتە، ئەر جىما قىلغاندا ئايالنى ئۆزى تەرەپكە بەك تارتمايدۇ، ئىنزال بولغاندا زەكەرنى دەرھال چىقىرىۋالىدۇ. ھەر ئىككىسى تەڭلا ئىنزال بولۇشتىن ساقلىنىدۇ. ئايالنى چۈشكۈرتۈش ئارقىلىق مەنىينى تېپىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. سوغۇق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاچچىق پىياز سۈيىنى جىمادىن بۇرۇن زەكەرگە تىلا قىلىش ھاملىدارلىقتىن چەكلەيدۇ ۋە بالىياتقۇنى مەنىينى قوبۇل قىلدۇرمايدۇ. جىما ۋاقتىدا زەكەرنىڭ بېشىنى كۈنجۈت يېغىدا ياغلىسا مەنىينى تېپىلدۇرىدۇ. يىنىە، سۈزاپنى جىمادىن بۇرۇن ھەمەل قىلىش ھاملىدارلىقتىن چەكلەيدۇ.

غەرب دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى يۇڭغا يۇقتۇرۇپ ھەمەل قىلسا ياكى پىل مايىقىنى ھەمەل قىلسا ياكى بۇخۇر قىلسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھاملىدارلىقتىن چەكلەيدۇ. بۇخۇرى مەريەم يىلتىزىنى جىمادىن بۇرۇن بويۇنغا ئېسىپ قويۇش ياكى توشقاننىڭ يۈرىكىنى ئېسىپ قويۇش ھاملىدارلىقنى چەكلەيدۇ.

# هامىلە چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

ئەگەر ھەيز قېنى كەلسە ۋە ھامىلە چۈشۈپ كېتىشنىڭ باشقا بېشارەتلىرى بولسا ھەيزنى توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ھەيز قېنى كۆپ كەلسە ۋە بەل ئاغرىسا، ھامىلە چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ئېغىرلاشسا ھەيز قېنىنى توختىتىشقا قەتئىي چارە قىلماي، بەلكى قان تولۇق چىقىپ كەتكىچە ھەيز ماڭدۇرىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ھامىلە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەرقاچان قومۇش بوغۇمىدىن بەش دانە، يۇنۇسىدىن يەتتە دانە، ياڭاق شاكىلىدىن ئالتە گىرام، كېۋەز شاكىلىدىن 24 گىرام، خىيارشەنبەر پوستىدىن 12 گىرام ئېلىپ، 2800 گىرام سۇدا قاينىتىپ ئۈچتىن بىرى قالغاندا، غىزا ۋە سۇ ئورنىدا ئىچكۈزۈلىدۇ، سېرىق ماي يېگۈزۈلىدۇ. قىرىق كۈنگىچە يەل پەيدا قىلغۇچى ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەردىن، جاپالىق ۋە چارچىتىدىغان ھەرىكەتلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ھامىلە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايدىغان ئابزەن: چالا سوقۇلغان ئاق سەندەل، نىلۇپەر يوپۇرمىقى، ھەببولئاس، ئاقاقىيا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 11 گىرام، ئانارگۈلدىن 15 گىرام، قىزىلگۈلدىن 35 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ.

ھامىلە چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بالىياتقۇدىكى يەللەرنى ھەيدەپ چىقىرىشتا بىخ مارجان، دارچىن، قىرقىلغان پىلە، لاچىندانە، زەپەر، قەلەمپۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 3.5 گىرام، قۇندۇز قەھرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە جاۋارىش تەييارلاپ ھامىلدارغا بېرىلىدۇ.

# بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ پەرۋىشى

بالىنى تۇغقان تۇنجى كۈنى كۈنىگە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ئېمىتىلىدۇ. ئانىنىڭ مىزاجى نورماللىشىپ سۈت كەلگىچە بالىغا باشقا ئايالنىڭ سۈتى بېرىلىدۇ. بالا ئېمىتىشكە تەكلىپ قىلىنغان ئايال 25 ياشتىن تۆۋەن، 35 ياشتىن يۇقىرى بولماسلىقى، بەدىنى ساغلام، ئەخلاق - پەزىلىتى ياخشى، چىرايلىق، ئەمچىكى ئوتتۇرا هال چوڭلۇقتا ۋە بوشاپ كەتمىگەن بولۇشى كېرەك. ئوغۇل بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ سۈتى قىز بالىغا، قىز بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ سۈتى ئوغۇل بالىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ سۈتىنىڭ قويۇق - سۇيۇقلۇقى مۆتىدىل، رەڭگى ئاق، تەمى تاتلىق، پاكىز، ئارىلاشما ماددا بولمىغان، كۆپۈكى ئاز بولۇشى لازىم.

سۈتنىڭ قىيامىنىڭ نورمال ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاشتا سۈتنى شىشە قاچىغا سېغىپ بىر كېچە قويۇلىدۇ. ئەگەر سۇيۇق تەركىبلەر قويۇق تەركىبلەرگە قارىغاندا كۆپرەك بولسا، سۈت سۇيۇق بولىدۇ. ئەگەر سۈتنىڭ ئۇيۇغان تەركىبى سۇيۇق تەركىبىدىن زىيادە بولسا سۈت قويۇق بولىدۇ. ئەگەر هەر ئىككى تەركىب تەڭ مىقداردا بولسا سۈت مۆتىدىل بولىدۇ. نورمال سۈتنى تىرناق ئۈستىگە تېمىتسا، ئاققا مايىل بولۇپ تىرناقتا توختايدۇ.

داۋاسى

سۇيۇق سۈتنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بالا ئېمىتكۈچى ئايالغا غەلىز غىزا ۋە سۈتتە قاينىتىلغان گۈرۈچ، سۈتتە قاينىتىلغان بۇغداي، شۇنداقلا قوي گۆشى، موزاي گۆشى، ئاق نان، ئىللىتىلغان تۇخۇم، تاتلىق شاراب، ئۈزۈم شىرنىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ ۋە كۆپ ئۇخلاشقا بۇيرۇلىدۇ.

قويۇق سۈتنى لەتىفلەشتۈرۈش ئۈچۈن بالا ئېمىتكۈچى ئايالغا ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشى ۋە سىركە، ئاچچىقسۇ، تاغ زىرىسى، تاغ يالپۇزى، پىننە قاتارلىقلار بىلەن قورۇلغان كاۋاپ بېرىلىدۇ. غىزاسىغا يېڭى بېلىقتا ئازراق تۇرۇپ سېلىپ بېرىلىدۇ. غىزادىن بۇرۇن مۇنچىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئەمچىكىگە ئىسسىق سۇ قۇيۇلىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە سىركەنجۇبىل ئىچكۈزۈلىدۇ، نورمال چېنىقتۇرۇلىدۇ.

# جىنسىي يول ياللۇغى

جىنسىي يول شىللىق پەردىلىرى ياللۇغلىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

### سەۋەبى

غەيرىي تەبىئىي قان ياكى غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلىتى غەلىبە قىلىش، پەرجىنىڭ تازىلىقى ياخشى بولماسلىق، سىزلام، سىفلىس قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

جىنسىي يول كۆيۈشىدۇ، سىيگەندە ئاغرىيدۇ، سۈيدۈك قىستايدۇ، سېرىق شىلىمشىق سۇيۇقلۇق كېلىدۇ.

### داۋاسى

سەپرانىڭ مۇنزىج، مۇسهىلى بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. ئەرقى چۆپچىن كۈندە ئىككى ۋاق 100 ملليلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئەرقى شوخلا بىر كۈندە ئىككى ۋاق 80 ـ 100 ملليلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. شەربىتى ئۈشبە كۈندە ئىككى ۋاق 100 ملليلىتىر ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مەجۇنى ئۈشبە كۈندە ئىككى ۋاق يېيىشكە بېرىلىدۇ. بىنەپشە، ئىتئۈزۈمى، سېرىقچېچەك، ئىكلىلمىلىك، كاكىنەچ، ئانار پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ ئابزەن قىلدۇرۇلىدۇ.

ئاسان ھەزىم بولىدىغان، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەك ـ ئىچمەكلەر، پاقلان گۆشى، توخۇ گۆشى، بادام، چىلان قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. پەرجىنىڭ پاكىز، قۇرۇق بولۇشىغا، ئىچ كىيىملەرنى پاكىز تۇتۇشقا دىققەت قىلىنىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدىغان، غىدىقلىغۇچى، يەللىك يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

# سرتقى جىنسىي ئەزا ئاق داغ كېسىلى

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىرتقى جىنسىي ئەزا تېرىسى ۋە شىللىق پەردىسى ئاقىرىدىغان، قىچىشىدىغان، يېرىكلىشىدىغان، يىگىلەيدىغان ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى

تەمسىز بەلغەم خىلتى، گەجسىمان بەلغەم خىلتى، شورلۇق بەلغەم خىلتى ۋە سىرتقى جىنسىي ئەزادىكى ھەر خىل سوزۇلما خاراكتېرلىك ياللۇغلۇق كېسەللىكلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

سىرتقى جىنسىي ئەزا چىدىغۇسىز قىچىشىدۇ، ئاق داغنىڭ دائىرىسى ئاساسلىقى چوڭ جىنسىي لەۋ، كىچىك جىنسىي لەۋ، دىلچىق، ئارقا بىرلەشمە قاتارلىق ئورۇنلاردا بولىدۇ، يەرلىك ئورۇن تېرىسى ۋە شىللىق پەردىلىرىدە روشەن ئاقىرىش بولىدۇ. ئاخىرقى باسقۇچتا تېرە يۈزى يېرىلىدۇ ياكى يارا پەيدا بولىدۇ. ئاغرىش ۋە كۆيۈشۈش سېزىمى بولىدۇ.

داۋاسى

بەلغەم خىلتىنىڭ قايسى تۈرىدىن كېلىپچىققان بولسا، شۇ خىل بەلغەمنىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. ئەگەر سىرتقى جىنسىي ئەزانىڭ سوزۇلما ياللۇغلىنىشىدىن كېلىپچىققان بولسا، ئەسلىي كېسەللىككە قارىتا داۋالىنىدۇ. كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن تازىلىغاندىن كېيىن قانىنى جانلاندۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، ماددا ئالمىشىشىنى ياخشىلاپ، رەڭ

ماددىلىرىنىڭ چۆكۈشىنى تېزلىتىش، يەرلىك ئورۇنىنىڭ قان ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىشىنى ياخشىلاش، قىچىشىشنى پەسەيتىش ئۈچۈن شەربىتى زەبىب، مەجۈنى كالىزىرە، مەجۈنى چۆپچىن، قۇرسى ئاترىلال، ئىترىفىل هامان، بەرەس كۇمىلچى، ھەببى مارى بەرەس قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈنىڭدىن كېيىن سىيادان مېيى، گۈل يېغى، تۇخۇم يېغى قاتارلىق مايلار تاللاپ مايلىنىدۇ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىمار تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەل پەيدا قىلغۇچى، زىيادە سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالاردىن، شورلۇق ئورۇنلاردا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشتىن چەكلىنىدۇ. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان كەپتەر گۆشى، پاقلان گۆشى، مائۇللەھمى، مائۇلھەسەل، ئۆردەك تۇخۇمى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئىچ كىيىم تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

# سۈت ئازىيىش

بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارنىڭ سۈتى ئازىيىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

**سەۋەبى**

خىيالى بۇزۇلۇش، قان ئازلىق، ئوزۇقلىنىش ناچار بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

## سەپرادىن بولغان سۈت ئازىيىش

**ئالامىتى**

سۈت سۇيۇق، سېرىققا مايىل بولىدۇ، سۈت كەلگەندە ئېچىشىدۇ.

**داۋاسى**

ئارتۇق سەپرا بەدەندىن تازىلىنىدۇ. تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ شىرىسىنى چىقىرىپ، جۇلاپ بىلەن قوشۇپ، 30 ~50 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئەيىنۇلا، لىمون، ئانار سېلىنغان تاماقلار يېگۈزۈلىدۇ، پاقلان گۆشى، ئوغلاق گۆشى سېلىنغان شورپىغا ئارپا سۈيى قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان سۈت ئازىيىش

**ئالامىتى**

سۈتنىڭ رەڭگى ئاق، سۇيۇق، چۈچۈمەل بولىدۇ، غەيرىي پۇراق كېلىدۇ.

داۋاسى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ماددىسى تازىلىنىدۇ. بادام مېغىزى شىرىسى، ئۈغرىتىكەن شىرىسى، گۈرۈچ شىرىسى، قىزىل تۇدەرى شىرىسى، چىلغوزا شىرىسى، چىگىت مېغىزى شىرىسىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، بەدىيان ئۇرۇقى شىرىسى، لاچىندانە شىرىسىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، سىرىقچىچەك ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام، ناۋات، تەرەنجىبىنىنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا، نىشاستىدىن 24 گىرام، يېڭى سۈتتىن 500 گىرام ئېلىپ، نىشاستىنى ئېرىتىپ، سۈس ئوتتا قاينىتىپ، كۈنىدە ئۈچ ۋاق 5 ~ 10 گىرامغىچە يېيىشكە بېرىلىدۇ. زىرە، پىننە، ئارپىبەدىياندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، شورپىغا سېلىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان سۈت ئازىيىش

ئالامىتى

سۈت قويۇق، ئاز، رەڭگى كۆكۈچ بولىدۇ.

داۋاسى

سەۋدا ماددىسى بەدەندىن تازىلىنىدۇ. بىنەپشە، ئاق لەيلى، ئارپىنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، سۈيى ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بۇغداي، نوقۇت، ئارپا، ئەنجۈرنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ، سۈيىگە بادام يېغى قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. سەۋزە ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، سىرىقچىچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، بەدىيانىنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قورۇلغان نوقۇت ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ، 11 گىرام سۈت قوشۇپ، كۈندە ئۈچ ۋاق 15 گىرامدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## قان ئازلىقتىن بولغان سۈت ئازىيىش

ئالامىتى

چىرايى قوغۇشۇن رەڭدە بولىدۇ، قول- پۇتلىرى سوغۇق، ماغدۇرسىز بولىدۇ.

داۋاسى

يېمەك ـ ئىچمەك تەرتىپكە سېلىنىدۇ، قان كۆپەيتىدىغان دورىلار بېرىلىدۇ.

پىياز ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيانىنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى 15 گىرامى كالا سۈتى بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## ئوزۇقلىنىشنىڭ ناچارلىقىدىن بولغان سۈت ئازىيىش

ئالامىتى

ئىشتىھاسى كېمىيىپ، تامىقى ئازىيىپ كېتىدۇ.

داۋاسى

ئوزۇقلۇق تەكشەپ بېرىلىدۇ، سۈت كۆپەيتكۈچى دورىلار ۋە غىزالار بېرىلىدۇ.

قوينىڭ يىلىنىنى پىشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ، توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى شورپىسى ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

# سۈت كۆپىيىپ كېتىش

سەۋەبى

قان خىلتىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

ئەمچەك چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ، قىزىيدۇ، سۈت تامچىلايدۇ، ئايال ماغدۇرسىزلىنىدۇ.

داۋاسى

قان خىلتىنىڭ هارارىتى پەسەيتىلىپ، قان تازىلىنىدۇ. سۈتنى ئازايتىش ئۈچۈن دورا ئىشلىتىلىدۇ.

بەدىيان، تەرخەمەك ئۇرۇقى، كاكىنەچنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، 30 گرام شەربىتى بۇزۇرى بىلەن قوشۇپ، كۈندە ئىككى ۋاق 30 مىللىلىتىردىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئامىلە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام، تەمرىھىندى ئۇرۇقىدىن 36 گرام، بالەنگۇدىن ئۈچ گرام، ماشتىن يەتتە گرام، دارچىنىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گرام، شېكەردىن 36 گرام ئېلىپ شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئىككى ۋاق 60 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئۇشەق، تەمرىھىندى مېغىزى، قىزىل تۇدەرى، ئاق تۇدەرى، سۇمبۇلنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام، شادىنەجتىن 10 گرام ئېلىپ، ئۈچ ھەسسە ھەسەل بىلەن مەجۇن تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ ۋاق ئالتە گرامدىن يېيىشكە بېرىلىدۇ. ھەببى سۇزاپ كۈندە ئىككى ۋاق 5 ~ 7 دانىغىچە يېيىشكە بېرىلىدۇ. قۇرسى قابىز كۈندە ئىككى ۋاق 5 ~ 7 دانىدىن يېيىشكە بېرىلىدۇ. ئەينۇلا شەربىتى كۈندە ئۈچ ۋاق 50 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. زىرىق شەربىتى كۈندە ئۈچ ۋاق 60 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. پىننە، كەرەپشە ئۇرۇقى، لاچىندانە، يالپۇز، رۇمبەديان، كۈنجۈتنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ ئەمچەككە چېپىلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك، قۇۋۋەتلىك يېمەك-ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

# سۈت ئورنىدا قان چىقىش

ئەمچەكتىن سۈت ئورنىدا قان چىقىشنى ياكى سۈتنىڭ قان ئارىلاش چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

قان بۇزۇلۇش، ئىششىق پەيدا بولۇش، سۈت ئىشلىگۈچى قۇۋۋەت ئاجىزلاپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

## قان بۇزۇلۇشتىن بولغان سۈت ئورنىدا قان چىقىش

ئالامىتى

يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىپ، بەدەن كۆيۈشىدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولىدۇ.

داۋاسى

قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىپ، قان تازىلىنىدۇ. تۇخۇمى كاسنە، تەرخەمەك ئۇرۇقى، سىركەنجۇبىل ساددەنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. يۇمغاقسۈت كۆكى، كاھۇنىڭ بېغىشى، كاسنەنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گرام ئېلىپ، يۇمشاق سوقۇپ زىمات قىلىنىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن مەتبۇخى شاھتەررە، ئەرقى كاسنە، تەمرىھىندى شەربىتى، ئەينالۇ شەربىتى تاللاپ بېرىلىدۇ.

## ئىششىقتىن بولغان سۈت ئورنىدا قان چىقىش

ئالامىتى

ئەمچەك ئىششىيدۇ، ئاغرىيدۇ، ياللۇغلىنىدۇ.

داۋاسى

ئەمچەك ئىششىقى ئىسسىقتىن بولغاندا، هارارەت پەسەيتىلىپ نورماللىشىدۇ. بىهى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، تاۋۇز ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام، رەۋەندىن بەش گىرام، چىلاندىن بەش دانە ئېلىپ دەملەپ، 60 گىرام ئەرقى شاهتەررە، 60 گىرام ئەرقى شوخلا، 30 گىرام شەربىتى نىلۇپەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. لاتىنى سۇ ۋە ئاچچىقسۇ بىلەن نەمدەپ ئەمچەككە قويۇلىدۇ. داۋاملىق بىنەپشە يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ، ئىلمان سۇ ئەمچەككە قۇيۇلىدۇ، هارارەت يۇقىرى بولغاندا ئارپا ئۇنى، باقلە ئۇنى، مۇغاس، تۇخۇم سېرىقى، هۆل يۇمغاقسۈت سۈيى، سېمىزئوت سۈيى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ، هارارەت پەسەيگەندە بابۇنە، ئىكلىلمەلىك، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، موم ۋە گۈل يېغىدا يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، هەمىشىباهار ئۇرۇقى، زىغىر قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ چېپىلىدۇ. غىزاسىغا ئارپا ئېشى، ماش قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەمچەك ئىششىقى سوغۇقتىن بولغاندا، بەلغەم ماددىسىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ، ئاندىن هەببى غارىقۇن، هەببى ئايارەج بىلەن تازىلىنىدۇ. كەرەپشە ئۇرۇقى، ئىكلىلمەلىكنىڭ هەربىرىدىن يەتتە گىرام ئېلىپ سوقۇپ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ئىسسىق هالەتتە زىمات قىلىنىدۇ هەمدە شۈمشا، بابۇنە، سېرىقچېچەك، رەيهان ئۇرۇقىنىڭ هەربىرىدىن ئۈچ گىرام، قۇندۇز قەهرىدىن بىر گىرام ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئەمچەك يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدىمەلىك يىلتىزى پوستى، پۇرچاق، شۈمشا، مۇغاسنىڭ هەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ ياكى كالا تېزىكى، ئۇشەق، تۇخۇم سېرىقى، زەپەر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

## سۈت ئىشلىگۈچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىششىدىن بولغان سۈت ئورنىدا قان چىقىش

ئالامىتى

ئەمچەكتە ئاغرىق بولمايدۇ، ئەمچەك چوكىيىپ قالىدۇ.

داۋاسى

سۈت ئىشلىگۈچى قۇۋۋەتنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئەپسەنتىن، مەستىكى، سۇمبۇل قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەرقى پىنىندە يۇغۇرۇپ چىپىلىدۇ.

# ئەمچەك ئىششىقى

هەر ئىككى ئەمچەك ئىششىدۇ، سۈت تەستە چىقىدۇ.

سەۋەبى

مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن ياكى سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن ياكى ئەمچەكتە سۈتنىڭ ئۇيۇپ قېلىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## ئىسسىقتىن بولغان ئەمچەك ئىششىقى

ئالامىتى

ئەمچەك قىزىرىپ قالىدۇ، قىزىتما بولىدۇ، ئەمچەك تارتىشىدۇ ۋە بىر نەرسە سانجىغاندەك ئاغرىيدۇ.



داۋاسى

هارارەت پەسەيتىلىپ نورماللاشتۇرۇلىدۇ، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، تاۋۇز ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام، رەۋەندىن بەش گىرام، چىلاندىن بەش دانە ئېلىپ دەملەپ، 60 گىرام ئەرقى شاھتەررە، 60 گىرام ئەرقى شوخلا، 30 گىرام شەربىتى نېلۇپەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. لاتىننى سۇ ۋە ئاچچىقسۇ بىلەن نەمدەپ ئەمچەككە قويۇلىدۇ. داۋاملىق بىنەپشە يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ، ئىلمان سۇ ئەمچەككە قۇيۇلىدۇ، هارارەت يۇقىرى بولغاندا ئارپا ئۇنى، باقىلە ئۇنى، مۇغاس، تۇخۇم سېرىقى، هۆل يۇمغاقسۈت سۈيى، سېمىزئوت سۈيى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ، هارارەت پەسەيگەندە بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، موم ۋە گۈل يېغىدا يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، هەمىشباهار ئۇرۇقى، زىغىر

قاتارلىقلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ چېپىلىدۇ. غىزاسىغا ئارپا ئېشى، ماش قوشۇپ بېرىلىدۇ.

## سوغۇقتىن بولغان ئەمچەك ئىششىقى

**ئالامىتى**

قىزىتما بولمايدۇ، ئەمچەك ئانچە ئاغرىمايدۇ، ئىششىغان ئورۇن قىزارمايدۇ.

**داۋاسى**

بەلغەم ماددىسىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ، ئاندىن ھەببى غارىقۇن، ھەببى ئايارەج بىلەن تازىلىنىدۇ. كەرەپشە ئۇرۇقى، ئىكلىلملىكنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ سوقۇپ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ئىسسىق ھالەتتە زىمات قىلىنىدۇ ھەمدە شۇمشا، بابۇنە، سېرىقچېچەك، رەيھان ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرام، قۇندۇز قەھرىدىن بىر گرام ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ ئەمچەك يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدىمىلىك يىلتىزى پوستى، پۇرچاق، شۇمشا، مۇغاسىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ ياكى كاللا تېزىكى، ئۇشەق، تۇخۇم سېرىقى، زەپەر قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ.

ئەگەر ئەمچەك ئىششىقى سۈتنىڭ ئۇيۇپ قالغانلىقىدىن كېلىپچىققان بولسا، سوغۇقلۇقنى نورماللاشتۇرىدىغان، تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئاق مومنى ئۈسۈملۈك يېغى، سەۋسەن يېغى، قۇستە يېغى قاتارلىقلاردا ئېرىتىپ ئەمچەككە چېپىلىدۇ. شۇمشا ئۇرۇقى، زىغىر، بابۇنە، ھەمشىباھار ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كاللەكبەسەي ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گرام ئېلىپ، يەسمەن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. زىغىر ئۇرۇقى، بابۇنە، ئىكلىلملىك، يەرلىك شوخلا، شۇمشا، چامغۇر ئۇرۇقى، كاللەكبەسەي يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ھوردىتىلىدۇ. ئەگەر بالا سۈتنى ئوبدان شورىمىغانلىقتىن سۈت ئۇيۇپ قالغان بولسا، باشقا ساغلام بالىغا ئېمىتىلىدۇ ياكى مەلۇم ئۇسۇل بىلەن سۈت چىقىرىلىدۇ ھەمدە ئاق لەيلىگۈل، بىنەپشە، بابۇنە، شۇمشا ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ سۈزۈپ، سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇپ ئەمچەك يۇيۇلىدۇ.

# ئەمچەك يىرىڭلىق ئىششىقى

ئەمچەكتىكى ئىششىق تارقاپ كېتەلمەي ماددىلار يىغىلىۋېلىشتىن پەيدا بولىدىغان ئەمچەك يىرىڭلىق ئىششىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

ئىششىق ماددىسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھارارەتنىڭ يۇقىرىلىقى بۇ كېسەللىككە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئالامىتى

ئاغرىق زىيادە بولىدۇ، قىزىتما بولىدۇ، ئەمچەك يوغىناپ تارتىشىش پەيدا بولىدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك ماددىسى تازىلىنىدۇ، ھارارەت پەسەيتىلىدۇ. سەۋسەن يىلتىزى، كەپتەر مايىقى، كۈنجۈت، زىغىر، ھۆل مېيەسائىلە، ئۇدخام، توغىرىغۇنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، كۈنجۈت يېغى، كالا پاچىقىنىڭ يىلىكىنى قوشۇپ چېپىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق ئېغىز ئالمىسا، تىغ بىلەن يېرىپ يىرىڭ ئاققۇزۇلىدۇ، يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئاق مومنى گۈل يېغىدا ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا قەلەي كۇشتىسى ۋە ئاز مىقداردا تۇخۇم ئېقى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ. ئەگەر جاراھەتتىن سۇيۇقلۇق كۆپ ئاقسا، يۇمغاقسۈت، سېرىق ھېلىلە پوستى، خورما، تاباشىر، ئانارگۈل قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ جاراھەتكە سېپىلىدۇ.

# ئەمچەك تۆگمىسى ئىششىپ كېتىش

ئەمچەك تۆگمىسى ئىششىپ شەكلىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى

بالىنىڭ چىشلىشى ۋە باشقا سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

داۋاسى

ئەمچەك تۆگمىسىنىڭ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەكلىنى ساقلاش ئۈچۈن ماش ياكى قىزىل ئۇزۇمنىڭ ئۇرۇقچىسىنى سوقۇپ، ناماز شامگۈلىنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ ئەمچەككە چىپىلىدۇ. ئەگەر ئەمچەك تۆگمىسىدە يالۇغلىنىش بولسا يالۇغقا قارشى داۋالىنىدۇ.

# ئەمچەك ئۆسمىسى

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمچەكتە كۆپلىگەن يۇمىلاق ۋە سوقچاق تۈگۈنچىلەر پەيدا بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

كۆيگەن سەۋدا خىلتىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

ئەمچەكنىڭ سىرتقى يۈزىدە سىلىق، قاتتىق، چېگراسى ئېنىق بولغان يۇمىلاق ياكى چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان مونەكچە پەيدا بولىدۇ.



**داۋاسى**

كۆيگەن سەۋدا خىلتى تازىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن سەۋدانىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ، ماددا پىشقاندىن كېيىن مۇسھىلىنى بېرىپ سەۋدا تازىلىنىدۇ ياكى مەتبۇخى ئەپتىمۇن، مەتبۇخى شاھتەررە قاتارلىق دورىلارنى بېرىپ بەدەن تازىلىنىدۇ. ئۆسمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ماددىلارنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئىترىفىل ئەپتىمۇن، ئىترىفىل غۇددە، ئىترىفىل ئۇستقۇددۇس، مەجۇنى ئەفئا، مەجۇنى ئەقرەب قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. ئۆسمىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، شۇمشا ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئاق موم قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، گۈل يېغىدىن 10 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. يەنە شاپتۇلنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى، سۇزاپنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئەمچەكتە

ئېچىشىش بولسا، كۆك يۇمغاقسۇتتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق چاناپ، ئەمچەك ئۈستىگە چېپىلىدۇ. ئۆسمە يۇمشىغاندىن كېيىن مەلھەمى داخىلىيۇن ئىشلىتىلىدۇ. بىمار تەستە سىڭدىغان، غىدىقلىغۇچى، ئۆتكۈر، ئاچچىق، يەللىك غىزالاردىن، زىيادە چارچاپ كېتىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

# ئەمچەك بوشاپ كېتىش

ئەمچەك بوشاپ ساڭگىلاپ قېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى كۆپىيىپ كېتىپ، ئەمچەك تارىمۇشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىش سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

ئەمچەك بوشاپ، ساڭگىلاپ قالىدۇ.



**داۋاسى**

بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىلىنى بېرىپ، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم تازىلىنىدۇ.

ماددا تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تارىمۇشلارنى چىڭىتىش ئۈچۈن بۇزۇرى شەربىتى كۈندە ئۈچ ۋاق 100 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئانار شەربىتى كۈندە ئۈچ ۋاق 100 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مائۇئۇسۇل شەربىتى كۈندە ئۈچ ۋاق 100 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. داۋائىلمىشكى كۈندە ئىككى ۋاق 3 ـ 5 گىرامغىچە يېيىشكە بېرىلىدۇ. جاۋارىش مىشكى كۈندە ئىككى ۋاق 10 گىرامدىن يېيىشكە بېرىلىدۇ. ئانارگۈل، ئاق سەندەل، زىرە، ئانار پوستى، مازىنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. يۇلغۇن مېۋىسى، ئانار پوستىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، سۈت بىلەن يۇغۇرۇپ تېڭىلىدۇ. زىيادە ئىسسىق تەبىئەتلىك، يەللىك، غىدىقلىغۇچى يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

# ئەمچەك كىچىكلەپ كېتىش

ئايالларنىڭ ئەمچىكى تۇغما كىچىك بولۇش ياكى كېيىن كىچىكلەپ كېتىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

قۇۋۋىتى جازىبە ئاجىزلاپ كېتىش، ئۆسۈپ يېتىلىش ئاستا بولۇش، تومۇرلار تو سۇلۇش، يۇمشاتقۇچى، سۇرگۈچى دورىلارنى كۆپ ئىشلىتىش، قېرىلىق، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىق، قان بۇزۇلۇش، قۇرۇقلۇق غەلىبە قىلىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

ئەمچەك كىچىكلەپ، كۆكرەككە چاپلىشىپ قالىدۇ، سۈت ئاز كېلىدۇ ياكى سۈتنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلىدۇ.

**داۋاسى**

سەۋەبىنى ئېنىقلاپ شۇنىڭغا قارىتا داۋالىنىدۇ. ئەگەر قۇۋۋىتى جازىبە ئاجىزلاپ كەتكەندىن بولسا، كۈچلەندۈرگۈچى دورىلاردىن جاۋارىش ئامىلە، جاۋارىش جالىنۇس، جاۋارىش ئەنبەر، داۋائىلمىشكى قاتارلىق دورىلاردىن بىرىنى تالالاپ بەرسە بولىدۇ. پىلپىل، ئاق بەھمەن، قۇستىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، بابۇنە يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ئەمچەككە چېپىلىدۇ.

ئەگەر قويۇق خىلتنىڭ قان تومۇرلاردا توسالغۇ پەيدا قىلغانلىقىدىن بولسا، بەدىيان، ئەپتىمۇن ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام، رەيھان ئۇرۇقى، دارچىنىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، كەچتە سۇغا چىلاپ ئەتىگەندە ئازراق

قىزىتىپ سۈزۈپ، ئۇنىڭغا خېمىرى بىنەپشىدىن 30 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەدىيان، ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلى يىلتىزى، كاللەكبەسەي ئۇرۇقى، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئەنجۈر قېقى، ئەپسەنتىن، مۇرمەككىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قۇستە يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ئەمچەككە زىمات قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇمۇمي بەدەن ئاجىزلىقىدىن بولغان بولسا، بادام مېغىزى، كەتىرا، بىنەپشىلەرنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ، شېكەردىن ئۇمۇمىي دورىلار مىقدارىدا قوشۇپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم 15 گىرامدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەگەر مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشى سەۋەب بولسا، سېرىق ماي، كالا سۈتى كۆپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بادام مېغىزى، قاپاق مېغىزى، تاۋۇز مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كالا سۈتىدىن ئېلىنغان ئەرەق بىلەن قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. قوي يېغى، ئۆردەك يېغى، كالا يىلىكى، ئاق موم قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئەمچەكنى ياغلاپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

قېرىلىقتىن بولغان ئەمچەك كىچىكلەشنىڭ ئىلاجى يوقتۇر.

ئەمچەكنى چوڭايتقۇچى دورىلار: بىنەپشىدىن ئالتە گىرام، پىستە مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى، چىگىت مېغىزى، تاتلىق بادام مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرام، پىندۇق، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، زاراڭزا مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك مېغىزى، قاپاق مېغىزى، كەتىرانىڭ ھەربىرىدىن 24 گىرام، چۆپچىنىدىن 24 گىرام، مومدىن 12 گىرام، يۇمغاقسۈتتىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە ياغ تەييارلاپ، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنغاندىن كېيىن ئۇمۇمي بەدەن ۋە ئەمچەك ياغلىنىدۇ.

# ئەمچەك يارىسى ۋە گۆشخور چاقىسى

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمچەكتە شەكلى، چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان جاراھەت شەكىللىنىپ، ئوڧۇنەتلەنگەن يىرىڭلىق زەرداب ئېقىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى

قان خىلتى ئوڧۇنەتلىنىش، كۆيگەن سەۋدا خىلتى تەسىر قىلىش، ئۆتكۈر سەپرالىق يېگۈچى مادداپەيدا بولۇش، مۇدۇرلار ئېغىز ئېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.



ئالامىتى

ئەمچەكتە شەكلى، چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان جاراھەتلەر پەيدا بولىدۇ، جاراھەتلەردىن بەزىدە قان، يىرىڭلىق زەرداب ئېقىپ، ئاغرىش كۈچلۈك بولىدۇ. قىزىتما پەيدا بولۇپ، ئاغرىق قولتۇق ۋە قول ئۇچىغىچە تارايدۇ. ئەگەر يارا گۆشخور يارا بولسا، ئاققان سۇيۇقلۇق سېسىق پۇرايدۇ، قارا قان رەڭگىدە بولىدۇ، قاتتىق لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ.

داۋاسى

قايسى ماددا غالىب بولسا شۇ ماددىنى قارىتا مۇنزىج، مۇسھىل بېرىپ ماددا تازىلىنىدۇ.

قان خىلتىنىڭ ئوڧۇنەتلىنىشىدىن بولغان بولسا، ئالدى بىلەن باسلىق تومۇردىن قان ئېلىنىدۇ، ماددا پىشقاندىن كېيىن سەپرانىڭ مۇسھىلىنى بېرىپ ماددا تازىلىنىدۇ. تاباشىر، كافۇر، ئانارگۈل قاتارلىقلارنى سوقۇپ، جاراھەت

ئېغىزنى ئەرقى گۈل بىلەن تازىلىغاندىن كېيىن سېپىلىدۇ، ياۋا پىدىگەن كۆكى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى سۈيىنى سىقىپ ئىچكۈزۈلىدۇ، قوغۇشۇننى زەيتۇن يېغى بىلەن سالايە قىلىپ سۈركىلىدۇ.

ئەمچەك گۆشىنى يەيدىغان يامان يارىنى داۋالاش ئۈچۈن قىرتاق شارابتىن 20 ھەسسە ئېلىپ، ئۈنگگا كۆنچىلەر ئىشلىتىدىغان سۇماقتىن بىر ھەسسە، خام موزىدىن يېرىم ھەسسە، قېلىن دارچىندىن يېرىم ھەسسە، قارىغاي ياڭىقىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، 20 كۈن چىلاپ، قاينىتىپ، قارىغاي ياغىچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېزىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، يەنە سۇس ئوتتا قويۇلغىچە قاينىتىپ، ئەينەك قاچىغا ئېلىپ زۆرۈر بولغاندا توخۇ پېيى بىلەن يارىغا سۈركىلىدۇ.

# ئەمچەك سەرتانى

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمچەكتە مونەكچە پەيدا بولۇش، ئەمچەك چوڭىيىش، قولتۇق بەزلىرى چوڭىيىش، ئاخىرقى دەۋرىدە يەرلىك ئورۇن يارا بولۇپ سېسىق پۇراش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى

كۆيگەن سەۋدا خىلتى، ئەمچەك ئۆسمىسىنى ۋاقتىدا داۋالىماسلىق، ئىرسىيەت ۋە باشقا ئامىللار تەسىرىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى



دەسلەپىدە بىمار ئۆزى سېزەلمەيدۇ ياكى ئۇشتۇمتۇت بايقايدۇ. يەرلىك ئورۇننىڭ تېرىسى ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ئەمچەك قاتتىقلىشىدۇ. ئاخىرىدا تېرىدە يارا پەيدا بولۇپ ئاسان قانايدۇ، سېسىق پۇرايدۇ. قان ئارقىلىق باشقا ئەزالارغا يۆتكىلىدۇ.

ئەمچەك تۇگمىسى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ، ئىچىدىن قانىلىق ۋە شىرىلىك زەرداب ئاقىدۇ.

داۋاسى

كۆيگەن سەۋدانىڭ مۇنزىج، مۇسھىلىنى بېرىپ بەدەن تازىلىنىدۇ، تەرەققىي قىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ماددىلارنى تارقىتىش ئۈچۈن سۇفۇپى ئەفئى، مەجۇنى ئەفئى، مەجۇنى ئەقرەب، ئەرقى شوخلا، ئەرقى يۇمغاقسۈت قاتارلىق دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئاق لەيلىگۈلدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ ئەمچەككە چېپىلىدۇ. قوغۇشۇن مەلھىمى، تۇتىيا

مەلھەمى چېپىلىدۇ. بىمار تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەللىك، غىدىقلىغۇچى، ئۆتكۈر، ئاچچىق غىزالاردىن، چۇچۇمەل يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىك ۋە كۆكتاتلار بېرىلىدۇ ھەمدە ياخشى ئارام ئالدۇرۇلىدۇ.

# ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش

ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ، ئەمچەك ئىششىپ قېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

ئىسسىق ياكى سوغۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە بولۇشى، بالىنىڭ سۈتنى ئوبدان ئېمەلمەسلىكى سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## ئىسسىقتىن بولغان ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش

**ئالامىتى**

تومۇر تېز سالىدۇ، بەدەن ھارارىتى يۇقىرى، ئۇسسۇزلۇق زىيادە بولىدۇ.

**داۋاسى**

ھارارەتنى پەسەيتىش، نورماللاشتۇرۇش ئۇچۇن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بابۇنە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت، زىغىر ئۇرۇقى، كاللەكبەسەي ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، يەسمەن يېغىدا يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ، بىنەپشە يېغى دائىم سۈركىلىدۇ. يۇمغاقسۈت، ئارپا ئۇنى، باقلا ئۇنى، گۈلبىنەپشىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، ھۆل يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن زىمات قىلىنىدۇ. ياپۇز، سۇزاپنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، پەنرمايە قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

## سوغۇقتىن بولغان ئەمچەكتە سۈت ئۇيۇپ قېلىش

**ئالامىتى**

تارتىشىش سېزىمى بولىدۇ، ھارارەت بولمايدۇ.

### داۋاسى

سوغۇقلۇقنى نورماللاشتۇرىدىغان، تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئاق مومىنى ئۆسۈملۈك يېغى، سەۋسەن يېغى، قۇستە يېغى قاتارلىقلاردا ئېرىتىپ ئەمچەككە چېپىلىدۇ. شۈمشا ئۇرۇقى، زىغىر، بابۇنە، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كاللەكبەسەي ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرام ئېلىپ، يەسمەن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ. زىغىر ئۇرۇقى، بابۇنە، ئىكلىلىمىلىك، يەرلىك شوخلا، شۈمشا، چامغۇر ئۇرۇقى، كاللەكبەسەي يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنىڭ قايىنىتىلغان سۈيى بىلەن ھوردىتىلىدۇ. ئەگەر بالا سۈتنى ئوبدان شورىمىغانلىقتىن سۈت ئۇيۇپ قالغان بولسا، باشقا ساغلام بالىغا ئېمىتىلىدۇ ياكى مەلۇم ئۇسۇل بىلەن سۈت چىقىرىۋېتىلىدۇ ھەمدە ئاق لەيلىگۈل، بىنەپشە، بابۇنە، شۈمشا ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ، سۈزۈپ، سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇپ ئەمچەك يۇيۇلىدۇ.

# ئەمچەك قىچىشىش ۋە يېرىلىش

ھەر ئىككى ئەمچەك ياكى ئىككى ئەمچەكنىڭ تۇگمىسى ھەمىشە قىچىشىدۇ، بەزىدە يېرىلىدۇ.

**سەۋەبى**

مەلۇم ئۆتكۈر خىلىت تەسىر قىلىش، ھەزىم بۇزۇلۇش بىلەن بۇخارات پەيدا بولۇش، سەپرا ماددىسى غەلىبە قىلىش، بەدەن تازىلىقىنىڭ ياخشى بولماسلىقى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

ئەمچەك تۇگمىسى قىچىشىدۇ، يېرىلىدۇ.

**داۋاسى**

مەلۇم ئۆتكۈر خىلىت تەسىرىدىن پەيدا بولغان بولسا، قان تازىلىغۇچى دورىلار قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر سەپرادىن بولغان بولسا، دەسلەپتە چىلاندىن يەتتە دانە، گۈلبىنەپشىدىن ئالتە گرام، گۈلى نېلۇپەردىن ئالتە گرام، شاھتەررەدىن ئالتە گرام، كاسىنە ئۇرۇقىدىن ئالتە گرام، بىخ كاسىنەدىن ئالتە گرام، قىزىلگۈلدىن ئالتە گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىدىن ئالتە گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، 30 گرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ، كۈندە ئۈچ قېتىم بىر پىيالىدىن بېرىلىدۇ. مۇشۇ بويىچە يۇقىرىقى دورىلار بەش كۈن تەكرار ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق ھېلىلە پوستىدىن 45 گرام، سانا، شاھتەررەنىڭ ھەربىرىدىن 15 گرام، مامىرانچىندىن ئالتە گرام، كاسىنە ئۇرۇقى، بىستىپايەج، قىزىلگۈل، ئەپسەنتىنىنىڭ

ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئەپتىمۇندىن 15 گىرام، تەرەنجىبىندىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم بىر پىيالىدىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇش بىلەن بۇخارات ئۆرلەشتىن پەيدا بولغان بولسا، ھەببى زەھەب بېرىلىدۇ. ئەنجۈرنى سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ ئەمچەككە قويۇپ، ئارقىدىن كەرەپشە قايىنتىلمىسى ئىلمان ھالەتتە قۇيۇلىدۇ. تاغاققا ھىجامەت قويۇلىدۇ. ئەمچەك يېرىلىشقا گىل قىيمولىيا بىلەن كۈندۈردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زىماد قىلىنىدۇ ياكى دېڭىز تاشپاقىسى كۆلىنى تۇخۇم ئېقى بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

# ھاملىدارنىڭ توغرا كۆتۈنۈشىنىڭ تۆرەلمىگە بولغان ئەھمىيىتى

بالىلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى ئەزالار خىزمىتى تەرەققىياتىنىڭ نورمال بولۇش- بولماسلىقى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق پەرۋىش قىلىشقا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەڭ مۇھىمى تۆرەلمە ۋاقتىدىن باشلاپلا ئانىنىڭ توغرا كۆتۈنۈشىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا ھاملىدارغا نىسبەتەن تۆۋەندىكى كۆتۈنۈش نوقتىلىرى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ:

1. ھاملىدار ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن خۇشال، خاتىرجەم تۇتۇشى، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشى، ئۆز- ئۆزىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىشى، نەزىر- چىراغ، ئۆلۈم- يېتىم ۋە بازارغا، ئادەملەر كۆپ توپلاشقان، شاۋقۇنلۇق ئورۇنلارغا بارماسلىقى، غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش، ئىچ ئاغرىقى تارتىش، غەم- ئەندىشە قىلىش، قورقۇش ۋە زىيادە ھاياجانلىنىش، چارچاش قاتارلىقلارغا ئوخشاش روھىي ئامىللاردىن خالىي بولۇشى لازىم.

2. ھاملىدار سۇرگە دورىسى ئىچىشتىن، قان ئالدۇرۇشتىن، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشتىن، قىزىش، يۆتىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە تۇغۇت دوختۇرىنىڭ كۆرسەتمىسىز خالىغانچە دورا ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

3. ھاملىدار ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، يىقىلىش، قىستىلىش، سەكرەش، يۈگۈرۈش، ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش، كۈچىنىپ ھەرىكەت قىلىش، يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراش، ئات ۋە ۋېلسىپىتكە مىنىش، تىك قىيالاردا مېڭىش ، ئادەمنى جىددىيلەشتۈرىدىغان خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش ۋە شۇنداق ئاۋازلارنى ئاڭلاشتىن ساقلىنىشى لازىم.

4. ھاملىدار پۈتۈن ھاملىدارلىق مەزگىلىدە، بولۇپمۇ ھاملىدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيى ۋە كېيىنكى ئۈچ ئېيىدا جىمادىن خالىي بولۇشى، شەھۋانىي

ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىكى لازىم.

5. ھامىلىدار يەڭگىل ھەرىكەت قىلىشى، ئېغىر ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقى، داۋاملىق يېتىۋېلىشتىن ۋە زىيادە كۆپ ئۇخلاشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

6. ھامىلىدار شەخسىي تازىلىق ۋە مۇھىت تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، كەڭ-كۇشادە كىيىملەرنى كىيىشى، قورساق قىسمىنى قىسىدىغان كىيىملەرنى كىيمەسلىكى، بېلىنى باغلىماسلىقى، قورساق ساھەسىگە بېسىم پەيدا قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم.

7. ھامىلىدار ئىسسىق-سوغۇقلۇقى ۋە نەم-قۇرۇقلۇقى نورمال، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆيلەردە تۇرۇشى، سالقىن، ھاۋالىق، مەنزىرىلىك جايلاردا چارچاپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن سەيلە - ساياھەت قىلىشى، زەي، ھاۋاسى بولغانغان جايلاردا تۇرماسلىقى، چاڭ-توزانلىق كوچىلەردە سىرتلارغا چىقماسلىقى، ئۆزىگە ئىسسىق ياكى سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

8. ھامىلىدار يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىلمىي ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا كۆڭلىنىڭ غىزاسىغا ئوبدان پىشقان بۇغداي نېنى، تۇخۇم شورپىسى، سۈت، يېڭى كۆكتاتلار كۆپرەك سېلىنغان، پاقلان گۆشى ياكى ئوغلاق گۆشىدە تەييارلانغان يەڭگىل تائاملار، ئالما، بېھى، ئامۇت، تاتلىق ئانار، تاتلىق بادام، كىشمىش ئۈزۈم قاتارلىق يەل-يېمىشلەر، تاتلىق تەملىق، خۇش پۇراقلىق مېۋە شەربەتلىرىگە ئوخشاش سىڭىشلىك، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول يېمەك-ئىچمەكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى، ھامىلىدارلىقنىڭ كېيىنكى ئايلىرىدا يۇقىرىقىلارغا قوشۇپ يەنە قۇۋۋەتتى تېخمۇ يۇقىرى، سىڭىشلىك يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن رەئىس ئەزا ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدىغان شەربەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشى، ھامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى بىر ئېيىدا كۈندە ئەتىگەن ناشتىدا 10 ~ 15 گىرامغىچە بولغان تاتلىق بادام مېغىزىدا چاي سۈتلەپ ئىچىشى، مايدا پىشۇرۇلغان بېلىق گۆشىنى كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىشى، ئادەتتىكى تاماقلىرىغا 1 ~ 3 گىرامغىچە تاتلىق بادام يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى تېمىتىپ ئىستېمال قىلىشى لازىم.

9. ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىدە ھامىلىدار بەدىنىدە

سىلىقلاشتۇرغۇچى ھۆللۈكىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن يەڭگىل دەرىجىدە سۈيدۈك ھەيدەش، تەرلىتىش، ھەمەلچە قىلىش چارىلىرىنى قوللىنىشى، ئەمما سۈيدەك ھەيدەش چارىسىنى قوللانغاندا قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم.

10. ھامىلىدار زىيادە ئۇسساپ قېلىشتىن، قورساق ئاچ قېلىشتىن، كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنى يېيەلمەسلىكتىن، زىيادە تويۇنۇپ غىزالىنىشتىن، ئۆز مەيلىچە دورا ئىستېمال قىلىشتىن، ھەر خىل سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن، ھاراق-تاماكا، نەشە، روھلاندۇرۇش ياكى تىنچلاندۇرۇش تەسىرى بولغان دورا ۋە باشقا نەرسىلەرنى، قىزىلمۇچ، قارىمۇچ، پىلپىل، ئاقىرقارھا، ماش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۆتكۈر تەملىك، كۆچلۈك غىدىقلاش ۋە يەل پەيدا قىلىش تەسىرى بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

11. ھامىلىدار ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، بەدەن ھالىتى ۋە بەدىنىدىكى غەيرىي ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىغا قارىتا ھەم بالدۇر بايقىيالايدىغان ھەم توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشى، قەرەللىك ھالدا تەكشۈرتۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ھامىلە ياكى ئۆز بەدىنىدىكى ئۆزگەرگەن غەيرىي ئەھۋال ياكى يۈز بەرگەن كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا ياخشى ھەم توغرا داۋالىتىپ، ھامىلىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

12. ھامىلىدار ھامىلىدارلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، يەنى تۇغۇت يېقىنلىشىش مەزگىلىدە ھامىلىنىڭ بالىياتقۇدىكى ئورۇنلىشىش ھالىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ھامىلىنىڭ بالىياتقۇدىكى ئورۇنلىشىش ھالىتىدە غەيرىيلىك بايقالسا تۇغۇت دوختۇرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە تولۇق ماسلىشىپ ھامىلىنىڭ بالىياتقۇدا نورمال يېتىش ھالىتىگە كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى، ئۆزى خالىغانچە تەدبىر قوللانماسلىقى كېرەك.

13. ھامىلىداردا ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەدىنىدە ئەيدىز، سىل، جىگەر ياللۇغى، سىفلىس قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەۋلادلارغا قان ئارقىلىق كۆچۈش ئالاھىدىلىكى بولغان خەتەرلىك ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ بارلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، دوختۇر كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىپ ھامىلىنى ۋاقتىدا ئالدۇرۇۋېتىشى كېرەك.

# باللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش

باللار كېسىلىنى داۋالاشتا ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇش، كۆچلۈك تەسىرلىك دورىلارنى ئالدىراپ ئىشلەتمەسلىك، زەھەرلەش تەسىرى بولغان دورىلارنى مۇمكىنقەدەر ئىشلەتمەسلىك، ئېمۇۋاتقان باللاردىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئانىنىمۇ قوشۇپ داۋالاش ياكى ئالدى بىلەن ئانىغا قارىتا چارە قىلىپ، بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىغاندا ئاندىن بالىغا دورا ئىشلىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە باللار كېسەللىكىنىڭ كۆپىنچىسى ئانىنىڭ مىزاجى بۇزۇلغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا باللار كېسەللىكىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئېمىتكۈچى ئانىنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئانىنىڭ ساقسىز بولۇپ قېلىشى مىزاجى ماددىسىز ئۆزگەرگەنلىكتىن بولسا ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەش قىلىنىدۇ، قان خىلتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولسا ھىجامەت قويۇلىدۇ ۋە قان تازىلىنىدۇ. ئەگەر باشقا خىلىتلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولسا، ئالدى بىلەن شۇ ئۆزگەرگەن خىلىتقا قارىتا مۇنزىج، مۇسھىل بېرىلىدۇ. ئەگەر ئانىدا ئىسھال بولۇپ قابىز دورىلارنى بېرىشكە توغرا كەلسە ياكى باشقا كېسەللىكنى داۋالاشنى مەقسەت قىلىپ قەي قىلدۇرۇشقا توغرا كەلسە، بالىنى ئېمىتىشنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. ئەگەر ئانىغا بالىدىكى ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن قابىز دورا بېرىش توغرا كەلسە، بالىنى ئېمىتىۋەرسە بولىدۇ.

## باللار كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبلىرى

باللار كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى باللارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى، ئىستېمال قىلغان يېمەكلىكلىرىنىڭ تەسىرى، تاشقى مۇھىتنىڭ

بىۋاستە تەسىرى ۋە ئانا تېنىدىكى كېسەللىكنىڭ تەسىر قىلىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆپ مەنبەلىك ئامىللارغا چېتىلىدۇ.

1. ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ئانا سوغان قاتارلىق جاراسىملىق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغان بولسا، تۆرەلمىنىڭ يېتىلىشى غەيرىي بولۇپلا قالماي، يەنە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنمۇ ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئاسان گىرىپتار بولىدۇ. بەزى تۇغما كېسەللىكلەر بالا تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاشكارىلىنىدۇ.

2. سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش، ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، يىقىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش تۇرلۇك تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىدىنمۇ بالىلاردا تۇرلۇك كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

3. تۇغۇتنىڭ نورمالسىز بولۇشى، تۇغۇت جەريانىدا تۇغۇت ئانىسىنىڭ تۇغدۇرۇش مەشغۇلاتىنىڭ توغرا بولماسلىقى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن بوۋاق بەدىنىنىڭ زەخىملىنىشى، بوۋاقنىڭ بالدۇر تۇغۇلۇشى، تۇغۇلغان چاغدىكى بەدەن يېتىلىش تەرەققىياتىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، بوۋاقنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ بەك تۆۋەن بولۇشى، بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇش جەريانىدا ئېغىر دەرىجىدە تۇنجۇقۇشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۇلاردا ئاسانلا كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

4. ئانا سۈتىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ئانا سۈتىنىڭ سۈپەتسىزلىكى، بالىنىڭ ئانا سۈتى بىلەن بېقىلماسلىقى، بالىنى ئانا سۈتىدىن باشقا ئوزۇقلۇق بىلەن بېقىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، بالىنى قوشۇمچە ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بالىلاردا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

5. بالىلاردا تاماق تاللاش ئادىتىنىڭ بولۇشى، ئائىلىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن بالىنىڭ ئۇزاق مەزگىل يېتەرلىك ئوزۇقلىنالماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بالىلاردا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

6. بالىلارنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، بالا ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ناچار بولۇشى، بالىلارنى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ كىيىندۈرمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەردىن بالىلاردا كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

7. بالىلارنى ئائىلىدە زىيادە ئەتىۋارلاپ، ئەركە قىلىپ قويۇش ئۇلارنىڭ

روھىي ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

8. باللارغا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن پىلان بويىچە قەرەللىك ئېشلىمەسلىك بالىدا تۇرلۇك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

9. ئىناق بولمىغان ئائىلىدە تۇغۇلغان باللارنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ، روھىي كېسەللىكلەر كۆپ يۈز بېرىدۇ.

10. ئانا ۋە بالا مىزاجىنىڭ ماددىلىق ۋە ماددىسىز بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن بالا ھەر خىل كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولىدۇ.

11. ئاتا ـ ئانا ياكى ئەجدادلىرىنىڭ بەدىنىدە يوشۇرۇن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ياكى ئاشكارىلانغان ئىرسىي كېسەللىكلەر باللارنىڭ بەدىنىدىمۇ ئىرسىيەت شەكلىدە پەيدا بولىدۇ.

12. قەرەللىك ئارام ئالماسلىق، ۋاقتىدا ئۇخلىماسلىق، ئويۇنغا خۇمار بولۇش، تورغا خۇمار بولۇش، ئۆگىنىشكە خۇمار بولۇش، زىيادە قورقۇش قاتارلىق سەۋەبلەر باللارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

13. باللارنىڭ قول ۋە پۇت بارماقلىرىنى ئېمىشى، بەدىنىدىن ئاجرىلىپ چىققان چىقىرىندىلارنى ئىستېمال قىلىۋېلىشى باللاردا نۇرغۇن كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

14. باللارنى بېقىش، تەربىيەلەش جەريانىدا باشقا باللار بىلەن ئارىلاشقىلى قويماسلىق، ھەتتا ئۆيدىن سىرتقا چىقارماسلىق، باققۇچىدىن باشقىلار بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق قاتارلىقلار باللارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى چەكلەپ، ئەقلىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى كېچىكتۈرۈپ، ئەقلىي ئىقتىدارى تولۇق يېتىلمەسلىك ھەتتا پۈتۈنلەي توسالغۇغا ئۇچراش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

### كېسەللىك ئاقىۋىتى

باللارنىڭ بەدىنى ئاجىز، كېسەللىك ئەھۋالى ئۆزگىرىشچان بولۇشتەك

ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، بوھران دەۋرى ياخشى تەرەپكە  ياكى يامان تەرەپكە تېزلا ئۆزگىرىدۇ. بالىلار بەدىنىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى تېز بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە كېسەللىكلەر تېز ساقىيىدۇ، چوڭلارغا قارىغاندا بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ قالدۇرىدىغان ئاسارىتى ئاز، سۇنغان سۆڭەكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى  تېز، پۈتۈنلەي بۇزۇلغان ئەزالارنىڭ ئاسارەتسىز ساقىيىپ ئەسلىگە كېلىشى نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما بەزى يۇقىرى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە بەدەننىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى زەھەرلىنىشى، كاناي، كېكىردەكلەرگە بەلغەم ۋە يات ماددىلارنىڭ كەپلىشىپ قېلىشى، قاتتىق قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشتىن كېيىن بەدەندىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە  كېمىيىپ كېتىشىگە ئوخشاش ئەھۋاللاردا ئېنىق ئالامەتلەر كۆرۈلمەستىنلا بالىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر داۋالاشتا ئالاھىدە ھوشيار بولۇش، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك، قۇتقۇزۇش ۋە داۋالاشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم.



## بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي ئالامەتلىرى

بوۋاقلارنىڭ بەدىنى ئاجىز، كېسەللىككە قارشى كۈچى تۆۋەن بولغاچقا، ئادەتتىكى تەسىرلەردىنمۇ بەدىنىدە كېسەللىك ئۆزگىرىشى پەيدا بولىدۇ. بالىلار ئۆزىنىڭ ئاغرىۋاتقان يېرى ۋە بەدىنىدىكى كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان غەيرىي ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بالىلارنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى، ساغلاملىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە  قارىتا ئىنكاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە، ئوخشىمىغان ئاۋازدا يىغلاش، بېشىنى چايقاش، بېشىنى سىلكىش، پۇت ۋە قولىنى مىدىرلىتىش ۋە سىلكىش قاتارلىق بىنورمال ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بەدىنىدىكى كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزگىرىشلەرگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. شۇڭا بالىلاردىكى كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈشتە ئانىسىدىن ئەھۋال سوراش بىلەن بىرگە، بالىنىڭ بىنورمال ھەرىكەتلىرىنىمۇ تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئەتراپلىق

مۇلاھىزە ۋە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، دىياگنوزنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

ئادەتتە بوۋاقلارنىڭ يىغلىشى نورمال ئەھۋال. ھەر خىل كېسەللىك سەۋەبىدىن يىغلاش بىنورمال ئىنكاس بولۇپ، بىئاراملىق، يېقىمسىزلىق، قىزىتما قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى بوۋاقلارنىڭ يىغلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل يىغلاش بەزىدە ئادەتتىكى كېسەللىك ئالامىتى، بەزىدە مەلۇم كېسەللىكنىڭ باشلىنىش ئالامىتى بولىدۇ.

بالىنىڭ مېڭە قىسمى يۇقۇملانسا ۋە باش ئىچى قانىسا قاتتىق چىرقىراپ يىغلاپ، ناھايىتى بىئارام بولىدۇ. ھەزىم يوللىرى يۇقۇملانسا ياكى ھەزىم خىزمىتى قالايمىقانلاشسا، بالا تۇتقاقلىق ھالدا قاتتىق چىرقىراپ يىغلاپ، بىئارام بولىدۇ. بەدىنىدە كىسلاتادىن زەھەرلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلسە، توختىماي چىرقىراپ يىغلايدۇ. قورسىقى قاتتىق ئاغرىسا، ئۈچەي توسۇلۇش ئەھۋالى بولسا ئۇشتۇمتۇت چىرقىراپ يىغلاش بىلەن بىرگە، چىرايى تاتىرىش، كۆپ تەرلەش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ھەزىم خىزمىتى بۇزۇلغاندا بالىنىڭ يىغىسى، كۆپ ئەمما جانسىز بولىدۇ. ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى، تېرە يۇقۇملىنىش ۋە تۇتقۇ مەددە قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان باللار داۋاملىق كېچىسى يىغلايدۇ. سۆڭەك يۇمشاش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ياكى بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش ئالدىدا تۇرغان باللار بېشىنى ياستۇققا سۈركەپ يىغلاپ بىئارام بولىدۇ ھەم پات - پات چۆچۈيدۇ، بېشى سوغۇق تەرلەيدۇ. بالىنىڭ ئاستى ھۆل بولۇپ قالسا، بەدىنىگە سوغۇق تەگسە، ياكى كۆرپە-يوتقانلىرى پۇرلىشىپ قالسا ۋە ھاشارات چېقىۋالسا يىغلاش بىلەن بىرگە، بەدىنىنى مىدىرلىتىدۇ. بالا تولا يىغلاش بىلەن بىرگە، قولىنى باش ۋە پېشانە تەرىپىگە سوزسا، بۇ كۆپىنچە بالىنىڭ بېشى ئاغرىيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بالا كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا قولىنى قۇلىقى تەرەپكە سوزۇپ تولا بىئارام بولۇپ يىغلىسا ھەم قۇلىقىنى كوچىلىسا، بۇ قۇلىقى ئاغرىيدىغانلىقى ياكى ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغىغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بالا قىزىتىش بىلەن بىرگە، توختىماي يىغلىسا ھەم بېشىنى ئۇياق-بۇياققا

مىدىرلىتىپ سىلكىسە، بېشىنى پات-پات كەينىگە غادايتىۋالسا، بەزىدە گەجگىسى قېتىپ قالسا، قۇسسا، بۇ مېڭە پەردە ياللۇغى بولۇپ قالغانلىقىنى، بېشىنى ئالدىغا ئېگىشتۈرگەندە پەيلىرى، تىلى تارتىشىپ قالسا، گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتمىسە، بۇ قاتما كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بالا تۇيۇقسىزلا يىغلاپ قولىنى قورسىقى تەرەپكە سۇنسا قورسىقى ئاغرىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بالىنىڭ دىمىقى پۈتۈپ، ئەمچەكنى ئېمەلمىسە، نەپىسى تېزلىشىپ ئاغزىدىن نەپەسلىنىدىغان بولۇپ قالسا، زۇكامداپ قالغانلىقىنى ياكى نەزلە بولۇپ قالغانلىقىنى ياكى كۆكرەك بوشلۇقى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بالىنىڭ چىش چىقىشى كېچىكسە، ئاغزىنى بىر نەرسە چاينىغاندەك تولا مىدىرلاتسا، چېچى چۈشۈپ شالاڭلاشسا، بېشىنى تولا قاشلىسا، بەدىنىنىڭ ئۆسۈش تەرەققىياتى ئاستا بولسا، بالىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەنلىك، كەم قانلىقنىڭ ئېنىق بەلگىسىدۇر.

ئادەتتە بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئورتاق كېسەللىك ئالامەتلىرى بولىدۇ. بۇ ئالامەتلەر بالىلاردا يۈز بەرگەن كېسەللىكلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تونۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.



**قىزىتما:**

بالىلارنىڭ بەدەن ئىسسىقلىقى بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە ئۆرلەپ-پەسىيىپ تۇرىدۇ. بەدىنى ئازراق قىزىپ قالغان بولسىمۇ، بەدىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا ناچارلىشىش ئالامىتى كۆرۈلمىسە بۇ نورمال ھالەت بولۇپ، ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. بالىلار ئادەتتە ئېمىش، كۆپرەك ھەرىكەت قىلىش، قېلىن كىيىندۈرۈش، ئىسسىق ئۆيدە بېقىشتىن بەدىنىدە مەلۇم قىزىتما پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇنداق ھالەت بەك ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. شۇڭا بىر نەچچە كۈنىنىڭ بالىلاردا قىزىتما پەيدا بولۇپ قالغاندا، قىزىتمىنىڭ تاشقى سەۋەبلىرىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كۆپىنچە ھالدا بالىلاردىكى قىزىتما بەدەننىڭ بىرەر يېرىدە يۇقۇملىنىش ياكى ياللۇغلىنىش بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بەزى سوزۇلما ياللۇغلىنىشلاردا ئۇزۇنغا

سوزۇلىدىغان تۆۋەن قىزىتما بولىدۇ. زۇكام ۋە زۇكامدىن كېلىپچىققان ھەر خىل يۇقۇملىنىشلار، بولۇپمۇ نەپەس يوللىرىنىڭ ياللۇغلىنىشلىرىدا قىزىتما جىددىي باشلىنىپ، تېز ئۆرلەيدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا قىزىتمىنىڭ سەۋەبىگە قارىتا جىددىي داۋالاش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**يۆتەل:**

يۆتەل ــ بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، نەپەس يوللىرى غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغاندا بەدەننىڭ قوغدىنىش ئۇچۇن قايتۇرغان ئىنكاسى. يۆتەل نەپەس يوللىرىنىڭ راۋان بولماسلىقى، ئۆپكە ياللۇغى، نەپەس يوللىرىنىڭ ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى ماددىلارنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىشى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، دەم سىقىلىش، كانايچە ياللۇغى، زۇكام، نەزلە، كۆكيۆتەل، كېكىردەك ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ، ئېمىتىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقىمۇ بالىلاردا يۆتەل پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا تەكشۈرگەندە ئادەتتىكى يۆتەل بىلەن كېسەللىكتىن بولغان يۆتەلنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

**قۇسۇش:**

بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، ئۇ ھەزىم قىلىش يوللىرىنىڭ خىزمىتى نورمال بولماسلىق، ئاشقازان-ئۈچەيلەرنىڭ يۇقۇملىنىشى، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ توسۇلۇشى، مېڭە ۋە يۇلۇن خىزمىتىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى (مېڭە پەردە ياللۇغى، مېڭە سىلكىنىش)، ھەر خىل زەھەرلىنىش، مەددە كېسەللىكلىرى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى بۇزۇلغان يات ماددىلارنىڭ غىدىقلىشىدىن كېلىپچىقىدۇ. ئېغىر قۇسۇشلاردا نەپەس توختاپ قېلىش، تۇنجۇقۇش، سۇسىزلىنىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. بوۋاقلارنىڭ سۈتنى قۇسۇۋېتىشى ئاساسەن ئېمىتىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن كېلىپچىقىدۇ. بۇ خىل قۇسۇشتا بالىدا قۇسۇشتىن باشقا بىئاراملىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا، بۇنى كېسەللىك ھالىتىدىكى قۇسۇشتىن پەرقلەندۈرۈش لازىم.

قەۋزىيەت:

بۇ، ئوزۇقلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، ئادەتتە بالىلارنىڭ ئىسسىق تەبىئەتلىك ۋە قۇرغاق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى، تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە دورىلارنى ئىستېمال قىلىشى، بەدىنىدە ئۇسساش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندىمۇ ئۇسسۇلۇق ئىچمەسلىك قاتارلىقلاردىنمۇ ۋاقتلىق چوڭ تەرەت كەلمەي قەۋزىيەت بولىدۇ. كېسەللىك سەۋەبىدىن بولىدىغان قەۋزىيەت كۆپىنچە ئۆچەي مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشى، بەدەن سۇسىزلىنىش، نېرۋا خىزمىتىنىڭ قالايمىقانلىشىشى، ئۆچەي يارىسى، ئۆچەي راكى، ئۆچەي ئالمىشىپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۆچەي يوللىرىنىڭ ھەر خىل توسۇلۇشلۇق كېسەللىكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىچ سۈرۈش:

بۇ، ئوزۇقلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، تېنى ئاجىزراق بالىلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئۇ بەزىدە ئېغىر دەرىجىدە، بەزىدە يېنىك دەرىجىدە بولىدۇ. ئېغىر دەرىجىدە ئىچى سۈرگەن بالىلار تېزلا سۇسىزلىنىپ ھوشىدىن كېتىدۇ، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. ئىچ سۈرۈش كۆپىنچە ئاشقازان-ئۆچەي يوللىرىنىڭ يۇقۇملىنىشى، ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى، قانلىق تولغاق، تاماقتىن زەھەرلىنىش، زۇكام ۋە نەزلە ماددىسىنىڭ مېڭىگە تەسىر قىلىشى قاتارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

سۈيدۈك تۇتۇلۇش:

بۇ، بالىلارنىڭ بەدىنىدىكى ماددا ئالمىشىش قالايمىقانلىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، بالا روھىي جەھەتتىن جىددىيلىشىش، بىر نەرسىدىن قورقۇپ كېتىش، تۇرۇۋاتقان مۇھىت زىيادە ئىسسىق بولۇش، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر، قۇرغاق يېمەكلىكلەرنى

كۆپرەك ئىستېمال قىلىش، تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە دورىلارنى ئىستېمال قىلىش، ئۇسساش ئېھتىياجى تۇغۇلغاندىمۇ ئۇسسۇلۇق ئىچمەسلىك، جىسمانىي ھەرىكەتنى كۆپ قىلىش قاتارلىقلاردىنمۇ ۋاقىتلىق كىچىك تەرەت كەلمەي سۈيدۈك تۇتۇلۇش بولىدۇ. ئەمما كېسەللىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۈيدۈك تۇتۇلۇش بەدەن مىزاجىنىڭ ئىسسىق ياكى قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشى، بەدەننىڭ سۇسىزلىنىشى، بۆرەك زەئىپلىشىش، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما بۆرەك ياللۇغى، بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش، دوۋساق ياللۇغى، دوۋساق تاش كېسەللىكى، ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما دوۋساق ياللۇغى، سۈيدۈك يولىنىڭ ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما ياللۇغلۇق كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك يولىنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەردىن توسۇلۇشى، سۈيدۈك يولى ئۆسمە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلاردا كۆپ يۈز بېرىدۇ.

**نەپەس قىيىنلىشىش:**

نەپەس قىيىنلىشىش نەپەسلىنىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى يۈز بەرگەندە پەيدا بولىدىغان ئېغىر كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، نەپەس بىلەن بەدەنگە كىرگەن ساپ ھاۋا (ھاۋائى نەسىمى) يېتىشمىگەندە ياكى بەدەندىن چىقىپ كېتىدىغان بۇزۇق ھاۋا (ھاۋايى دۇخانى) چىقىپ كېتەلمەي توپلىشىپ قالغاندا يۈز بېرىدۇ. نەپەس قىيىنلىشىش كۆپىنچە، نەپەس يوللىرىنىڭ توسۇلۇشى، كانايچىلار تەشەننۇجى، ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، دەم سىقىلىش، كانايچە ياللۇغى، باشقا ئەزالاردىكى ئېغىر دەرىجىدىكى ياللۇغلىنىش ۋە بېسىلىش، تۇغما يۈرەك كېسەللىكى، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى قاتارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇيقۇدا قارا بېسىش، غەيرىي نەرسىلەرنى كۆرگەندە ياكى غەيرىي ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندا تۇيۇقسىز قورقۇپ كېتىش، يالغۇزلۇقتىن قورقۇش، قاراڭغۇدىن قورقۇش قاتارلىق ئەھۋاللاردا بالىنىڭ نەپەسنى باشقۇرغۇچى نېرۋىلىرىنىڭ خىزمىتى قىسقا ۋاقىتلىق توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، كېسەللىك بولمىغان ئەھۋالدىكى نەپەس قىيىنلىشىشنى پەيدا قىلىدۇ.

يۈرەك رىتىمسىزلىنىش:

بۇ، باللار كېسەللىكلىرىدە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان ھەم خەتەرلىك بولغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، ئادەتتىكى ئەھۋاللاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بەزىدە ئۇيقۇدا قارا بېسىش، غەيرىي نەرسىلەرنى كۆرگەندە ياكى غەيرىي ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندا تۇيۇقسىز قورقۇپ كېتىش، يالغۇزلۇقتىن قورقۇش، قاراڭغۇدىن قورقۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا، بىرەر ئىشقا جىددىيلەشلەندە، تەشۋىشلەنگەندە ۋاقىتلىق يۈرەك رىتىمسىزلىقى بولىدۇ. ئەمما كېسەللىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ ساپ ھاۋا بىلەن تەمىنلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ئۆپكىدە ھاۋا ئالمىشىش يېتەرسىز بولۇش، قۇۋۇرغا ئارىلىق گۆشلىرى پالەچلىنىش، يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، دەم سىقىلىش، كانايچە ياللۇغى، باشقا ئەزالاردىكى ئېغىر دەرىجىدىكى ياللۇغلىنىش ۋە بېسىلىشلار، يۇقىرى قىزىتما، تۇغما يۈرەك كېسەللىكى، بەدەننىڭ سۇسىزلىنىشى، بەدەنگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

كۆكىرىش:

كۆكىرىش نەپەس قىيىنلىشىش ئېغىرلاشقاندا يۈز بېرىدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ ساپ ھاۋا بىلەن تەمىنلىنىشى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ئۆپكىدە ھاۋا ئالمىشىش يېتەرسىز بولۇش، قوۋۇرغا ئارىلىق گۆشلىرى پالەچلىنىش، يۈرەك قان تومۇرلىرىنىڭ خىزمىتى توسالغۇغا ئۇچراش قاتارلىق ئەھۋاللاردا يۈز بېرىدۇ.

ھوشسىزلىنىش:

ھوشسىزلىنىش مېڭە پائالىيىتى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىغاندا يۈز بېرىدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، بەزىدە يەڭگىل، بەزىدە ئېغىر بولىدۇ. مېڭە ياللۇغى،

سەرسام، مىزاجىنىڭ ماددىسىز بۇزۇلۇشىدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى، تۇرلۇك زەخىملىنىش، توك سوقۇش، سۇدا تۇنجۇقۇش، زەھەرلىك دورىلار ياكى مەست قىلغۇچى دورىلاردىن زەھەرلىنىش، جىگەر خىزمىتى ئېغىر دەرىجىدە توسۇلۇش، سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش، ھىستېرىيە، بەدەنگە جىددىي ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىق كېسەللىكلەردە كۆرۈلىدۇ. بالا ھوشسىزلانغاندا يۈرەك ۋە نەپەس ھەرىكىتى يوقالمايدۇ، لېكىن ئەس-ھوشى يوقىلىدۇ. بۇ بىر خىل خەۋپلىك ئالامەت بولغانلىقتىن ھوشسىزلانغان باللارغا نىسبەتەن جىددىي قاراپ، سەۋەبىنى ئېنىقلاپ تېز قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھوشسىزلىنىش غەيرىي نەرسىلەرنى كۆرۈش ياكى غەيرىي ئاۋازلارنى ئاڭلاش، قاتتىق قورقۇپ كېتىش، تەشۋىشلىنىش، زىيادە جىددىيلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللاردىمۇ يۈز بېرىدۇ.

**تارتىشىش:**

تارتىشىش مېڭىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىدە توسالغۇ ياكى نورمالسىزلىق پەيدا بولغانلىقتىن كېلىپچىقىدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، بوۋاقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. كېسەللىك تۇيۇقسىز باشلىنىپ ئەس-ھوشى تاسادىپىي يوقىلىپ، كۆز ئالمىسى ئۈستىگە قاراپ قالىدۇ ياكى ئالىغاي بولۇپ قالىدۇ. يۈز گۆشلىرى ۋە پۇت-قوللىرى قېتىپ تارتىشىپ قالىدۇ ياكى تىترەيدۇ، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن تارتىشىش قويۇپ بېرىپ، يەنە تەكرار تۇتىدۇ. داۋاملىشىش ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. تارتىشىش كۆپىنچە ئېغىر دەرىجىدىكى قان ئازلىق، مېڭە پەردە ياللۇغى ياكى مېڭە ياللۇغى، بەزى يىرىڭلىق كېسەللىكلەرنىڭ زەھەرلىشى، دورا ۋە يېمەكلىك بىلەن زەھەرلىنىش، مەددە قۇرتلىرىنىڭ مېڭىنى زەخىملىشى، مېڭىنىڭ يىرىڭلىق كېسەللىكلىرى، سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش، جىگەر مەنبەلىك ھوشسىزلىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەردە كۆرۈلىدۇ.

**سىرقىلىق چۈشۈش:**

بالا تۇغۇلۇپ ئىككىنچى كۈنىدىن بەشىنچى كۈنىگىچە ئارىلىقتا تېرىسى ۋە

كۆز ئېقى سەل سارغىيىدۇ، سۈيدۈكمۇ سېرىق رەڭدە كېلىدۇ، لېكىن بالىنىڭ سۈيدۈك لاتىسى سارغايمايدۇ. بۇ نورمال ھادىسە بولۇپ، بىر ھەپتە ئىچىدە يوقىلىپ كېتىدۇ، داۋالىمىسىمۇ بولىدۇ. بالىلاردىكى كېسەللىكتىن بولىدىغان سېرىقلىق چۈشۈش كۆپىنچە جىگەر مىزاجى ماددىسىز ياكى ماددىلىق بۇزۇلۇش، ئۆت يولى توسۇلۇش، جىگەر ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېزىك، بەزگەك، چېچەك، قىزىلغا ئوخشاش يۇقىرى قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىش، قاناش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولۇش، قەۋزىيەتكە ئوخشاش ماددا ئالمىشىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار، تەر تۆشۈكچىلىرى توسۇلۇش، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش، قوغشۇن، سىماب قاتارلىقلاردىن زەھەرلىنىش، كېزىك، جىگەر ياللۇغى قاتارلىق قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغان ھامىلدارلاردىن تۇغۇلغان باللاردا سېرىقلىق چۈشۈش كۆرۈلىدۇ.



كۆپ تەرلەش:

ئادەتتە باللار چوڭلارغا قارىغاندا كۆپرەك تەرلەيدۇ. ھاۋا ئىسسىش، ئۆينىڭ ھارارىتى يۇقىرى بولۇش، بەك قېلىن كىيىنىش، قىزىق تاماق، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلار، ئاچچىق، غىدىقلىغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېيىش، زىيادە جىددىيلىشىش، چۆچۈش، ئۇيقۇدا قارا بېسىش، غەيرىي نەرسىلەرنى كۆرگەندە ياكى غەيرىي ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندا تۇيۇقسىز قورقۇپ كېتىش، يالغۇزلۇقتىن ۋە قاراڭغۇدىن قورقۇش قاتارلىق ئەھۋاللاردا تەبىئىي تەرلەش بولىدۇ. باشقا ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ ئۇخلاۋاتقاندا تەرلەش، تىنچ تۇرغاندا تەرلەش كېسەللىك سەۋەبىدىن بولىدىغان بىنورمال تەرلەش بولۇپ، بەزىدە پۈتۈن بەدەن، بەزىدە بەدەننىڭ بىرەر يېرى تەرلەيدۇ. بۇنداق تەرلەشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. پۈتۈن بەدەنلىك تەرلەش ئۆپكە ياللۇغى، قان ئوفۇنەتلىنىش، كېزىك، يۇلۇن ياللۇغى، سىل، ئېغىر دەرىجىدىكى يۇرەك زەئىپلىشىش، مۇپاسىل، ئىسسىق ئۆتۈش، سىمابلىق دورىلاردىن ۋە قوغۇشۇن،

سەنكىيادىن زەھەرلىنىش قاتارلىق ئەھۋاللاردا كۆرۈلىدۇ. بەدەننىڭ يېرىمى تەرلەش كۆپىنچە ئەسەبلەرنىڭ زەخىملىنىشى، مېڭە، يۇلۇن كېسەللىكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. باش، قولتۇق، پۇت ئالىقانلىرى، تېقىم قاتارلىق ئەزالارنىڭ تەرلىشى كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، كۆپىنچە شۇ ئەزالارغا ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

### تېرە قۇرغاقلىشىش:

تېرە قۇرغاقلىشىش ئۆتكۈر قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇق ياكى ئىسسىقلىقتىن بۇزۇلۇشى، قاناش، كۆپ تەرلەش ۋە ئىچى سۈرۈشتىن بولغان بەدەن سۇسىزلىنىش، ئومۇمىي بەدەنگە ئوزۇقلۇق ياكى سۇيۇقلۇق يېتىشمەسلىك، سىل، زۇكام، نەزلە، نەپەس يوللىرىنىڭ ئۆتكۈر ياللۇغلىنىشى قاتارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

### تېرىگە ئەسۋە چىقىش:

تېرىگە ئەسۋە چىقىش كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىك ئالامىتى بولۇپ، داغلىق ئەسۋە، قاپارتقۇ، سۆسۈن داغلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. داغلىق ئەسۋە تېرە يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقمايدىغان، بارماق بىلەن باسسا يوقىلىدىغان، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان قىزىل رەڭلىك ئەسۋە بولۇپ، قىزىل، سوغان، يەلتاشما، دورىدىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلاردا ۋە ئۆچەي كېسەللىكلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان سۇلۇق ۋە يىرىڭلىق قاپارتقۇلار ئاخىرى قاقاچلىشىپ تۆكۈلىدۇ. تۆكۈلگەندىن كېيىن تاتۇق قالمايدۇ. قاپارتقۇ چىقىشنىڭ ئالدىدا ئەسۋە چىقمايدۇ. قاپارتقۇ كۆپىنچە سۇ چېچەك، ھەر خىل ھۆل تەمرەتكە، بەلباغسىمان قوقاق، شاپاق يارىسى، ھاشارات چېقىش قاتارلىق ئەھۋاللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. سۆسۈن داغ تېرە يۈزىدە ئاۋۋال قىزىل ئەسۋە پەيدا بولىدىغان، باسقاندا يوقالمايدىغان، كېيىن سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىپ، ئاخىرىدا كۆكىرىپ، ئاندىن قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ يوقىلىدىغان

بولۇپ، كۆپىنچە قان بۆزۆلۈش، قان ئازلىق، ئۆزۈقلۇق يېتىشمەسلىك، قاننىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، سەرسام، يۈرەك ئىچكى پەردە ياللۇغى، سىل قاتارلىق كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

**ئىششىق:**

ئىششىق بالىلار كېسەللىكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەت بولۇپ، ھەممە ئەزالاردا كۆرۈلىدۇ. بەزىدە پۈتۈن بەدەن ئىششىسا، بەزىدە بىرەر ئەزا ئىششىيدۇ. ئىششىق تۈرلىرى ۋە ئورنىغا قاراپ پۈتۈن بەدەنلىك ئىششىق، ئايرىم ئەزالاردىكى ئىششىق ۋە قورساق سۇلۇق ئىششىقى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. پۈتۈن بەدەنلىك ئىششىق پۇت ياكى قاپاقتىن باشلىنىپ پۈتۈن بەدەنگە قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان بولۇپ، باسقاندا يەرلىك ئورۇن ئويمانلىشىپ قىسقا ۋاقىتلىق ئىز قالدۇرىدۇ. ئېغىرلاشقاندا قايسى تەرەپنى بېسىپ ياتسا، ئىششىق شۇ تەرەپكە ساقىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئىششىق كۆپىنچە يۈرەك كېسەللىكلىرى (ئىششىق پۇتتىن باشلىنىدۇ)، بۆرەك كېسەللىكلىرى (ئىششىق قاپاقتىن باشلىنىدۇ)، ئۆزۈقلىنىش ناچارلىق، قان ئازلىق، ئېغىر جىگەر ياللۇغى، جىگەر قېتىش قاتارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئايرىم ئەزالاردىكى ئىششىق پەقەت ئايرىم ئەزالاردا كۆرۈلىدىغان ئىششىق بولۇپ، كۆپىنچە چىقان چىقىش، زەھەرلىك ھاشارات چېقىش، ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش، ئۈششۈك، كۆيۈك قاتارلىق يەرلىك ئورۇندىكى ياللۇغلىنىشلىق كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. قورساق سۇلۇق ئىششىقى جىگەر قېتىش، قورساق پەردىسى سىلى، قورساق پەردىسى ياللۇغى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، تال چوڭىيىش، يۈرەك قېپى ياللۇغى، ئۆزۈقلىنىش ناچارلىقى، قىلقۇرت، قورساق ساھەسىدىكى ھەر خىل ئۆسمىلەرنىڭ بېسىشى قاتارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

**ئورۇقلاش:**

ئورۇقلاش بەدەننىڭ ماددا ئالمىشىشى قالايمىقانلىشىش، مېڭە ۋە ئەسەب خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كېسەللىكلەردە يۈز

بېرىدىغان ئالامەت بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي بەدەنلىك ئورۇقلاش ۋە ئايرىم ئەزانىڭ ئورۇقلىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئومۇمىي بەدەنلىك ئورۇقلاش كۆپىنچە ئوزۇقلىنىشنىڭ ناچارلىقىدىن بولغان بەدەنگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، جىگەر خىزمىتىنىڭ ناچارلىشىشىدىن بولغان ماددا ئالمىشىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ھەر خىل روھىي ۋە جۇدەتكۈچى كېسەللىكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئايرىم ئەزانىڭ ئورۇقلىشى كۆپىنچە مېڭە ۋە ئەسەبلەرنىڭ ھەر خىل ئامىللار تەسىرىدە زەخىملىنىپ، بەدەننىڭ ئايرىم قىسمىدىكى ئەزالارنىڭ سەزگۈ خىزمىتى ياكى ھەرىكىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، بەدەنگە ئېغىر دەرىجىدە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىقلاردا يۈز بېرىدۇ. مېڭە ياكى ئەسەب خىزمىتىنىڭ توسۇلۇشى ياكى ئاجىزلىشىشىدىن بولغان پۇت، قول مۇسكۇللىرىنىڭ يىگىلىشى، مېڭە يىگىلەش، راخىت كېسەللىكىدىن بولغان مەلۇم ئەزانىڭ كىچىكلەپ كېتىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش كېسەللىكلەردە مۇشۇ خىل ئورۇقلاش بولىدۇ.

# يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر

## بالدۇر تۇغۇلۇش

ئاي - كۈنى توشۇشتىن ئىلگىرى تۇغۇلۇش ياكى بەدەن ئېغىرلىقى 2.5 كىلوگىرامغا توشماي تۇغۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**سەۋەبى**

ھامىلدارلىقتىن زەھەرلىنىش، باش سۆيىنىڭ بالدۇر يېرىلىشى، بالا ھەمراھىنىڭ بالدۇر ئاجرىلىشى ياكى بالا ھەمراھىنىڭ تەتۈر ئورۇنلۇشى، قان ئازلىق، بالياتقۇ ئىچىگە گۆش ئۆسۈش، ھەر خىل زەھەرلىنىش، ئېغىر سوزۇلما كېسەللىكلەر، قاتتىق چارچاش، زەربە تەسىردىن زەخىملىنىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بالا بالدۇر تۇغۇلۇپ قالىدۇ.

**ئالامىتى**

بوۋاقنىڭ تېرىسى بەك قورغاق، تىرناقلىرى يۇمشاق، تەن قورۇلۇشى كىچىك، يىغا ئاۋازى تۆۋەن، بەدىنى يېنىك، چاچلىرى شالاڭ، سىرتقى مۇھىتقا ماسلىششچانلىقى تۆۋەن بولىدۇ. قىزلاردا جىنسىي ئەزاسى تولۇق يېتىلمىگەن، ئوغۇللاردا ئۇرۇقدان ئۇرۇقدان خالتىسىغا چۈشمىگەن بولىدۇ. ئېمىشى ۋە ئەمگەن سۈتنى يۇتۇشى ئاجىز بولىدۇ، ئاسانلا قېقىلىپ كېتىدۇ.

بەدەن ئېغىرلىقى 1.5 كىلوگىرامغا توشمىغان، دورىلاردىن زەھەرلەنگەن ياكى سىرتقى زەربىدىن زەخىملەنگەن بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

داۋاسى

مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىنىدۇ، بوۋاقنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ زۆرۈر بولغان ئىلمىي بېقىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدۇ، بالدۇر تۇغۇلۇش سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ.

پات - پات ئۆي ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، بالىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى تازىلاپ، نەپەس يولى توسۇلۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش، ئەمچەكنى پاكىز تۇتۇش تەدبىرلىرى قوللىنىدۇ. ئىككى كىلوگىرامدىن تۆۋەن تۇغۇلغان بالىلارنى يۆيۈشقا بولمايدۇ. تۇغۇلۇپ تۆت سائەتتىن كېيىن بەدەندىكى ھامىلە شالتاقلىرى ئىلىلتىلغان كۈنجۈت يېغى ياكى بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، ئاندىن پاختا بىلەن سۈرتۈپ چىقىرىلىدۇ، ئەگەر بىر قېتىمدا چىقىپ بولمىسا ئەتىسى يەنە مايلاپ سۈرتۈلىدۇ. ئەگەر بالا بەك ئاجىز بولسا تازىلىمىسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر بالىنىڭ ئېمىش ھەم يۇتۇشى ياخشى بولسا ئانىسى بىۋاسىتە ئېمىتسە بولىدۇ. بالىنىڭ بەدەن ئېغىرلىق ئەھۋالىغا قاراپ ئېمىتىش قېتىم سانى كۆپەيتىلىدۇ ۋە ئېمىتىش ئارىلىقىنى قىسقارتىپ ئىككى قېتىملىق ئېمىتىشنىڭ ئارىلىقىدا بىر قېتىم بىر قوشۇق ئىلمان قايناق سۇغا ئىككى تامچە ئۈزۈم قىيامى تېمىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

بوۋاقتا قان ئازلىق كۆرۈلسە نوقۇئى كىشمىش ياكى مېۋە شەربەتلىرىگە قىزىق پولاتنى داغلىغان سۇ قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. گۆشنى ئېزىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئازراق شېكەر قوشۇپ بېرىلىدۇ.

بوۋاقنى ئوزۇقلاندۇرۇشتا كۆك ئۈزۈم، قىزىل ئۈزۈمنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، قىزىلگۈل، زەنجىۋىل، پېپىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، ساپ سۇدىن 300 مىلىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى سۇغا چىلاپ نوقۇئى كىشمىش تەييارلاپ، ھەر كۈنى بىر قېتىم ئاز مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. نوقۇئى كىشمىش بوۋاقنىڭ ھەزىم ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەپ، قان كۆپەيتىپ، ئۆسۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەگەر ئانىنىڭ سۈتى قويۇق، شىرنىلىك بولمىسا سۈتنى ياخشىلايدىغان

دورىلارنى بېرىش بىلەن بىرگە بوۋاقفا ۋاقتىنچە يېڭى موزايلىغان كالىنىڭ سۈتى، ئۆچكە سۈتى مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ.

## تۇنجۇقۇش

باللارنىڭ تۇغۇلۇش ۋاقتىدا بىردىنلا ھەرىكەتتى جىمىپ نەپەس ئالالماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

كۆپىنچە تۇغۇت جەريانىدا ھامىلىدارلىقتىن زەھەرلىنىش، ھامىلىدارلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى قان يوقىتىش، ئېغىر قان ئازلىق، يۈرەك كېسەلى، ئۆپكە سىلى قاتارلىقلار بىلەن ئاغرىغان ئايالارنىڭ تېنى ئاجىزلاش، تۇغدۇرۇش دورىلىرىدىن زەھەرلىنىش، بالا كىندىكى بالىنىڭ بويىنىغا يۆگىشىپ قېلىش، ئاياللارنىڭ تۇغۇت جەريانىدا ئاجىزلاپ تولغاقفا كۈچىيەلمەسلىكى، بالىنىڭ ساغرىسى بىلەن كېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن تۇغۇلۇش ۋاقتىدا بالىنىڭ قان ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ تۇنجۇقۇپ قالىدۇ.



**ئالامىتى**

تۇغۇلماي تۇرۇپ تۇنجۇقۇپ قالغان بالىنىڭ يۈرىكى دەسلەپ بەك تېز سالىدۇ، كېيىن ئۆزىچە ئاستىلاپ تەرتىپسىزلىشىپ توختاپ قالىدۇ. تۇنجۇقۇش ئېغىر ۋە يېنىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

يېنىك تۇنجۇقۇشتا: بالىنىڭ تېرىسى كۆكىرىدۇ، نەپەس ئاجىزلايدۇ، يۈرەكنىڭ سوقۇشى سۇس ئاڭلىنىدۇ.

ئېغىر تۇنجۇقۇشتا: بالىنىڭ تېرىسى تاتىرىپ پۇت - قوللىرى مۇزلاپ كېتىدۇ. بەدەن ۋە ئېڭەك گۆشلىرى سالپىيىپ بوشىشىپ قالىدۇ. نەپىسى بىلىنمەيدۇ. يۈرەك ھەرىكەتتى بارغانسېرى ئاجىزلاپ ئاخىرىدا يوقاپ كېتىدۇ.

**داۋاسى**

تۇنجۇققان بالا تېز قۇتقۇزۇش چارىلىرى بىلەن قۇتقۇزۇلىدۇ. تۇنجۇققان بالىنىڭ نەپەس ھەرىكىتى ئېنىقسىز بولۇپ، يۈرەك ھەرىكىتى بولسا بالىنىڭ ئاغزىغا داكا قويۇپ ئۇدۇل تۇرۇپ نەپەسلەندۈرۈلىدۇ. بالىنىڭ گېلىدا شىلىمشىق بەلغەم بولسا، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، بوش ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەلغەم چىقىرىلىدۇ ۋە پاكىز داكىدا ئاغزى تازىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئۇنۇم بەرمىسە تۇغۇت ئانىسى بىر قولى بىلەن بوۋاقنىڭ دۈمبىسىدىن يۆلەپ ئاستا كۆتۈرۈپ كۆكرەك قىسمى ئالدىغا چىققاندا يەنە ئاستا ياتقۇزۇپ قويۇش ئۇسۇلى تاكى بالا نەپەس ئالغۇچە تەكرارلىنىدۇ. بىر نەچچە مىنۇتقىچە ھوشىغا كەلمىسە، مارجاننى ياكى مەرۋايىتنى قىزىتىپ بالىنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ قويمايدىغان ھالەتتە ئىككى مەڭزى ۋە پېشانىسىگە ياقسا ھوشىغا كېلىپ يىغلايدۇ. ئەگەر سوغۇق ئۆتۈشتىن تۇنجۇققان بولسا ئىسسىق ئورۇندا ياتقۇزۇپ داكىنى ئىسسىق سۇدا نەمدەپ بالىنىڭ كۆكرەك ۋە ئېغىزلىرىغا تەگكۈزسە، بالىنى ئۆرە قىلىپ كۆكرىكىنى بوش بېسىپ بەرسە ھوشىغا كېلىدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بالا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ئادەم خەۋەر ئالىدۇ، نەپىسى، يۈرەك ھەرىكىتى، چىرايى كۆزىتىپ تۇرۇلىدۇ، دەسلەپكى ئېمىتىش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلىدۇ. دەسلەپتە ئېمىتكەندە قۇسۇپ قايتا تۇنجۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بالىنى كۆپ مىدىرلاتماسلىق ۋە ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتقۇزۇش كېرەك.



## يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى باش قانلىق ئىششىقى

بالىلارنىڭ باش سۆڭىكى ئاستىدىكى قان تومۇرلار يېرىلىپ، شۇ ئورۇندا قان يىغىلىپ قالىدۇ.

**سەۋەبى**

تۇغۇتتا ھامىلىنىڭ بالياتقۇ ئىچىدە مىدىرلىشى بىلەن بالىنىڭ باش سۆڭىكى ئانىنىڭ داس قىسمىغا سۈركىلىپ، قان - تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى ياكى تۇغۇت

يولىنىڭ قاتتىقلىقى تۆپەيلىدىن بالىنىڭ بېشى قىسىلىپ قېلىپ، باش سۆڭىكى ئاستىدىكى قان تومۇرلارنىڭ يېرىلىشى بىلەن شۇ ئورۇنغا قان يىغىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

ئىششىق بالا تۇغۇلغان كۈنى بايقىلىدۇ. ئىششىق كۆپىنچە باشنىڭ چوققا سۆڭىكىدە ياكى چوققا سۆڭىكىنىڭ ئارقا قىسمىدا، بەزىدە ھەر ئىككى تەرەپتە بولۇپ، ناھايىتى تېز چوڭىيىپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. كېيىن تەدرىجىي كىچىكلەپ تېرە رەڭگى ئەسلىگە كېلىدۇ. بەزى بوۋاقلاردا ئىششىغان ئورۇن قىزىرىپ لۆمۈلدەپ تۇرىدۇ. باسقاندا بېسىلمايدۇ. دائىرىسى ئېنىق بولىدۇ. سۆڭەك چاكلىرىغىچە كېڭەيمەي پەيدا بولغان ئورۇندا توختاپ قالىدۇ. ئۇزۇن بولغاندا 3 ـ 4 ئاي، قىسقا بولغاندا ئىككى ئايغىچە داۋاملىشىدۇ.

**داۋاسى**

بۇ كېسەللىكنى مەخسۇس داۋالاشنىڭ ھاجىتى يوق. قوشۇمچە كېسەللىكلەر قوشۇلۇپ قالمىسىلا ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ. قوشۇمچە كېسەللىك پەيدا بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بالا ۋە ئانىسىغا ئىششىقنى پەسەيتىپ ماددا تارقاتقۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىششىغان ئورۇننى مۇھاپىزەت قىلىشى ئۈچۈن داكىنىڭ قېتىغا پاختا ئېلىپ تەييارلانغان يۆگەك بىلەن بالىنىڭ باش قىسمىنى يۆگەش كۇپايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خېنە ئۇپىسى ياكى قەلەي ئۇپىسى سۈركىلىدۇ. كۆپىكدەريا، ئانارگۈلى، تاباشىر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ ئۇۋۇلاپ بەرسە، قاناشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە تېرىسىنى ياخشىلايدۇ.

## يېڭى تۇغۇلغان باللاردىكى كىندىك ياللۇغى

يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردا كىندىك چۈشكەندىن كېيىن كۆرۈلىدىغان كېسەللىك.

سىرۋەبى

يېڭى تۇغۇلغان باللارنىڭ كىندىكىنى كەسكەن ئەسۋابلارنىڭ تازىلىقى ياخشى بولماسلىق، كىندىك قانىغاندىن كېيىن ۋاقتىدا داۋالىماي ئوفۇنەتلىنىپ قېلىش، كىندىك چۈشكەندىن كېيىن جاراھەت ئورنىنىڭ ئۇزۇنغىچە ساقايماي شەلۋەرەپ قېلىشى، يۆگەك ۋە كىندىك ئەتراپىدىكى لاتىلارنىڭ تازىلىقى ياخشى بولماسلىق قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

كىندىك چۈشكەندىن كېيىن كىندىك ۋە كىندىك ئەتراپى قىزىرىپ، ئىششىپ تېرە ئاستىغىچە تەسىر كۆرستىدۇ. قىزىتما كۆرۈلىدۇ. يىرىڭ ئارىلاش سېسىق پۇراقلىق سۇيۇقلۇق ئاقىدۇ. ماددىلىق ھۆل سوغۇقتىن بولسا، ئاق سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولىدۇ، قىزىتما بولمايدۇ.



داۋاسى

يۇقۇملىنىشنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. شەلۋەرىگەن ئورۇن سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ ياكى ئازراق تۇز قوشۇپ سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئاندىن پاكىز پاختا بىلەن سۇ قالدۇقىنى سۈرتىۋېتىپ ئۈستىدىن قەشقەر ئۇپىسى، قەلەي ئۇپىسى، خېنە ئۇپىسى ياكى گۈل يېغى سۈركەپ تېڭىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئۈنۈم بەرسە، ئەنزىرۇت، ئانار پوستى، زەمچە، سەئدى كۇفى، موزا، قەغەز كۆلى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، كۇندۇر، مۇرمەككى، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، كۆيدۈرۈلگەن مىستىن 15 گىرام ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم سالايە قىلىپ، ئاندىن بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا ئىشلىتىلىدۇ.

## يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كۆز ئاغرىقى

يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ كۆزى ۋە قاپىقى قىزىرىپ ئىششىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى

بالىلار تۇغۇلۇش ۋاقتىدا ئانىنىڭ جىنسىي ئەزالىرىدىكى جاراسىملار بوۋاقنىڭ كۆزىگە كىرىپ كېتىش، بەزىدە ئانىنىڭ ئۇفۇنەتلەنگەن نەرسىلەر بىلەن بۇلغانغان قولىنىڭ كېسەل يۇقتۇرۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى

كېسەل جىددىي باشلىنىدۇ. قاپاقلىرى قىزىرىپ ئىششىش بىلەن بىرگە كۆزدىن سېرىق ياكى ئاقۇچ چاپاق چىقىپ، كۆز جىيەكلىرىگە چاپلىشىپ قالىدۇ. بەزىدە بوۋاق كۆزىنى ئاچالمايدۇ. كۆزدىن بەزىدە ياش ئاقىدۇ، بەزىدە ياش ئاقمايدۇ.



داۋاسى

بالا بەك كىچىك بولغاچقا ئانىسىغا دەملىمە بېرىلىدۇ. گۈلبىنەپشە، نېلۇپەر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ئەيىنۇلا، ئىتئۈزۈمى، چىلان، تەمرىھىندى، ئاقلانغان ئارپا قاتارلىقلار مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ دەملەپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ھېلىلە چىلانغان سۇغا ئازراق بىنەپشىنى چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، پاكىز داكا بىلەن سۈزۈپ، بالىنىڭ كۆزىگە داكا قويۇپ تۇرۇپ تېمىتىلىدۇ ياكى گۈلابقا چىلانغان مامىرانچىن تېمىتىلىدۇ. كۆزدىكى چاپاقنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، پاكىز پەلكۈچ بىلەن بالىنىڭ كۆزىگە قارا سۈرمە تارتىلسا تەسىرى تېز بولىدۇ.

## يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كىندىك چىققى

بالا يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتىتا كىندىكى پۈلتىيىپ چىقىپ قالىدۇ.

## سەۋەبى

بالىنىڭ كىندىكىنى ياخشى بوغماسلىقتىن كىندىك پۇلتىيىپ چىقىۋالىدۇ. ھامىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا بەزى ئامىللارنىڭ قورساق قىسمىغا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە كىندىك ئۆپچۆرىسى خالتا شەكىلگە كىرىپ، تۇغما كىندىك چىقىقى بولۇپ تۇغۇلىدۇ. بەزىدە يەلدىن، كۆپ يىغلاشتىنمۇ كىندىك چىقىپ قالىدۇ.

## ئالامىتى

يەلدىن بولسا بالا يىغلىغاندا ۋە ئانىسى يەللىك غىزالارنى يېگەندە كىندىك چىقىۋالىدۇ. تۇغما كىندىك چىقىقىدا بالا تۇغۇلغاندا كىندىك ئورنىدا سىرتقا پۇلتىيىپ چىققان بىر گۆش خالتا بولىدۇ. سىرتقى يۈزى پارقىراق ۋە نېپىز بولۇپ، ئىچكى ئەزالارنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا خالتا قانچىلىك چوڭ بولسا قورساق ئىچىدە شۇنچىلىك ھەجىمدە كەمتۈكلۈك بولىدۇ. يەنە بالا تۇغۇلۇپ كۆپ بولغاندا 12 سائەتكىچە پۇلتىيىپ چىققان گۆش خالتا سىرتقى پەردىسى سىلىق، ھۆل، پارقىراق بولىدۇ. كېيىن پارقىراقلىقى يوقىلىپ قۇرغاقلىشىپ يىرىكلىشىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ يېرىلىپ كېتىپ، ئىچىدىكى ئەزالار سىرتقا پۇلتىيىپ چىققانلىقتىن كېسەل بالا ھوشسىزلىنىپ ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بەزى كىندىكى پۇلتىيىپ چىققان بالىلاردا مەقئەت پۈتەيلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۇغما غەيرىيلىكلەر قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

## داۋاسى

تۇغما كىندىك چىقىقىنى داۋالاشتا دەستىكار ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئەگەر كىندىك چىقىقى يەلدىن بولسا يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئانىسىغا شەربىتى بۇزۇرى ھار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارقىدىن جاۋارىش كۆمۈنى، جاۋارىش كۇندۇر، ماددەتۇلھايات قاتارلىق دورىلار مۇۋاپىق مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ. 10 گىرام جۇۋنەنى ئۇپىدەك سوقۇپ، تۇخۇم ئېقى بىلەن يۇغۇرۇپ كىندىككە

قويۇپ، ئۈستىگە گۈل يېغىغا چىلانغان پاختا قويۇپ تاكى چىقىق يوقالغۇچە قايتىلاپ تېڭىلىدۇ. ئەگەر يىغلاش سەۋەبىدىن بولسا بالا جىم ياتقاندا چىققان كىندىكنى بېسىپ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، كىندىككە باراۋەر كەلگۈدەك چوڭلۇقتىكى پاختىنى كاللەكلەپ ئۈستىگە قوغۇشۇن كېپەكى قېتىغا ئېلىنغان داكا تۈگۈنچە قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن داكا بىلەن باغلاپ تېڭىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىر مەزگىل قوللىنىلسا كىندىك بارا - بارا چىقمايدىغان بولىدۇ.

## يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى مەقئەت پۈتەيلىكى

بالىلارنىڭ چوڭ تەرەت قىلالماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

### سەۋەبى

مەقئەت پۈتەيلىكى تۇغما بولىدۇ. كۆپىنچە ئانىنىڭ ھامىلدار ۋاقتىدا تۈرلۈك تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان دورىلارنى ئىستېمال قىلىشى، بالدۇر تۇغۇلۇش، ھامىلە يېتىلىشىنىڭ نورمال بولماسلىقى قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.



### ئالامىتى

ئادەتتە بالىلار تۇغۇلغاندىن كېيىنلا مەلۇم بولىدۇ. يىراق يېزا، چەت جايلاردا بالىلارنى ئائىلىدە تۇغدۇرغان ۋاقىتتا دىققەت قىلىنماي قالغان بولسا 24 سائەتكىچە ھامىلە تەرىتى كەلمەيدۇ. بارا - بارا قورسىقى كۆپۈپ چىڭقىلىدۇ. 2 ~3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قورساق بەك ئېسىلىپ كېتىدۇ. بالا ئەممەيدۇ، روشەن ئورۇقلايدۇ. كۆڭلى تۇتۇق بولىدۇ. بەدەن سۇيۇقلۇقى كېمىيىدۇ.

### داۋاسى

مەقئەت پۈتەيلىكنى داۋالاشتا دەستىكار ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

## يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى تۇغما سفلىس

بۇ بىر خىل جىنسىي يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ

تېرىسىدە سۇس قىزىل رەڭلىك يۇمىلاق ئەسۋە بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

## سەۋەبى

ئوفۇنەتلەنگەن بۇزۇق قان ۋە كۆيگەن ماددىلارنىڭ بىر كىشىدىن ئىككىنچى بىر كىشىگە يۇقۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانغان ئانا ھامىلدار بولۇپ تۆت ئايدىن كېيىن قورساقتىكى ھامىلە يۇقۇملىنىدۇ.

## ئالامىتى

يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردا كۆپىنچە تۇغۇلۇپ دەسلەپكى ئىككى ئاي ئىچىدە ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بالا ئاجىز، روھسىز بولۇپ ئەت ئالمايدۇ. تېرىگە يۇمىلاق داغلىق ئەسۋە چىقىپ، سۇس قىزىل رەڭدىن تەدرىجىي ھال رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئەسۋە باش، ساغرا ۋە پۇت - قوللاردا بولىدۇ. يوقالغاندا قارامتۇل تاتۇق قالىدۇ. قاپارتمىلىق يارا ئالقان ۋە تاپاندىن باشلىنىپ ئاستا - ئاستا گەدەنگىچە كېڭىيىدۇ، ئىچىدە ئازراق يىرىڭلىق قان بولىدۇ. كالپۇك ۋە ساغرىسىنىڭ تېرىسى قىزىرىپ، قېتىپ، تېرە تاشلايدۇ. يېرىلىپ يارا بولىدۇ. مەقئەت ئەتراپى، قىزلارنىڭ جىنسىي ئەزاسى، ئوغۇللارنىڭ ئۇرۇقدان ئەتراپىدىكى ھۆل تۇرىدىغان ئورۇنلاردا ياپىلاق ھۆل سۆگەل پەيدا بولىدۇ. چاچ، كىرپىك، قاشلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقى ئالامەتلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا خىلتىنىڭ غالىبلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. قان ۋە بەلغەمنىڭ غالىبلىق ئالامەتلىرى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ.

## داۋاسى

بالا كىچىك بولغاچقا دورا ئىشلىتىش قولايسىز بولىدۇ. شۇڭا ئانىسىغا دورا بېرىلىدۇ. بالا چوڭراق بولسا، بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىۋېتىپ كالا سۈتى ياكى باشقا ساغلام ئايالنىڭ سۈتى ئېمىزگە ئارقىلىق بېرىلىدۇ.

بالىنىڭ بەدىنىدىكى قاننى تازىلاش ئۈچۈن، كاتھىندى، بىخ مارجان، ئاقىرقەرھا، كۆپىكدەريا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سۇفوپ

تەييارلاپ بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈندە بىر گىرامدىن ئۈچ قېتىم دەملەپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بەلغەمنىڭ غالىبلىقىدىن بولسا بالىغا يۇقىرىقى سۇفۇپنى دەملەپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئانىسىغا ھەببى ئىستەمخىقۇن ياكى ھەببى قوقىيا ئىچكۈزۈپ ماددا تازىلىنىدۇ. دورىنى بىر ھەپتە يېگۈزگەندىن كېيىن سىركە، سىركەنجۇبىل، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ. ماش، قىزىلگۈل، شۇمشا ئۇرۇقى، شەھمەنىزەل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ قايىنىتىپ، سۈيىگە كەرەپشە سۈيى قوشۇپ يارىنىڭ ئۈستى يۇيۇلىدۇ. ئاقىرقەرھا، قۇستە، مەدەستان، ئەنزىرۇت، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، گۈل يېغى ياكى قوي يىلىكى بىلەن ماي تەييارلاپ كۈنىگە ئىككى قېتىم چېپىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلتتىن بولسۇن، ئانىسىغا قانىنى تازىلىغاندىن كېيىن مەجۇنى سەرسىبىل ۋە ھەببى كەپرەس ئىستېمال قىلدۇرۇلسا سىفلىس كېسىلى يىلتىزىدىن يوقايدۇ. بالىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ۋە قانىنى تازىلاش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا شەربىتى پەۋاكىھ بېرىلىدۇ. بالىنى ئېمىتىدىغان ئايالنىڭ تامىقىغا قوي، كەكلىك، كۆك كەپتەر گۆشلىرىدە مايلىق قورداق قىلىپ بېرىلىدۇ. ھالۋا، ئاتىلا، شورپا، ئاق نان ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا قارا چاي ياكى يۇقىرىقى سۇفۇپ دەملىمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. يەللىك، غەلىز غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## يېڭى تۇغۇلغان بالىلاردىكى كىندىك قاناش

بۇ، كىندىك قاناش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**

كىندىك بېغىشى توم بوۋاقلاردا كىندىك بوشراق بوغۇلغانلىقتىن كىندىك قۇرۇغاندىن كېيىن باغلاق بوشاپ چۈشۈپ كىندىكنى تېشىپ قانىتىۋېتىدۇ. بەزىدە كىندىكنى باغلىغان يىپ بەك ئىنچىكە ياكى چىڭ بوغۇلغان بولسا، كىندىكتىكى تومۇرنى ئۈزۈۋېتىشتىن قانايدۇ. بەزىدە كىندىك چۈشكەندىن كېيىن كىندىكنىڭ تۈۋىدىن قان سىرغىپ چىقىدۇ.

ئالامىتى

بالا تۇغۇلۇپ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. كىندىك چۈشكەندىن كېيىنكى قاناش بالا تۇغۇلۇپ 2 ـ ھەپتىسى يۈز بېرىدۇ.

داۋاسى

كىندىك بېغىشى توم بوۋاقلاردا كىندىك بوشراق بوغۇلغانلىقتىن بولسا، كىندىك تۈۋى بىلەن قانىغان ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىن قايتا باغلىنىدۇ. كىندىك قۇرۇپ چۈشكەندىن كېيىنكى قاناشتا كۆپىكىدەرىيا، ئانارگۈل، سەمغى ئەرەبى، پىرسىياۋشان، ئەنزىرۇت، كۈندۈر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ كىندىككە تېڭىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا تاڭغاندا قان دەرھال توختايدۇ ۋە قان سىرغىپ چىققان جايدىكى گۆشنىڭ ساقىيىشى تېزلىشىدۇ. كىندىكتە ئىششىق ۋە قىزىرىش بولسا يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئانارگۈل، تاباشىر، ئاق سەندەل، خەشخاش ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قەلەي ئۇپىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ كىندىككە سېپىپ تېڭىلىدۇ. تېڭىق دورىسى ۋە تېڭىق لاتىسى كۈندە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.



## يېڭى تۇغۇلغان قىزلاردىن يالغان ھەيز كېلىش

يېڭى تۇغۇلغان قىزلارنىڭ جىنسىي يولىدىن قان كېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى

ئانا تېنىدىن قوبۇل قىلغان ئايالغا خاس ھورمۇننىڭ ئۈزۈلۈشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

جىنسىي يولدىن قان كېلىپ زاكىغا يۇقىدۇ.

داۋاسى

بۇ ۋاقىتتا قىزىتما بولمىسا ياكى قاناشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان بىرەر كېسەللىكتىن گۇمان قىلىنمىسا، داۋالاشنىڭ ھاجىتى يوق. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ.

# باللاردا كۆرۈلىدىغان مېڭە كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى تۇتقاق كېسلى

ئېمىۋاتقان باللارنىڭ تۇيۇقسىز هوشسىزلىنىپ، پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ ۋە چىشلىرى كىرىشىپ قېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى

مېڭە ۋە ئەسەبلەرنىڭ ئاجىزلىقى، هەزىم بۇزۇلۇش، سوزۇلما ئىچ سۈرۈش، قورساقتا مەددە قۇرت پەيدا بولۇش، قورساق ئىسسىلىش، مەقئەت قىچىشىش، داۋاملىق قەۋزىيەت بولۇش، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، باشقا قاتتىق سوغۇق ئۆتۈش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

كېسەللىك يېنىك باشلىنىدۇ. كېسەل تۇتۇشتىن بۇرۇن ئىچى تىت ـ تىت بولىدۇ، ئېزىلەڭگۈ بولىدۇ. پۇت ـ قوللىرى ئۇيۇشىدۇ، كۆزنگە ئوت يالقۇنى كۆرۈنىدۇ. كېسەللىك تۇتقاندا بالا تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشىدۇ. پۇت ـ قوللىرى تارتىشىدۇ. چىشلىرى كىرىشىپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىدۇ. كۆز قارىچۇقى ئارقىغا تارتىلىپ كېتىدۇ. نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىدۇ، بۇ ئالامەتلەر 3 ~7 مىنۇتقىچە داۋاملىشىپ ياخشىلىنىدۇ، بەزى باللار قاتتىق بىر ئۈزۈن تىنىپ، پەيلىرى بوشاپ هوشىغا كېلىدۇ.

داۋاسى

تىنچلاندۇرغۇچى دورىلارنى بېرىش بىلەن بىرگە مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىنىدۇ.

بالىنىڭ كېسىلى تۇتۇپ ھوشىغا كەلمىگۈچە پۇت ـ قوللىرى ھەرىكەتلەندۈرۈلمەيدۇ. ئاغزىدىن چىققان كۆپۈك تازىلاپ تۇرۇلىدۇ. تىلىنى چاينىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چىمچىلاق چوڭلۇقىدا ياغاچقا داكا يۆگەپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇلىدۇ. پۇت، قول، پېشانىسى يېرىكرەك نەرسە بىلەن سۈرتۈلىدۇ. چېكە ۋە بۇرۇن قانتى ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بىر قوشۇق ئانار شەربىتى، بىر قوشۇق بېھى شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. قەۋزىيەتلىكنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئانا تەستە ھەزىم بولىدىغان يەللىك يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. توشقان پەنىرمايىسىدىن ئۈچ پۈتنى ئۇزۇم سىركىسىدە ئېزىپ ئىچكۈزسە تۇتقاقلىق توختايدۇ. سۇمبۇل، قارىمۇچ، سىيادان، ئىپاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، ئىپاردىن باشقىلىرىنى سوقۇپ، ئىپارنى قوشۇپ شېشىگە ئېلىپ، داۋاملىق پۇراپ بەرسە مېڭىنى قىزىتىپ، كېسەلنىڭ تۇتۇشىنى ئازايتىدۇ ياكى توسىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن مەجۇنى ماددەتۇلھايات، مەجۇنى نۇجاھ، مەجۇنى سەرئى قاتارلىقلار بالىلارنىڭ يېشىغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.



ئەگەر بالىنىڭ ئىچى قېتىپ قەۋزىيەت بولۇپ قالسا، سوپۇن كۆپۈكىنى مەقئەتكە ماڭغۇزۇپ ئىچى بوشىتىلىدۇ. چۆجە گۆشى شورپىسىغا بادان مېغىزى سېلىپ نان بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. بالىنى خاپا قىلىشقا، تېرىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇلىدۇ.

## بالىلاردىكى تارتىشىپ قېلىش

كىچىك بالىلارنىڭ پەي ياكى گۆشلىرىنىڭ تارتىشىپ يىغىلىپ قېلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**

بەدەنگە قۇرۇقلۇقنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىشى، پەيلەرگە سوغۇق ئۆتۈش، قارا كېزىكنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، ئۈچەي تولغىقىنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىشىدىن

سۇيۇقلۇق يوقىتىش، ئۇزاق مۇددەت قەۋزىيەت بولۇش، سەرسام، بەدەندە ھۆل سوغۇقلۇق ئېشىپ كېتىش، ئېغىر دەرىجىدىكى قان ئازلىق، مېڭىدىكى ھەر خىل ياللۇغ، يېمەكلىكلەردىن زەھەرلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

### ئالامىتى

قۇرۇقلۇق سەۋەبىدىن بولسا ئاستا - ئاستا باشلىنىدۇ. كۆپىنچە قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردىن كېيىن ياكى بىرەر قاتتىق ئازابلىنىشتىن كېيىن كۆرۈلىدۇ. قول - پۇت ياكى باشقا ئەزالاردىكى پەي ۋە تارىمۇشلار تارتىشىپ نورمال ھەرىكەتتىن قالىدۇ.

### داۋاسى

تارتىشىش باشقا كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپچىققان بولسا سەۋەبچى كېسەللىكنى داۋالاشقا چارە قىلىنىدۇ. ئەگەر قۇرۇق سوغۇقلۇق ياكى ھەر خىل سۇيۇقلۇق يوقىتىشتىن بولسا قايسى ئەزا تارتىشىپ قالغان بولسا، شۇ ئەزا بادام يېغى، بىنەپشە يېغى، موم يېغى، قىرۇتى قاتارلىقلار بىلەن مايلىنىدۇ. بىمارنىڭ غىزاسىغا ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى نەرسىلەر بېرىلىدۇ. ئەگەر سەرسام ۋە قەۋزىيەتتىن بولسا بىنەپشىدىن 10 گرام، بەدىياندىن ئالتە گرام، سانادىن ئۈچ گرام، تەرەنجىبىن، تاتلىق بادام مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام ئېلىپ قايناتىپ، سۈزۈپ، قېلىن داكىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ گرام بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ بالىغا ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن لوبوبى مۆتەدىل، لوئۇقى بادام، لوئۇقى خەشخاش مۇلەييىن قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

ھۆل سوغۇقلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولسا بالىنىڭ پەي، تارىمۇشلىرى زەيتۇن يېغى، قۇستە يېغى، ئابدىملىك يېغى قاتارلىقلار بىلەن ياغلىنىدۇ. بالىغا ۋە ئانىسىغا مائۇلھەسەل بېرىلىدۇ.

## باللار پالچى

بەدەننىڭ يېرىمى ئۇزۇنىسىغا ياكى بەلنىڭ ئاستى تەرىپى ھەرىكەتسىز، سېزىمسىز بولىدۇ.

### سەۋەبى

چىش چىقىش دەۋرىدىكى قىزىتما، چېچەك، قىزىل، قورساقتا مەددە قۇرت پەيدا بولۇش، سوغۇق تېگىش، ئۆمۈرتقىغا زەربە تېگىش، بالىنىڭ يۇلۇن ماددىسى ئوفۇنەتلىنىپ ئەسەبلىرى زەخملىنىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

كېسەللىك كۆپىنچە ئۇششتۇمتۇت باشلىنىپ، بەدەننىڭ قايسى يېرىمى پالەچلەنسە، شۇ تەرەپنىڭ ھېس ۋە ھەرىكىتى يوقىلىدۇ. ھەرىكەتلەندۇرسە ۋە تۇتسا سېزىم بولمايدۇ. بەزى بالىلاردا پالەچلەنگەن ئەزانىڭ ھەرىكىتى بولمىسىمۇ، سېزىم ياكى يېنىك سېزىم بولىدۇ. بۇ خىل پالەچتە ئاغرىش بولىدۇ.

### داۋاسى

قىزىتما بولسا ئالدى بىلەن قىزىتما پەسەيتىلىدۇ. بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ ئىشتىھاسىنى ياخشىلاش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئەسەبلەرنى ئويغىتىپ قان ئايلىنىشنى ياخشىلاشقا قارىتا چارە قىلىنىدۇ. بىمار دەسلەپتە ئىسسىق سۇدا قايتا - قايتا يۇيۇندۇرۇلىدۇ، ئىسسىقلىق دورىلارنىڭ ھورىدا ھوردىتىلىدۇ. مائۇلئۇسۇل تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ھىڭدىن 0.5 گىرام، قەلەمپۇردىن ئۈچ دانە، زەنجىۋىل، قۇندۇز قەھرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر گىرام، ھەسەلدىن 15 گىرام ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا قوناق چوڭلۇقىدا ئېلىپ، سۈت بىلەن ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن تەرياقى پارۇقدىن بىر گىرام ياكى خېمىرى ئۇستقۇددۇستىن ئىككى گىرام ياكى پارپا ۋە ئۇد سەلىپ قوشۇپ ياسالغان خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىدىن بىر گىرامنى ئەرقى گاۋزىباندىن 10 مىللىلىتىرغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارقىدىن مۇقەۋۋى ئەسەب تەييارلاپ پالەچلەنگەن ئەزا مايلىنىدۇ. قەلەمپۇر، دارچىن، بوزۇغا، قىزىل سەندەل، موزا، ئاقىرقەرھا، ئوردان، قۇستە

تەلخى، خولنجان، كاۋاۋىچىن، ئاق بەھمەن، جويۇز قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، لايىقلاشتۇرۇلغان كۇچۇلانىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ، 600 مىللىلىتىر سۇغا 12 سائەت چىلاپ، 300 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، 60 گىرام كۈنجۈت يېغى، 60 گىرام زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ دورا سۈيى تۈگەپ 120 گىرام قالغاندا شىشىگە ئېلىپ قويۇپ پالەچلەنگەن ئەزا ياغلىنىدۇ. باچكا بېشى، چۈجە گۆشىنى ئاقلانغان نوقۇت بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ، شورپىسىغا ئاز مىقداردا زىرە، پىننە، پىلپىل، دارچىن، قەلەمپۇر، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنى خالتىغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، قاينىتىپ گۆشنى يېگۈزۈپ، شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

## باللاردىكى تىل ئېغىرلىقى

باللارنىڭ سۆز قىلغاندا ھەرپلەرنىڭ تاۋۇشنى دېگەندەك تولۇق چىقىرالماسلىقىغا قارىتىلىدۇ.



**سەۋەبى**

مىزاجنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، تىل ئاستىدىكى پەيلەرنىڭ تارتىشۋېلىشى، كېسەللىك ئاسارىتى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

سۆزلەش جەريانىدا، ھەرپ تاۋۇشلىرىنى دېگەندەك تولۇق چىقىرالمايدۇ. ئاچچىقلانغان ۋە جىددىيلەشكەن ۋاقىتلاردا تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. تىلنى ئىختىيارسىز ھەرىكەتلەندۈرگەندە تەسلىكتە ھەرىكەتلىنىدۇ. تىل ئورۇق، قىسقا بولىدۇ.

**داۋاسى**

مىزاجنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولسا مىزاج تەڭشىلىدۇ. ئاقىرقەرھا سۈمۈرتۈلىدۇ. كاۋاۋىچىن تامىقىغا سېلىپ بېرىلىدۇ. چايلىقىغا دارچىن،

گۇلدارچىن، كاۋاۋىچىن، پىننە، سۇمبۇل ھىندى قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ دەملەپ ئىچكۈزۈلىدۇ. جويۇز، ئۇد سەلىپنى تاشقا سۈرۈپ بالىنىڭ تاڭلىيى، گەجگە، يۈلۈن، زاڭاق قاتارلىق ئورۇنلىرىغا چېپىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن داۋائىلمىشكى مۆتەدىل، جاۋارىش ئۇد شىرىن، مەجۇنى سوم، زەنجىۋىل مۇراببااسى، شەربىتى ئۇد سەلىپ قاتارلىقلارنىڭ بىرى ئاز مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ. مائۇلھەسەل ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر تىل ئاستىدىكى پەيلەرنىڭ تارتىششىدىن بولسا دەستكار قىلىنىدۇ.

كېسەللىك ئاسارىتىدىن كېلىپچىققان بولسا كېسەللىك سەۋەبى يوقىتىلىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن داۋائىلمىشكى ھار، مۇپەررىھى ياقۇت بېرىلىدۇ.

## بالىلارنىڭ تىلى كېچىكىپ چىقىش

بالىنىڭ تىلى ۋاقتىدا چىقمايدۇ، تىلى چىقسىمۇ راۋان سۆزلىيەلمەيدۇ.

183

### سەۋەبى

ماددىلىق ھۆل سوغۇقلۇق غەلىبە قىلىش، زەھەرلىنىش، پالەچ ئاسارىتى، سەرسام قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

#### ماددىلىق ھۆل سوغۇقلۇق غەلىبە قىلىشتىن بولغان تىلى كېچىكىپ چىقىش

### ئالامىتى

تۇغۇلغاندىن تارتىپ بالىنىڭ بەدىنى بوش ۋە ئاق بولىدۇ، ئىشتىھاسى كەم بولىدۇ. ئۇچۇق سۆزلىيەلمەيدۇ، سۆزلىگەندىمۇ ئاستا سۆزلەيدۇ، داۋاملىق ئاغزىدىن ئاق شۆلگەي ئاقىدۇ.

### داۋاسى

كېسەللىك ماددىسى ھەببى ئايارەج بىلەن بەدەندىن تازىلىنىدۇ. بەلغەم تەڭشەلگەندىن كېيىن مەتبۇخى ئۇستۇقۇددۇس بېرىلىدۇ. جويۇز، ئاقىرقەرھا، ئۇد

سەلىپ، بوزۇغا قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، بالىنىڭ بەدىنىگە سۈركىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن شەربىتى ئۇستىقۇددۇس، شەربىتى ئۇد سەلىپ، داۋائىلمىشكى، مۇپەررىھى ئۇستىقۇددۇس، مەجۇنى ھىلتىت قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

غىزاسىغا مېڭە ۋە پۇتلۇن بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلارغا كاۋاپ قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

### زەھەرلىنىشتىن بولغان تىلى كېچىكىپ چىقىش

**ئالامىتى**

ئوچۇق سۆزلىيەلمەيدۇ، سۈيدۈكى قىزىل كېلىدۇ، ئەزالىرى تارتىشىدۇ، تىلى قورۇلۇپ قالىدۇ، تومۇرى ئىنچىكە، تېز سالىدۇ.

**داۋاسى**

ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلاردىن شەربىتى بىنەپشە، ئەۋرىشىم شەربىتى، لوئۇقى بادام، ئۇستىقۇددۇس شەربىتى قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ. بادام يېغى، زەيتۇن يېغى، بابۇنە يېغى، گۈلسەۋسەن يېغى قاتارلىقلار بىلەن يۇلۇن، پەي ۋە بويۇن ساھەلىرى مايلىنىدۇ.

### پالەچ ئاسارىتىدىن بولغان تىلى كېچىكىپ چىقىش

**ئالامىتى**

قايسى تەرەپتىكى نېرۋا پالەچلەنگەن بولسا، شو تەرەپنىڭ سۆزلەش خىزمىتى بۇزۇلىدۇ. ئېغىزدىن سېرىقسۇ ئاقىدۇ، سېرىقسۇ ئېقىش توختىغاندىن كېيىن سۆزلەش تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىدۇ.

**داۋاسى**

قىزىتما بولسا ئالدى بىلەن قىزىتما پەسەيتىلىدۇ. بىمارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ

ئىشتىھاسىنى ياخشىلاش، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، ئەسەبلەرنى ئويغىتىپ قان ئايلىنىشنى ياخشىلاشقا قارىتا چارە قىلىنىدۇ. بىمار دەسلەپتە ئىسسىق سۇدا قايتا ـ قايتا يۇيۇندۇرۇلىدۇ، ئىسسىقلىق دورىلارنىڭ ھورىدا ھوردىتىلىدۇ. مائۇلئۇسۇل تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ھىڭدىن 0.5 گىرام، قەلەمپۇردىن ئۈچ دانە، زەنجىۋىل، قۇندۇز قەھرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر گىرام، ھەسەلدىن 15 گىرام ئېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا قوناق چوڭلۇقىدا سۈت بىلەن ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن تەرياقى پارۇقتىن بىر گىرام ياكى خېمىرى ئۇستىقۇددۇستىن ئىككى گىرام ياكى پارپا ۋە ئۇد سەلىپ قوشۇپ ياسالغان خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرىدىن بىر گىرامنى ئەرقى گاۋزىباندىن 10 مىللىلىترغا قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارقىدىن مۇقەۋۋى ئەسەب تەييارلاپ پالەچلەنگەن ئەزا مايلىنىدۇ. قەلەمپۇر، دارچىن، بوزۇغا، قىزىل سەندەل، موزا، ئاقىرقەرھا، ئوردان، قۇستە تەلخى، خولىنجان، كاۋاۋچىن، ئاق بەھمەن، جويۇز قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، لايىقلاشتۇرۇلغان كۇچۇلانىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ چالا سوقۇپ، 600 مىللىلىتىر سۇغا 12 سائەت چىلاپ 300 مىللىلىتىر قالغۇچە قايناتىپ، سۈزۈپ، 60 گىرام كۈنجۈت يېغى، 60 گىرام زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قايناتىپ، دورا سۈيى تۈگەپ 120گىرام قالغاندا شېشىگە ئېلىپ قويۇپ پالەچلەنگەن ئەزا ياغلىنىدۇ. باچكا بېشى، چۈجە گۆشىنى ئاقلانغان نوقۇت بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ، شورپىسىغا ئاز مىقداردا زىرە، پىننە، پىلپىل، دارچىن، قەلەمپۇر، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنى خالتىغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، قايناتىپ گۆشنى يېگۈزۈپ، شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

غىزاسىغا باچكا بېشى، چۈجە گۆشىنى ئاقلانغان نوقۇت بىلەن قوشۇپ پىشۇرۇپ، شورپىسىغا ئاز مىقداردا زىرە، پىننە، پىلپىل، دارچىن، قەلەمپۇر، ئاقىرقەرھا قاتارلىقلارنى خالتىغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، قايناتىپ گۆشنى يېگۈزۈپ، شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئالامىتى
بالىنىڭ ئاۋازى تەدرىجىي پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.

داۋاسى
سەرسامنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

## باللار ئىستىرخاسى

مەلۇم بىر ئەزانىڭ ھېس ۋە ھەرىكىتى ئاجىزلاش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى
قىزىتما، چېچەك، قىزىل، قاتتىق سوغۇق ئۆتۈش، مېڭىگە قان تولۇش، ئومۇمىي بەدەننىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.



ئالامىتى
تۇيۇقسىز باشلىنىدۇ. بەزى باللاردا ئالدىن بىر قىسىم بېشارەتلەر كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بەدىنى ئاجىزلايدۇ. مەلۇم ئەزانىڭ ھېس ۋە ھەرىكىتى ئاجىزلايدۇ.

داۋاسى
ئالدىراپ تېز تەسىر قىلىدىغان تەدبىرلەرنى قوللانماسلىق لازىم. ئالدى بىلەن ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن مائۇلھەسەل شەربىتى بېرىلىدۇ. مىزاجىنى تەڭشەش ئۈچۈن، ھەببى مەنتىن، پەلاسپە، مەسرۇدىتۇس، ھەببى پەرپىيۇن قاتارلىق دورىلاردىن بىرى تاللاپ بېرىلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا يەنە باللار پالىچىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

# بالىلارنىڭ ئۇيقۇدىن قورقۇپ ئويغىنىشى

بەزى بالىلار ئۇخلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىدۇ.

### سەۋەبى

بالىنى قۇۋۋەتسىز بېقىش، خام، بەلغەملىك، قۇۋۋەتسىز سۈتلەرنى كۆپ ئىچۈرۈش سەۋەبىدىن گازلىق بۇخاراتلار پەيدا بولۇپ، مېڭىگە ئۆرلەپ، پىكىر قىلىش قۇۋۋىتىگە تەسىر يەتكۈزگەنلىكتىن ھەمدە بالا ئويغاق ۋاقتىدا بىرەر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ شۇ نەرسىنى چۈشىدە كۆرۈپ قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئاتا - ئانا ۋە بالا باققۇچىلارنىڭ بالىنى ھەر خىل قورقۇنۇچلۇق گەپ - سۆز، ھەرىكەتلەر بىلەن قورقىتىشىدىنمۇ كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

ئۇخلىغاندا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ يىغلايدۇ. بىرەر نەرسە بېسىۋالغاندەك ھېس قىلىدۇ. قىسقا ۋاقىت سۆزلىيەلمەيدۇ ۋە ھەرىكەت قىلالمايدۇ. قاتتىق ئالاقزەدە بولۇپ، قورقۇپ، يۈرىكى سېلىپ، نەپەسى قىيىنلىشىدۇ.

### داۋاسى

ئەگەر قۇۋۋەتسىزلىك ۋە خام، بەلغەملىك سۈت ئىچىشتىن بولسا مەستىكى رۇمىدىن ئۈچ گىرامغا بەش گىرام ناۋاتنى ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ، گۈلقەنت قوشۇپ نان بىلەن بالىغا يېگۈزۈلىدۇ. لاچىندانە ھىندى، زەنجىۋىلنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، قەلەمپۇر، پىلپىلنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئانا ۋە بالىغا دەملەپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قۇندۇز قەھرى پۇرىتىلىدۇ. بالىنى قورقىدىغان نەرسىلەرگە يولۇقتۇرماسلىق ۋە ئىسسىقا سالماسلىق، مۇھىتى گۈزەل جايلاردا بېقىش، بالا ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلارنى ئوينىتىش، مېڭىسىنى تىنچلاندۇرۇش، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

# باللاردىكى ئۇيقۇسىزلىق

كېچىسى ئۇخلىماسلىق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، كۆپىنچە ئەمچەك يېشىدىكى باللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

سەۋەبى

بەدەن ئىچىدىكى ئاغرىق، مېڭە ئىششىقى، ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى، بەدەن يۈزىدىكى ئاغرىق، مېڭە مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

ئالامىتى

ئۇيقۇسى ئاز بولىدۇ، ئۇيقۇدىن راھەتلىنەلمەيدۇ، كۆپ ئويغىنىدۇ، كۆپ چۈش كۆرىدۇ، ئورۇقلايدۇ، چىرايى تاتىرىدۇ، تېرىلىرى قۇرغاقلىشىدۇ.

داۋاسى

بەدەن ئىچىدىكى ئاغرىقلاردىن بولسا سەۋەبىگە قارىتا چارە قىلىنىدۇ. مېڭە ئىششىقى سەۋەبىدىن بولسا ئىششىقنى قايتۇرۇش چارىسى قىلىنىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولسا ئانىنىڭ سۈتىنى ياخشىلاشقا چارە قىلىنىدۇ. بالىنى ئاچ قويۇپ ئاشقازاندىكى سۈت سىڭىپ بولغاندا، ئاندىن تويغۇدەك ئېمىتسە مەنپەئەت قىلىدۇ. بەدەن يۈزىدىكى ئاغرىقلار سەۋەبىدىن بولسا، سەۋەبچى ئامىللار يوقىتىلىدۇ ھەم بەدىنى زەرچۇۋە قاينىتىلغان سۇدا يۇيۇلىدۇ. يۇمشاتقۇچى ياغلار بىلەن ياغلىنىدۇ. مېڭە مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا قۇندۇز قەھرىنى بېرىش ھەم ئۇنى سۇدا ئېزىپ يۇلۇندىن باشنىڭ چوققىسىغىچە سۈركەش مەنپەئەت قىلىدۇ. تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئازراق خەشخاش پوستىنى سۇغا چىلاپ شىرنىسىنى چىقىرىپ، ناۋات قوشۇپ ئېمىتىدىغان ئايالغا ئىچكۈزۈلىدۇ ھەم يۇمشاق سوقۇپ تامىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. خەشخاش ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، كەندىر ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ خالتىغا ئېلىپ پۇرىتىلىدۇ. خەشخاش يېغى، كاھۇ يېغى بىلەن ئىككى چېكىسى، باشنىڭ چوققىسى ياغلىنىدۇ.

# باللار بەش ئەزا كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى قاپىقى ئىششىپ قىلىش كېسەللىكى

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باللارنىڭ قاپاقلىرىدا ئىششىق كۆرۈلىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**

قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، قان خىلتىغا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە بەلغەم خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.



### قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن بولغان قاپىقى ئىششىپ قىلىش

**ئالامىتى**

كۆز قىزىرىدۇ، قاپاق ئىششىيدۇ. ئازراق قىزىتما بولىدۇ ھەمدە بالا كۆزىنى ئاچالمايدۇ.

**داۋاسى**

ئوفۇنەتلەنگەن قان خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاق لەيلى ئۇرۇقى، چىلان، ئەينۇلا، قۇرۇق شاھتەررە، قۇرۇق يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، 300 مىللىلىتىر قايناق سۇغا 10سائەت چىلاپ، سۈزۈپ، سۈيىگە ئاز مىقداردا قەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يەرلىك شوخلا، يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقى، ھەمىشباھار يوپۇرمىقى، يۇمساقسۈت قاتارلىق دورىلارنى

سوقۇپ، سىقىلغان سۇيى بالىنىڭ كۆز ۋە قاپاقلىرىغا سۈركىلىدۇ. ئوفۇنەتلىنىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەرقى شوخلا، ئەرقى بىنەپشە، ئەرقى نىلۇپەر ئىچكۈزۈلىدۇ. ئانا ۋە بالا كىيسەللىكتىن ساقايغىچە يەللىك، غىدىقلىغۇچى، قاننى ئوفۇنەتلەندۈرىدىغان غەلىز غىزالاردىن پەرھىز قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

### قان خىلتىغا غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىنىڭ ئارىلىششىدىن بولغان قاپىقى ئىششىپ قىلىش

**ئالامىتى**

بالىنىڭ قاپىقى ئىششىيدۇ، قىچىشىدۇ، قىزىرىدۇ. ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ، كۆپ يىغلايدۇ.

**داۋاسى**

سەپرا خىلتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، قان تازىلاش، ئوفۇنەتلىنىشنى يوقىتىش مەقسىتىدە شەربىتى بىنەپشە ئىچكۈزۈلىدۇ. يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقى، ھەمىشباھار يوپۇرمىقى، يۇمغاقسۈت كۆكىنى ئېزىپ سۈيىنى چىقىرىپ، كۆز ۋە قاپاققا چېپىلىدۇ.

ئانا ۋە بالا ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، ئوفۇنەتلىنىشنى پەيدا قىلغۇچى قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، سۇۋۇقچى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

### قان خىلتىغا غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ ئارىلىششىدىن بولغان قاپىقى ئىششىپ قىلىش

**ئالامىتى**

بالىلاردا قىزىتما بولىدۇ. قاپاقتا سانجىلىپ، كۆيۈشۈپ ئاغرىش، ئىششىغان ئورۇن قېلىنلاش كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

قان خىلتىغا ئارىلاشقان غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنى پىشۇرۇش، بەدەندىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش، ئىششىق قايتۇرۇش، كۆزنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتىنىڭ مۇنزىجى ۋە ئىششىق تارقاتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، سەرپىستان، بىنەپشە، گاۋزىبان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، بەدىيانىنىڭ سۈيىدە لوئابىنى چىقىرىپ كۆز ۋە قاپاققا سۈركىلىدۇ. ھارارەت ۋە كۆيۈشۈشنى پەسەيتىش مەقسىتىدە ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ.

يەرلىك، غىدىقلىغۇچى، غەلىز، قۇرۇق ئىسسىق ۋە قۇرۇق سوغۇق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، لەتىپ غىزالار بېرىلىدۇ.

## ئوفۇنەتلەنگەن بەلغەم خىلتى سەۋەبىدىن بولغان قاپقى ئىششىپ قېلىش

### ئالامىتى

بالا قاتتىق بىئارام بولۇپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ. ئىششىغان ئورۇن ئاق ھەم تېرىسى نېپىز، سۈزۈك كۆرۈنىدۇ. سېرىقسۇ تەپچىرەپ تۇرىدۇ. ساقايغانسېرى قىچىشىدۇ، ئاسان يېرىڭلايدۇ، ۋاقتىدا داۋالىمىسا جاراھەتكە ئۆزگىرىدۇ.



### داۋاسى

ئوفۇنەتلەنگەن بەلغەم خىلتىنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىش، ئىششىق قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئانا ۋە بالىغا شەربىتى بەدىيان ياكى ئەرقى بەدىيان ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 10 گىرام رەيھان بەرگىنى 10 گىرام بابۇنە بىلەن قوشۇپ قاينىتىپ، قاينىتىلغان سۇيىنىڭ يېرىمى ئىچكۈزۈلۈپ، يېرىمى بىلەن بالىنىڭ قاپىقى يۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئىششىغان ئورۇن ئاق، ئېسىلگەن بولسا، سۇ تەپچىرەپ تۇرسا، ئوفۇنەتلەنگەن بەلغەم خىلتىنى تازىلىغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. گۇل ئەرمىنى، ئانارگۇل، ئەنزىرۇت، تاباشىر قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەربىرىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئىششىغان ئورۇنغا چېپىلىدۇ.

ئانا ۋە بالا يەللىك، غىدىقلىغۇچى، زىيادە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك

يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## باللار كۆز ئاغرىقى

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆزى قىزىرىش، سانجىلىپ ئاغرىش، ياشانغىراش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

### سەۋەبى

قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم ياكى سەپرا خىلتى سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىدىن بولغان كۆز ئاغرىقى

#### ئالامىتى

بالىنىڭ قاپىقى، كۆز ئىچى قىزىرىدۇ، ياشانغىرايدۇ. كۆزى سانجىلىپ، ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ، بەزىدە قىزىتما بولىدۇ.

#### داۋاسى

قان تازىلاش، ئوفۇنەتلىنىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، بىنەپشە، نىلۇپەر، چىلان، سەرپىستان، پىرسىياۋشان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، تەمرىھىندى، ئەينۇلانىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، ئۈچ سائەت سۇغا چىلاپ، سۇس ئوتتا قاينىتىپ، سوۋۇغاندا بالىغا ئىچكۈزۈلىدۇ. داكىنى دورا سۈيىگە چىلاپ بالىنىڭ كۆزىگە تېڭىلىدۇ. كۆزدىكى ئېچىشىش، ئاغرىش ۋە قىزىللىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ھۆل قاپاقنىڭ سىقىلغان سۈيى كۆزگە سۈركىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، قاننى ئوفۇنەتلەندۈرىدىغان، يەللىك، غەلىز غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، لەتىپ غىزالار بېرىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتىدىن بولغان كۆز ئاغرىقى

### ئالامىتى

كۆزدە ئاق چاپاق قاينايدۇ، قاپاقلىرى ئىششىدۇ. ئىشتىھاسىزلىق، يىنىك دەرىجىدە باش ئاغرىش ۋە كۆز ئاغرىش كۆرۈلىدۇ.

### داۋاسى

غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ، بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بېرىلىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن بالىغا قارىمۇچ، زىرە، پىلپىل، پىننە قوشۇلغان كاۋاپ يېگۈزۈلىدۇ. چاپاقلىششىنى يوقىتىش ئۈچۈن يەرلىك شوخلا، ئوغرىتىكەن، بەديان، ئىكلىلمىلىك، بابۇنە قاتارلىق دورىلارنى قايناتىپ، ئىلمان ھالەتتە بالىنىڭ كۆزى يۇيۇلىدۇ ياكى داكىنى دورا سۈيىگە چىلاپ بالىنىڭ كۆزىگە تېڭىلىدۇ. باشتىكى ئاغرىقنى يوقىتىش، بالىنىڭ ھەزىمنى ياخشىلاش مەقسىتىدە جاۋارىش ئۇد شىرىن، جاۋارىش مشكى، جاۋارىش زەر ئۇنى قاتارلىقلار كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 1.5 ~ 3 گىرامغىچە يېگۈزۈلىدۇ.

زىيادە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك، غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتىدىن بولغان كۆز ئاغرىقى

### ئالامىتى

كۆز ئېقى سارغىيىدۇ. سېرىق چاپاق قاينايدۇ، ئېچىشىدۇ، قىچىشىدۇ، كۆز قۇم تىقىلغاندەك قادىلىپ ئاغرىيدۇ.

### داۋاسى

غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ. پەرسىياۋشان، سەرپىستان، نىلۇپەر، بىنەپشە، چىلان، يەرلىك شوخلا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى،

ھەمىشىباھار ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، ئەينۇلا، تەمرىھىندىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، ئۈچ سائەت سۇغا چىلاپ سۇس ئوتتا قاينىتىپ، سۈزۈپ، سوۋۇغاندا بالىغا ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى تەرخەمەك، ھۆل قاپاق، ئەينۇلا، يۇمغاقسۈت قاتارلىقلارنى توغراپ، ئاش ئېتىپ ئىچۈرۈلىدۇ. كۆزدىكى ئېچىشىش، قىچىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن يەرلىك شوخلىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېزىپ سۈيى سۈركىلىدۇ.

ئانا ۋە بالا يەللىك، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، زىيادە قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن، قورۇلغان گۆش، مايلىق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ھارارەت پەسەيتىدىغان، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك، سۇيۇق غىزالار بېرىلىدۇ.

## بالىلارنىڭ كۆز قارىسى ئاقىرىپ قېلىش

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالىلارنىڭ كۆز قارىسىدا ئۇششاق ئاق چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ.



### سەۋەبى

بالىنىڭ تولا يىغلىشى سەۋەبىدىن كۆز سۇيۇقلۇقى تومۇرىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن كۆز قارىسىدا ئاق چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ.

### ئالامىتى

بالىنىڭ كۆز قارىسىدا ئۇششاق ئاق چېكىتلەر پەيدا بولۇپ، كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىدۇ. بارغانسېرى كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچى ئاجىزلاپ، ئاخىرىدا ئاق چۈشكەن كۆز كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ.

### داۋاسى

كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كۆزدىكى ئاق چېكىتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئوغلاقنىڭ 15 مىللىلىتىر ئۆت سۇيۇقلۇقىغا ئۈچ گىرام ئەپيۈن،

تۆت گىرام ناۋات، ئىككى گىرام شور قەلمى، بىر گىرام كۆپكىدەريانى قوشۇپ سالايە قىلىپ، پەلكۈچ بىلەن بالىنىڭ كۆزىگە سۈركىلىدۇ. بالىنىڭ كۆزىنى بىلسان يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن ياغلاپ بولغاندىن كېيىن سۈرمە، تۇتىيا، خېنە ئۇپىسى، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن نۆشۈدۈر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ، بالىنىڭ كۆزىگە تارتىلىدۇ. بەدىيان كۆكىنىڭ سۈيىگە بادام يېغىنى قوشۇپ بالىنىڭ كۆزى ۋە كۆز قارىسى مايلىنىدۇ. بالىنى كۆپ يىغلىتىشى، بالىنىڭ كۆزىگە يات نەرسىلەرنىڭ كىرىپ كېتىشى، كۆزنى ئۇۋۇلاش، ياللۇغلىنىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ. كۆز تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

## بالىلاردىكى ئالىغايلىق

ھەرقانداق نەرسە ئىككى كۆرۈنىدىغان كېسەللىكتۇر.

### سەۋەبى

بۇ كېسەللىك تۇغما بولىدۇ. بەزىدە بالىلار سەرئىسى، بالىلارنى دائىم بىر تەرەپنى بېسىپ ياتقۇزۇش، قاتتىق ئاۋاز تەسىر قىلىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## سەرئى سەۋەبىدىن بولغان ئالىغايلىق

### ئالامىتى

كۆز يۇقىرى ياكى تۆۋەن تەرەپكە مايماق بولۇپ قالىدۇ، تۇتقاقلىق كېسەل يوقالسىمۇ، كۆزنىڭ بۇ شەكلى يوقالمايدۇ.

### داۋاسى

ئالىغايلىق تۇغما بولسا ئۇنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدۇ. سەرئى سەۋەبىدىن بولسا سەرئىگە قارىتا ئىلاج قىلىنىدۇ. كۆزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قارشى تەرەپكە بالا ياخشى كۆرىدىغان نەرسە قويۇلىدۇ ياكى چىراغ ياندۇرۇپ قويۇلىدۇ،

بۇنىڭ بىلەن بالا چىراغقا قاراپ كۆزى ئەسلىگە كېلىدۇ. بالا ئېمىتكۈچى ئانا بۇخارات پەيدا قىلغۇچى يېمەكلىكلەر ۋە جىمادىن چەكلىنىدۇ.

### بىر تەرەپنى بېسىپ يېتىش ياكى قاتتىق ئاۋازدىن چۆچۈش سەۋەبىدىن بولغان ئالىغايلىق

**ئالامىتى**

بالىنىڭ كۆزى بىر تەرەپكە مايماق بولۇپ قالىدۇ.

**داۋاسى**

بالىنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بالا يېتىپ ئادەتلەنگەن تەرەپنىڭ قارشى تەرىپىگە ياتقۇزۇلىدۇ. باللار قىزىل نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بالىنىڭ كۆزىنى قاراتماقچى بولغان تەرەپكە قىزىل نەرسە ئېسىپ قويۇلىدۇ. بالىنىڭ كۆزى كۆز بۇرجىكىگە مايماق بولۇپ قالغان بولسا، بۇرنى تەرەپكە قىزىل نەرسە ئېسىپ قويۇلىدۇ. بالىنىڭ تەبىئىي هارارىتى ۋە مىزاجىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئەزانى جايىغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بالىغا يۇمشاق، ياخشى غىزالار بېرىلىدۇ.



## باللاردىكى يىڭناسقۇ

بۇ، قاپاق گىرۋىكىدە پەيدا بولىدىغان ئارپا شەكلىدىكى يىرىڭلىق ئىششىقتىن ئىبارەت.

**سەۋەبى**

غەيرىي تەبىئىي سەۋدا خىلتى، قان خىلتىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### سەۋدا خىلتىدىن بولغان يىڭناسقۇ

**ئالامىتى**

رەڭگى قاپاقنىڭ رەڭگىدە بولۇپ، قاتتىق بولىدۇ.

داۋاسى

ئالدى بىلەن سەۋدا خىلىتى تازىلىنىدۇ، ھەببى شەبيار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل مەنپەئەت قىلمىسا دەستىكار ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتلىك، ئۆتكۈر يەللىك، غىدىقلىغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## قان خىلتىدىن بولغان يىڭناسقۇ

### ئالامىتى

رەڭگى قىزىل، يۇمشاق بولىدۇ.

### داۋاسى

ئومۇمىي بەدەن تازىلىنىدۇ. كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا ماددىلارنى قايتۇرغۇچى دورىلاردىن سەبرە، ھۇزۇزى مەككى، مامسا، گۈل ئەرمىنى قاتارلىق دورىلارنى كاسىنە سۈيى بىلەن بۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزىتىلغان ئاق موم، مەلھەمى داخىليۇن چېپىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق، غىدىقلىغۇچى، يەللىك، قاننى ئوفۇنەتلەندۈرىدىغان غىزالاردىن، زىيادە تويۇنۇپ غىزالىنىشتىن، كېچىدە تاماق يېيىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى قۇلاق ئاغرىقى

باللارنىڭ قۇلىقىدىن سۇ ئاقىدىغان، قۇلاق ئاغرىيدىغان كېسەللىك بولۇپ، باللار قۇلىقىنى تۇتۇپ يىغلايدۇ.

### سەۋەبى

مېڭىدە خام بەلغەم خىلىتىنىڭ غالىب بولۇشى، سەرسام، ئىششىق، ماددىلىق ئىسسىقلىق تەسىر قىلىش، زۇكام، ماددىسىز ئىسسىقلىق تەسىرىدىن بولغان ئىششىق، قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

## خام بەلغەم خىلتىنىڭ غالىب كېلىشىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى

### ئالامىتى

قۇلاق لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ. قۇلاقتىن سۇ كۆپ ئاقىدۇ، ئىسسىق نەرسىلەرنى قۇلاققا تاڭغاندا ئاغرىق پەسىيىدۇ ياكى يېنىكلەيدۇ.

### داۋاسى

ئانىغا مۇنزىج، مۇسهىل بېرىپ، مېڭىدىكى خام بەلغەم خىلتى تازىلىنىدۇ. ئاغرىقنى پەسەيتىش، خام بەلغەم خىلتىنى چىقىرىش ئۈچۈن شەھەمنزەل، ئارچا مېۋىسى، قىزىل لوبىيا ياكى يېشىل ماش، نەمەك ھىندى، سۆئتەر، رۇسۇت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، كۆنجۈت يېغى قوشۇپ قاينىتىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا تېمىتىلىدۇ.

ئانا ۋە بالا زىيادە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك، بەدەندە خام خىلىت پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. بالا ئىسسىق مۇھىتتا كۈتۈلىدۇ، يەڭگىل، سىڭىشلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## سەرسام ئىششىقىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى

### ئالامىتى

باش ۋە قۇلاق بىرگە ئاغرىيدۇ، داۋاملىق قىزىيدۇ، قۇلاق ئەتراپى قىزىرىدۇ.

### داۋاسى

سەرسامغا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. قىزىتما قايتۇرغۇچى، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. قۇلاقتىكى ئىششىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بەدىيان يوپۇرمىقىنى سىقىپ سۈيىگە ئاق پاختىنى چىلاپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا تىقىپ قويۇلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، غىدىقلىغۇچى، غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. قىزىتما قايتۇرغۇچى، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## ماددىلىق ئىسسىقلىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى

### ئالامىتى

قۇلاق قىزىرىدۇ، قىزىيدۇ، بەزىدە بىر، بەزىدە ئىككى قۇلاق تەڭلا ئاغرىيدۇ. سوغۇق نەرسىلەرنى تاڭغاندا ئاغرىق يېنىكلەيدۇ.

### داۋاسى

قۇلاق ئاغرىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىسسىق تەبىئەتلىك ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن قۇلاق تۈۋىگە زۈلۈك قۇرتى قويۇلىدۇ. ئىششىق ياندۇرۇش، قىزىللىق ۋە قىزىشنى پەسەيتىش ئۈچۈن يەرلىك شوخلا كۆكى، يۇمغاقسۈت كۆكى، ھەمىشباھار كۆكى قاتارلىقلارنىڭ سىقىلغان سۈيىگە ئانا سۈتىنى ئېمىتىپ قۇلاق ئەتراپىغا چېپىلىدۇ.

ئانا ۋە بالا زىيادە قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار، غىدىقلىغۇچى، يەل پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## زۇكامدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى

### ئالامىتى

زۇكامنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، قۇلاق ئاغرىيدۇ، بەزىدە قۇلاقتىن سۇ ياكى يىرىڭ ئاقىدۇ.

### داۋاسى

زۇكامغا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. ئاغرىق پەسەيتكۈچى، يىرىڭلىق ماددىلارنى تازىلىغۇچى، يالللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق ياكى زىيادە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك، مايلىق، قورۇلغان غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

### ماددىسىز ئىسسىقلىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ تەسىرىدىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى

**ئالامىتى**

قۇلاق ئاغرىيدۇ، سوغۇق نەرسىلەرنى قۇلاققا تاڭغاندا ئاغرىق پەسىيدۇ.

**داۋاسى**

مىزاجنى تەڭشىگۈچى، ئىششىق قايتۇرغۇچى، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. قۇلاق ئاق لەيلى ياكى بىنەپشە، يەرلىك شوخلىنىڭ قاينىتىلغان سۈيىدە يۇيۇلىدۇ ياكى يەرلىك شوخلىنى سىقىپ سۈيى قۇلاققا سۈركىلىدۇ. بالىنى بەك ئىسسىق مۇھىتتا ئۇزۇن تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ. سالقىن، ھاۋالىق جايدا بېقىلىدۇ. بالىنىڭ كىيىمى مۇۋاپىق كىيگۈزۈلىدۇ. زىيادە قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، ئۆتكۈر، يەللىك غىزالار، غىدىقلىغۇچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

### قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى

**ئالامىتى**

قۇلاق ئاغرىيدۇ. بالا داۋاملىق قۇلىقىنى تۇتۇپ يىغلايدۇ. بەزىدە قۇلاقتىن سۇ ئاقىدۇ.

**داۋاسى**

قۇلاقتىكى سۇنى تازىلاشقا قارىتا چارە قىلىنىدۇ. ھۆل بەدىيانىنىڭ غولىدىن 20 سانتىمېتىر كېسىپ ئېلىپ بىر ئۇچىغا پاختا يۆگەپ، يەنە بىر ئۇچىنى ياغقا چىلاپ ئوت يېقىپ سۈمۈرتۈلىدۇ.

## باللاردىكى قۇلاق قىچىشىش

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**سەۋەبى**

ھەر خىل قۇلاق كېسەللىكلىرى، ئاساسلىقى قۇلاق تومۇرىدىكى يەل سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى**

بالا قۇلىقىنى كولاپ يىغلايدۇ. قۇلىقىنى بېسىپ تۇرسا ياكى ئىلمان سۇدا يۇسا ياكى گۈل مېيى تېمىتسا قىچىشىش پەسىيىدۇ. يەللىك نەرسىلەرنى يېگۈزگەندە قىچىشىش ئېغىرلىشىدۇ.



**داۋاسى**

قىچىشىش قۇلاقتىكى قايسى خىل كېسەللىكتىن كېلىپچىققان بولسا شۇ كېسەللىككە قارىتا چارە قىلىنىدۇ. يەلدىن پەيدا بولغان بولسا يەل تارقىتىش ئۈچۈن ئۈچ گىرام شۇمشا ئۇرۇقىغا بەش گىرام ئانا سۈتى ۋە 30 گىرام سۇ قوشۇپ قاينىتىپ، 10 گىرام قالغاندا سۈزۈپ، سۇۋۇغاندا قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ئېتىرىفىل بەدىيان يېگۈزۈلىدۇ. پاختىدىن پەلكۈچ ياساپ ئېرىتىلگەن ھەسەلگە چىلاپ قۇلاق تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلىدۇ. ئارپىبەدىيان، جۇۋىنە، كەرەپشە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، 60 گىرام كۈنجۈت يېغى، 100 مىللىلىتىر سۇ قوشۇپ ياغ چىقىرىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا تېمىتىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا يەللىك، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى يېمەكلىكلەر، زىيادە ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سىڭىشلىك، يەل تارقاتقۇچى غىزالار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىش

قۇلاق يىرىڭلاش ياكى سېرىقسۇ ئېقىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى

قۇلاق ئىچىدىكى ھەر خىل يارا ياكى زېدىلىنىش، مېڭىدە ئارتۇق ھۆللۈك پەيدا بولۇش ۋە باشقىلاردىن يۇقۇش سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**قۇلاق ئىچىدىكى ھەر خىل يارا ياكى زېدىلىنىش سەۋەبىدىن بولغان قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىش**

ئالامىتى

قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىشتىن بۇرۇن قۇلاق ئىچىدە ئىششىق ياكى مۇدۇرلار بارلىقى بىلىنىدۇ. قۇلاق ئاغرىيدۇ. يىرىڭ ياكى سېرىقسۇ ئاقىدۇ.



داۋاسى

ماددىلارنى تازىلاشتىن بۇرۇن بىرنەچچە كۈن يىرىڭ ۋە سېرىقسۇ ئاققۇزۇلىدۇ. 1.5 گىرام ئەنزىرۇتنى سوقۇپ، بىر گىرام ھەسەل، ئۈچ مىللىلىتىر ئانا سۈتىدە ئېرىتىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا تېمىتىلىدۇ ياكى پاختىنى كىچىك يۇمىلاقلاپ ئۇنىڭغا چىلاپ قۇلاق تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلىدۇ. قۇلاقتىكى يىرىڭ ۋە سېرىقسۇ پەيدا قىلغان مۇدۇر - چاقىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر گىرام زەمچىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۈچ گىرام ئېرىتىلگەن ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ پاختىغا يۇقتۇرۇپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا تىقىپ قويۇلىدۇ ياكى ئۈچ گىرام مورمەككىنى 15 مىللىلىتىر سۇدا ئېرىتىپ 10 گىرام گۈل يېغى قوشۇپ، سۇس ئوتتا قاينىتىپ، سۈيى يوقاپ يېغى قالغاندا سۈزۈۋېتىپ بىر كۈندە ئالتە قېتىم، بىر تامچىدىن بالىنىڭ قۇلىقىغا تېمىتىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە قۇرۇق ئىسسىق، يەللىك، غىدىقلىغۇچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## مېڭىدە ئارتۇق ھۆللۈك پەيدا بولۇشتىن بولغان قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىش

### ئالامىتى

قۇلاق ئىچى ئىششىيدۇ، قۇلاقتىن سېرىقسۇ كۆپ ئاقىدۇ.

### داۋاسى

مېڭىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى ئازايتىش ئۈچۈن ئانىغا بەلغەمنىڭ مۇنزىجى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارقىدىن ھەببى ئايارەج، ھەببى قوقىيا قاتارلىق بەلغەمنىڭ مۇسھىلى بېرىلىدۇ. قۇلاق خىزمىتىنى ياخشىلاش، بەدەننىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋائىلمىشكى، ماددەتۇلھايات يېگۈزۈلىدۇ. قۇلاقتىكى ئېقىۋاتقان سېرىقسۇنى توختىتىش ۋە قۇلاقتىكى يىرىڭنى تازىلاش ئۈچۈن ئۈچ گىرام زەپەر ياكى زەمچىنى ئېرىتىلگەن ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ پاختىغا يۇقتۇرۇپ بالىنىڭ قۇلاق تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلىدۇ. بىر گىرام زەپەرنى بىر گىرام موزىنىڭ قاينىتىلغان سۈيىدە ئېزىپ، پاختىنى چىلاپ يەتتە كۈنگىچە بالىنىڭ قۇلىقىغا تىقىلىدۇ.

ئانا ۋە بالىغا بۇزۇغا، زەرچىۋەنىڭ ھەربىرىدىن 1.5 گىرام، پىلپىل، بەدىيان، جۇۋنەنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، بىر گىرام ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشىدە تەييارلانغان شورپىغا سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى كاۋاپقا مەزكۇر دورىلار ئاز مىقداردا سېپىپ يېگۈزۈلىدۇ.

ئانا ۋە بالا زىيادە سوغۇق تەبىئەتلىك، يەل پەيدا قىلىدىغان يېمەك - ئىچمەك ۋە كۆكتاتلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## يۇقۇملىنىشتىن بولغان قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىش

### ئالامىتى

قايتا - قايتا قوزغىلىدۇ. يىرىڭ كۆپ چىقىدۇ. بەزىدە قىزىتما قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

داۋاسى
قۇلاقتىكى يۇقۇملىنىشنى يوقىتىشقا قارىتا چارە قىلىنىدۇ. قۇلاقتىن ئاققان يىرىڭ ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇلىدۇ. ئانا ۋە بالا غىدىقلىغۇچى، يەللىك يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

قۇلاق ئۇنلۇك سۆز ۋە ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ ياكى قەتئىي ئاڭلىمايدۇ.

سەۋەبى
تۇغما ئاڭلاش قۇۋۋىتى يوق بولۇش، ئۆتكۈر كېسەللىكلەر، سەپرادىن بولغان قىزىتما، قۇلاق مىزاجى ئىسسىقلىقتىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇش، قويۇق ۋە خام خىلتلارنىڭ تەسىرى، قۇلاققا كىر يىغىلىپ قېلىش، قۇلاققا ئۇششاق تاش ۋە باشقا نەرسىلەر كىرىپ كېتىش، قۇلاق تۆشۈكىنى سۆگەل توسۇۋېلىش، قۇلاقتا تۇغما توسۇق پەردە بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.



### ئۆتكۈر كېسەللىكلەر ۋە سەپرادىن بولغان قىزىتما تەسىرىدىن بولغان قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

ئالامىتى
قۇلىقى ئېغىر ياكى گاس بولىدۇ. سەپرانىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.
داۋاسى
بالا ۋە ئانىغا ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ھېلىلە ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا تازىلانغاندىن كېيىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن داۋائى رۇماندىن بالىنىڭ قۇلىقىغا بىرقانچە تامچە تېمىتىلىدۇ.
بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، ھارارەتلىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## قۇلاق مىزاجىنىڭ ئىسسىقلىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

### ئالامىتى

بالىغا ئىسسىقلىق زىيان قىلىدۇ. ئاپتاپ قىزىغان ۋاقىتلاردا كېسەللىك ئالامەتلىرى زىيادە بولىدۇ. قۇلاق ۋە قۇلاق ئەتراپى داۋاملىق كۆيگەندەك سېزىلىدۇ ۋە ئېچىشىدۇ.

### داۋاسى

ئەزانىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېسەللىك سەۋەبلىرىگە مۇناسىپ ھالدا قۇلاققا سوغۇق تەبىئەتلىك تېمىتىلمىلار تېمىتىلىدۇ. توغرىغۇنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ قۇلاق ئەتراپىغا سۈركىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە ئىسسىق، قۇۋۇەتلىك، ئۆتكۈر يەللىك، غىدىقلىغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.



## قۇلاق مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

### ئالامىتى

كۆز ئاغرىيدۇ ۋە ئورۇق بولىدۇ. ھۆللۈكتىن راھەتلىنىدۇ. قۇرۇقلۇقتىن كېسەللىك زىيادە بولىدۇ. قۇلاقنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ئاغرىق سېزىلىدۇ.

### داۋاسى

مۇناسىپ نۇتۇللار، قۇلاق ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان دورىلار بىلەن قۇلاق مىزاجى تەڭشىلىدۇ. قۇلاققا گۈل يېغى ياكى بىنەپشە يېغى سۈركىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدىغان، زىيادە يەللىك، غىدىقلىغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## قويۇق ۋە خام خىلتلار تەسىرىدىن بولغان قۇلاق
## ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

**ئالامىتى**

قىزىق نەرسىلەر مەنپەئەت قىلىدۇ، باش ئېغىر بولىدۇ، ياتقاندا تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.

**داۋاسى**

ئايارەجلەر بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. سېرىقچىچەك يېغى، سۇزاپ يېغى ئىلمان ھالەتتە قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ياۋا بېدە، غار دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى، مەرزەنجۇش، بەرەنجاسپ، يالپۇز، بابۇنە قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن بويۇننىڭ ئارقىسىغا، قۇلاقنىڭ تۈۋىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ھەر خىل زىيادە قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.



## قۇلاققا كىر توشۇپ قېلىشتىن بولغان قۇلاق
## ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

**ئالامىتى**

كۆپلىگەن كىرلەر قۇلاققا يىغىلىپ قالىدۇ. بىمارنىڭ قۇلىقى كۈنگە ئۇدۇل تۇتۇلسا كىرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**داۋاسى**

قۇلاقتىكى كىرنى يۇمشىتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇخلاش ۋاقتىدا كۈنجۈت يېغى ئىلمان ھالدا قۇلاققا تېمىتىلىدۇ ياكى زاغۇن، ئۇد ئۇرۇقى، ئاق توغرىغۇ قاتارلىقلارنى سوقۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ، پەلكۈچ قىلىپ قۇلاققا تىقىپ قويۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالسا كىر چىقىدۇ. قۇلاق تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئانا بالىنىڭ قۇلىقىنى ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇلىدۇ.

## قۇلاققا ئۇششاق تاش ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن بولغان قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

**ئالامىتى**

قۇلاق ئاڭلىمايدۇ، بىمارنىڭ قۇلىقىنى كۈنگە ئۇدۇل قىلسا، قۇلاق ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**داۋاسى**

بالىنىڭ قۇلىقىغا كۈنجۈت يېغى تېمىتىلىدۇ، ئاندىن قۇندۇز قەھرىنى پۈركۈپ چۈشكۈرتۈلىدۇ، چۈشكۈرگەن ۋاقىتتا ئېغىز - بۇرنىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى نەرسە كىرىپ كەتكەن قۇلاقنىڭ تەرىپىگە مايىل قىلىپ تۇرۇلىدۇ.

غىزاسىغا قارىمۇچ، مۇچ قاتارلىق چۈشكۈرتكۈچى نەرسىلەر سېلىپ بېرىلىدۇ.



## قۇلاق تۆشۈكىگە سۆگەل ياكى ئارتۇق گۆش ئۆسۈۋېلىشتىن بولغان قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

**ئالامىتى**

قۇلاقنىڭ ئىچىگە كۈن نۇرى ياكى باشقا ئەسۋابلار بىلەن قارىغاندا قۇلاق ئىچىدىكى سۆگەل كۆرۈنىدۇ، بەزىسى قۇلاقنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولۇپ كۆرگىلى بولمايدۇ.

**داۋاسى**

قۇلاقنىڭ تۆشۈكىگە ئۈنگەن ئارتۇق گۆش ياكى سۆگەل ئاشكارا ۋە كۆرۈنىدىغان بولسا، كېسىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئەگەر قۇلاقنىڭ ئىچى تەرىپىدە ياكى چوڭقۇر جايىدا بولسا، قۇلاقنى ئاق توغرىغۇ ۋە ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن ئاق توغرىغۇ بىلەن قىزىل زەرنىخنى يۇمشاق ئېزىپ، سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ شۇ يەرگە قويسا، ئارتۇق گۆشنى يەپ تۈگىتىدۇ. ئاندىن جاراھەت پۈتتۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

## قۇلاقتا تۇغما توسۇق پەردە بولۇشتىن بولغان
## قۇلاق ئېغىرلىقى ۋە گاسلىق

### ئالامىتى

تۆشۈكى ئېچكى تەرەپتىن پۈتۈنلەي ئوچۇق بولۇپ، تاشقى تەرەپتىن پەردىگە ئوخشاش تېرە يېپىۋالغان بولىدۇ. ئاۋازلارنى ئاڭلىيالمايدۇ، ئەمما بارماق بىلەن قۇلاق تۆشۈكىگە ئۇرسا سېزىدۇ.

### داۋاسى

قۇلاق تۆشۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ، ئاندىن پەلكۈچنى يۇمشاق سوقۇلغان زاكقا تەگكۈزۈپ، شۇ تۆشۈككە سېلىپ قويسا گۆشنى يەپ تۆشۈكنى چوڭايتىدۇ، ئاندىن تۆشۈكنىڭ پۈتۈپ قالماسلىقىغا چارە قىلىنىدۇ.

## باللاردىكى بۇرۇن ياللۇغى

ھەر خىل ئېچكى، تاشقى ئامىللار تۈپەيلىدىن كېلىپچىققان، بۇرۇن ئىچىدىكى نېپىز پەردە ئىششىقىدىغان كېسەللىك.

### سەۋەبى

ئىرسىيەت، سىرتقى مۇھىتتىكى تۈرلۈك پۇراقلارنىڭ غىدىقلىشى، بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتى، سوغۇق ئۆتۈش، زۇكام قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئىرسىيەت سەۋەبىدىن بولغان بۇرۇن ياللۇغى

### ئالامىتى

بۇرۇن ئىچى قىچىشىدۇ، چۈشكۈرىدۇ، بۇرۇن يولى پۈتىدۇ، سىرتقى مۇھىتتىكى غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغاندا قوزغىلىدۇ.

داۋاسى

ئىرسىيەت سەۋەبىدىن بولغان بۇرۇن ياللۇغى تەلتۆكۈس ساقايمايدۇ، لېكىن قوزغىغۇچى ئامىللار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ساقلىنىش ئارقىلىق ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇرۇن ياللۇغى قوزغالغاندا بۇغداي كېپىكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مەلۇم مىقداردىكى ئاچچىقسۇ بىلەن قايناتسپ مەلھەم تەييارلاپ بۇرۇنغا چاپلىنىدۇ. بالا چاڭ - توزان، سېسىق پۇراق، ئىس - تۈتەكلەردىن يىراق قىلىنىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدىغان، ئاچچىق، يەللىك، غىدىقلىغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. بۇرۇننى خالىغانچە كولاش، چاڭ - توزانلىق مۇھىتتا يۈرۈش، بۇرۇنغا قالايمىقان دورا تېمىتىش، پاسكىنا قەغەز بىلەن بۇرۇننى سۈرتۈشتىن چەكلىنىدۇ.

## سىرتقى مۇھىتتىكى تۈرلۈك پۇراقلارنىڭ غىدىقلىشىدىن بولغان بۇرۇن ياللۇغى

209

ئالامىتى

چاڭ - توزانلىق، گۈل چاڭلىرى ۋە تاماكا پۇرىقى بار جايلاردا دەرھال قوزغىلىدۇ. تەكرار چۈشكۈرىدۇ. بۇرنىدىن سۇ ئاقىدۇ. بۇرۇن يولى پۈتىدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك قوزغالغان مەزگىلدە ھەسەلى بار ھەرە كۆنىكىنى پارچىلاپ كۈندە 2 ~3 قېتىم چايناپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ ياكى سېرىقچېچەك ئۇرۇقى ياكى سېرىقچېچەك كۆكىنى قايناتسپ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. كېسەللىك ياخشىلانغاندىن كېيىن قايتا قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پىيازنى پاكىز يۇيۇپ، توغراپ قىيما قىلىپ، بۇنىڭغا پاختىنى مىلەپ، بۇرۇن تۆشۈكىگە بىر نەچچە قېتىم تەكرار تىقىپ قويۇلىدۇ. بالا زىيادە قۇرۇق ئىسسىق، غىدىقلىغۇچى، يەللىك غىزالاردىن، بۇرۇننى خالىغانچە كولاشتىن، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئاسارىتىدىن بولغان بۇرۇن ياللۇغى

**ئالامىتى**

ئەسلىدىكى ئاساسلىق كېسەللىك ئالامىتىگە قوشۇلۇپ، بۇرۇن ئېچىشىدۇ، چۈشكۈرىدۇ، قىزىرىدۇ.

**داۋاسى**

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇرۇندىكى ياللۇغلىنىشقا قارىتا ساپ ھەسەل، قىزىل چامغۇرنىڭ ھەربىرىدىن 50 گىرام ئېلىپ، چامغۇرنى پاكىز يۇيۇپ، ئېزىپ سۈيىنى چىقىرىپ، سۈيىگە ھەسەل قوشۇپ، كۈندە 3 ~ 4 قېتىم بەش تامچىدىن بۇرۇن تۆشۈكىگە تېمىتىلىدۇ. بالا زىيادە قۇرۇق ئىسسىق، قاننى ئوفۇنەتلەندۈرىدىغان، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## سوغۇق ئۆتۈش ۋە زۇكامدىن بولغان بۇرۇن ياللۇغى

**ئالامىتى**

بۇرۇن ئىچى ئېچىشىدۇ، چۈشكۈرىدۇ، دىمىقى پۈتىدۇ ياكى بۇرۇندىن سۇ ئاقىدۇ، باش چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ، بەزىدە قىزىتما كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

زۇكامغا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. بۇرۇندىكى ئېچىشىشنى پەسەيتىش ئۈچۈن سىيادانىنى قايىنىتىپ ھورىدا بۇرۇن ئىچى ھوردىتىلىدۇ. مەتبۇخى شاھتەرەدىن 100 گىرامغا ئىترىفىل كەشنىزدىن 10 گىرامنى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بالا تەستە ھەزىم بولىدىغان، غىدىقلىغۇچى، يەل پەيدا قىلغۇچى، زىيادە قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. چاك ـ تورانلىق ۋە سوغۇق مۇھىتتا يۈرۈش، كۈچەپ مىشقىرىشتىن چەكلىنىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ھۆل ئىسسىق تەبىئەتتىكى يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

## باللار بۇرۇن بوۋاسىرى

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىزىرىش، چۈشكۈرۈش، نەپەس قىيىنلىشىش، بۇرۇن ئىچىگە ئۆسمە گۆش پەيدا بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

كۆپ زۇكامداش، ئۆتكۈر ئاچچىق، يەللىك نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش، ئىرسىيەت، باللارنىڭ بۇرۇن تازىلىقىغا دىققەت قىلماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

### كۆپ زۇكامداشتىن بولغان بۇرۇن بوۋاسىرى

**ئالامىتى**



زۇكامنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇرۇن قىچىشىدۇ، چۈشكۈرىدۇ، بۇرنىدىن پوتلا ئاقىدۇ.

**داۋاسى**

باللاردىكى زۇكامغا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. قايتا زۇكامداشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. باللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ قېلىن - نېپىزلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بالا ۋە ئانا غىدىقلىغۇچى، زىيادە مايلىق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

### ئۆتكۈر ئاچچىق، يەللىك نەرسىلەرنى كۆپ يېيىشتىن بولغان بۇرۇن بوۋاسىرى

**ئالامىتى**

بۇرۇن ئىچىگە ئاق سېرىق ياكى قىزىل مۇدۇرلار چىقىدۇ. بۇرنىدىن ئاچچىق

سېرىقسۇ ئاقىدۇ، بالىنىڭ نەپسى قىيىنلىشىدۇ، بۇرنى قىزىرىدۇ.

**داۋاسى**

كېسەللەنگەن بالا سېمىز ۋە تىمەن بولسا، ئالدى بىلەن بۇرۇن ئۈستى، پېشانە تومۇرىدىن قان ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەندىكى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئاق لەيلى ئۇرۇقى، كاسنە ئۇرۇقى، گۈلبىنەپشە، شاھتەررە، گاۋزىبان ھىندى، شوخلا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام، چىلاندىن 10 گرام ئېلىپ، قايناق سۇغا بىر كېچە چىلاپ ئەتىسى ئازراق قايىنىتىپ، سۈزۈپ، 50 گرام گۈلقەنت قوشۇپ ئانىسىغا ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇ دورىنى ئۈچ قېتىم ئىچكۈزگەندىن كېيىن بەدەندىكى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن قارا شېكەر، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەر قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 35 گرام، پوستى ئاقلانغان تاتلىق بادام مېغىزىدىن 10 گرام، سانائى مەككى، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گرام ئېلىپ، مەتبۇخ تەييارلاپ ئانىسىغا ئىچكۈزۈلىدۇ. بوۋاسىر يېلىنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەببى مۇقەل، ئىترىفىل مۇقەل، مۇلەييىن، ئىترىفىل ئۇستقۇددۇس قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. سىرتىدىن ئۈچ گرام مۇقەلنى 10 گرام كۈدىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا پاختىنى مىلەپ بۇرۇن تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلىدۇ. بۇرۇن بوۋاسىرىدىكى ئاچچىق سۇنى توختىتىش ۋە قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئانارگۈل، زەمچە، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، تۇتىيا، كەھرىبا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا بېسىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا يەل پەيدا قىلغۇچى، ئۆتكۈر ئاچچىق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## ئىرسىيەت سەۋەبىدىن بولغان بۇرۇن بوۋاسىرى

**ئالامىتى**

بۇرۇن ئىچىگە ئۇششاق قىزىل مۇدۇرلار چىقىدۇ. نەپەس قىيىنلىشىدۇ، تەكرار قوزغىلىدۇ.

داۋاسى
ئادەتتىكى بۇرۇن بوۋاسىرىنى داۋالىغاندەك داۋالىنىدۇ.

**بۇرۇن تازىلىقىغا دىققەت قىلماسلىقتىن بولغان بۇرۇن بوۋاسىرى**

ئالامىتى
بۇرۇن تولا قىچىشىدۇ ۋە چۈشكۈرىدۇ، بۇرنىدىكى بۆرتمىلەر تېشىلىپ قان ئارىلاش پوتلا كېلىدۇ. كېسەللىك ئېغىرلاشسا نەپەس يولى ئېتىلىپ نەپەس قىيىنلىشىدۇ.

داۋاسى
بالىلارنىڭ بۇرۇن تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇرنى ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇلىدۇ ھەمدە بوۋاسىرغا قارىتا دورىلار ئىچى، سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. ئانا ۋە بالا ئاچچىق، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، لەتىپ غىزالار بېرىلىدۇ.

**بالىلاردىكى بۇرۇن قاناش**

بۇ ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان، ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك.

سەۋەبى
بەزى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق، ھارارەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ بوھران كۈنلىرىگە ئۆتۈشى، بەدەندە سەپرا ماددىسىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن بولغان بۇرۇن قاناش**

ئالامىتى
بەزى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق، ھارارەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ بوھران كۈنلىرىدە

بۇرۇن قاناپ، كېسەللىكنىڭ ساقىيىش دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كېسەللىك ماددىسىنىڭ قان ئارقىلىق چىقىپ كېتىشىنىڭ ياخشى شارائىتى ھېسابلانغاچقا ۋاقتىنچە توختىتىشقا چارە قىلىنمايدۇ. ئەمما بوھران كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلەردە بۇرۇن قانىسا، بالىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ ھوشىدىن كېتىشى ياكى ھاياتىغا خەۋپ يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چارە قىلىنىدۇ.

داۋاسى

بۇرۇن قاناشنى توختىتىش ئۈچۈن شەربىتى ئەنجىبار ئىچكۈزۈلىدۇ. قەغەز كۆلى، كۆيدۈرۈلگەن تۇخۇم شاكىلى، ئانار پوستى، موزا قاتارلىق دورىلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، سوقۇپ نەيچە ئارقىلىق بۇرۇنغا بىرقانچە قېتىم پۈركۈلىدۇ ياكى بادرەنجبۇيىنىڭ سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ.

ئانا ۋە بالا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق، غىدىقلىغۇچى، ھارارەت پەيدا قىلغۇچى، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.



سەپرا ماددىسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان بۇرۇن قاناش

ئالامىتى

قاننىڭ رەڭگى، قىزىل، سۈيۇق كېلىدۇ، قان ئاز - ئازدىن چىقىپ ئۇزاققىچە توختىمايدۇ.

داۋاسى

سەپرانىڭ زىيادىلىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن بالا ۋە ئانىغا مەتبۇخى ھېلىلە، مەتبۇخى شاھتەررە، نىلۇپەر شەربىتى، ئەرقى بارتەڭ قاتارلىق دورىلار ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ بېرىلىدۇ. ئاق سەندەل ئەرقىدە كافۇرنى ئېزىپ پېشانىسىگە سۈركىلىدۇ ياكى پىننە، موزا، سەبرە، خۇنسىياۋشان، يۇمغاقسۈت، زەمچە قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، پاختىنى تۇخۇم ئېقىغا چىلاپ، دورىغا مىلەپ بۇرۇننىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلىدۇ ياكى قۇرۇق دورا پۈركۈلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، قورۇلغان، مايلىق غىزالاردىن كاۋاپ، پولۇدىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى كالپۇك يېرىلىش

ھەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەردىن باللارنىڭ كالپۇكى تىك سىزىقسىمان ھالەتتە يېرىلىش، ئېچىشىشنى كۆرستىدۇ.

سەۋەبى
مېڭىگە قۇرۇقلۇق پەيدا بولۇش، كۆيگەن خىلتلار سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### مېڭىگە قۇرۇقلۇق يېتىشتىن بولغان كالپۇك يېرىلىش

ئالامىتى
ئاچچىق، تۇزلۇق نەرسىلەر تەگكەندە قاتتىق ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ، كالپۇك تىك سىزىقسىمان ھالەتتە يېرىلىدۇ. بەزىدە يېرىلغان ئورۇندىن قان تەپچىپ چىقىدۇ.

داۋاسى
مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار ۋە غىزالار تاللاپ بېرىلىدۇ. بېھى ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، زىغىر قاتارلىق دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىپ كالپۇكقا سۈركەپ، ئۈستىدىن توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىچكى پەردىسى چاپلاپ قويۇلىدۇ. ماددىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تارتىش ئۈچۈن بىنەپشە يېغى كىندىك ۋە مەقئەتتىگە سۈركىلىدۇ.
ئانا ۋە بالا زىيادە قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتكۈر يەللىك، غىدىقلىغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

### كۆيگەن خىلتلار سەۋەبىدىن بولغان كالپۇك يېرىلىش

ئالامىتى
كالپۇك قۇرۇپ، گەز باغلايدۇ. كالپۇك ئۈستىدىكى گەز سەۋەب بولغان

خىلىتقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

**داۋاسى**

ئالدى بىلەن كېسەللىك ماددىسى تازىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورىلار تالالاپ ئىشلىتىلىدۇ. موزا، ئۇپا، نىشاستە، كەتىرا قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ توخۇ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ كالپۇكقا چېپىلىدۇ. دورا ئۈستىدىن توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىچكى پەردىسى چاپلاپ قويۇلىدۇ.

ئانا ۋە بالا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق، قاننى ئۇفۇنەتلەندۈرىدىغان، يەللىك، غىدىقلىغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## بالىلاردىكى ئېغىز پىشلاقلىشىش

بۇ، تۆت كۈنگە توشمىغان بوۋاقلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان، ئېغىز ئىچى ئاقىرىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.

216

**سەۋەبى**

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ يېڭى مۇھىتقا ماسلىشالماسلىقىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

ئېغىز ئىچىنى قېتىق چاچقاندەك ئاق پىشلاق قاپلايدۇ. يېنىك قىزىتما بولىدۇ.

**داۋاسى**

قىرنقى ئىچىدە پەيدا بولغان ئېغىز پىشلىقىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن يېرىم ياڭاقنىڭ شاكىلىغا ئانىنىڭ سۈتىنى سېغىپ، ئوتتا قىزىتىپ، سوۋۇغاندا بالىنىڭ ئېغىزىغا كۈندە ئىككى قېتىم قويۇلىدۇ. 10 گىرام قىزىلگۈلنى بىر گىرام زەپەر بىلەن قوشۇپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 0.5 گىرامدىن يېگۈزۈلىدۇ. كەرنۇبنى سوقۇپ ئېغىزغا سېپىلىدۇ ياكى قايناتىپ ئېغىز چايقىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە ھۆل سوغۇق ياكى ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك،

غىدىقلىغۇچى، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى چىش مىلكى ياللۇغى

ھەر خىل سەۋەبلەردىن چىش مىلكىلىرى قىزىرىپ ئىششىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**

غەيرىي تەبىئىي خىلتلارنىڭ چىش مىلكىلىرىگە تەسىر قىلىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

چىش مىلكىلىرى قىزىرىدۇ، ئىششىدۇ، بەزىدە چىش مىلكىلىرىدىن يىرىڭلىق زەرداب ئاقىدۇ.



**داۋاسى**

كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددا تازىلىنىدۇ. بالا ياكى ئانىغا مەتبۇخى ھېلىلە ياكى مەتبۇخى شاھتەررە ئىچكۈزۈلىدۇ. چىش مىلكىلىرىدىكى ياللۇغنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يېپىسمۇق، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، ئانارگۈل، نامازشامگۈل ئۇرۇقى، قىزىل سەندەل، فۇپەل، سۇماق قاتارلىق دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ سۈيىدە بالىنىڭ ئېغىزى چايقىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق، غىدىقلىغۇچى، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزا بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى تىل ئىششىقى

بۇ، باللار تىلىنىڭ ئىششىپ قېلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

قان خىلتى، بەلغەم خىلتى، سەۋدا خىلتى ۋە سەپرا خىلتى قاتارلىقلارنىڭ

ئۆزگىرىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## قان خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقى

**ئالامىتى**

تىلنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ. تىل تارتىشىپ ئاغرىش بىلەن ئاز - ئازدىن شۆلگەي ئاقىدۇ.

**داۋاسى**

ئالدى بىلەن بالا ئېمىتكۈچى ئانىغا ئىچىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مەتبۇخ تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق چوڭىيىپ قىزىلئۆڭگەچنى سىقىپ، ھېچ نەرسە ئۆتمىسە، ئىششىقنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئانا ۋە بالىغا ھۆقنە قىلىنىدۇ. ئىششىق يۇمشىغاندىن كېيىن ماددىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن كاھۇ، كاسىنە، ئىتئۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ئۇسارىسى بىلەن غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى لاتىنى ئۇسارىگە چىلاپ تىلغا قويۇلىدۇ.

ئانا ۋە بالا زىيادە ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك، قاننى كۆپەيتىدىغان، قاننى ئوفونەتلەندۈرىدىغان ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ، يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## سەپرا خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقى

**ئالامىتى**

تىل ئۇستى سېرىق بولىدۇ، قاتتىق كۆيۈشۈپ ئاغرىيدۇ. بەزىدە تىلغا مۇدۇر چىقىدۇ.

**داۋاسى**

ئالدى بىلەن ئانىغا سەپرا خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ھېلىلە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كاكنەچ، كاللەكبەسەي سۈيىنى چىقىرىپ، زىغىر لۇئابىغا قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ ياكى لاتىنى بۇنىڭدا نەمدەپ ئۇستىگە قويۇلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، غىدىقلىغۇچى، يەللىك، قاننى كۆيدۈرىدىغان غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## بەلغەم خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقى

**ئالامىتى**

تىل ئۈستى ئاق بولىدۇ، تىلى ئىششىپ، شۆلگەي كۆپ ئاقىدۇ.

**داۋاسى**

چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش، ئىچكى ئەزالارنى تازىلاش، بەدەندىكى بەلغەم خىلتىنى تازىلاش ئۈچۈن بىخسۇسنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، تەمىنى چىقىرىپ، سۈيىدە مەجۇنى مەسرۇدىتۇس، مەجۇنى سەنجىرىنانى ئېرىتىپ، تىلنىڭ ئۈستىگە سۈركىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

219

## سەۋدا خىلتىدىن بولغان تىل ئىششىقى

**ئالامىتى**

تىلنىڭ رەڭگى قارا، تېرىسى قۇرغاق، تۇكۇرۇك بەك ئاز بولىدۇ.

**داۋاسى**

ئانا ۋە بالىغا كېسەللىك ماددىسىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ئەپتىمۇن ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا تازىلانغاندىن كېيىن ئەنجۈر، شۇمشا، زىغىر قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سۈيىگە بىنەپشە يېغى، ھەسەل، خىيار شەنبەر مېغىزى قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە قۇرۇق سوغۇق، يەللىك، غىدىقلىغۇچى يېمەكلىكلەردىن

پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى كىچىك تىل بوششىپ كېتىش

كىچىك تىل بوششىپ كېتىپ، بالا بىر نەرسە يۇتقاندا پۇرقۇپ كېتىدۇ.

سەۋەبى

مىزاج بۇزۇلۇش، سەرسامدىن كېلىپچىقىدۇ.

### مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان كىچىك تىل بوششىپ كېتىش

ئالامىتى

كىچىك تىل ئۇزىراپ قالىدۇ. ئۇزارغانلىقىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. قاراپ تەكشۇرگەندە كىچىك تىل ساڭگىلىتىپ ئېسىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. كىچىك تىل گالغا تەگكەنلىكتىن قىچىشتۇرۇپ بالا كۆپ يۆتىلىدۇ.



داۋاسى

بالىغا مىزاجىنى نورماللاشتۇرغۇچى ۋە ھۆل سوغۇقلۇقنى تەڭشىگۇچى دورىلار ئاز - ئازدىن بېرىلىدۇ ياكى دەملەپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كاكىنەچىنى قاينىتىپ سۈيىدە غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. موزىنى سىركە بىلەن تاشقا سۈرۈپ بالىنىڭ چوققىسىغا سۈركىلىدۇ. زەمچە ياكى نەمەك ھىندىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئازراق ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، كۆرسەتكۈچ بارماققا تەگكۈزۈپ كىچىك تىلغا سۈركىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە ھۆل سوغۇق ياكى زىيادە قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، لەتىپ غىزالار بېرىلىدۇ.

### سەرسامدىن بولغان كىچىك تىل بوششىپ كېتىش

ئالامىتى

ئەسلىي كېسەللىك ئالامەتلىرىگە قوشۇلۇپ بەزىدە بالىدا قۇرۇق ھۆ بولۇش،

سۈت ۋە تاماقنى يۇتالماسلىق كۆرۈلىدۇ. كىچىك تىلنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ.

**داۋاسى**

ئەسلىي كېسەللىككە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. شاتۇتنى سۇدا ئېزىپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. نىشاستىنى سىركىدە ئېزىپ بالىنىڭ چوققىسىغا سۇركىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە قۇرۇق ئىسسىق ياكى زىيادە ھۆل سوغۇق، قاندا ھارارەت پەيدا قىلىدىغان، قاننى كۆيدۈرىدىغان ئۆتكۈر ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## بالىلاردىكى تىل يېرىلىش

تىل يېرىلىپ تىلدا سىزىقچىلار پەيدا بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

زىيادە قۇرۇقلۇقنىڭ مېڭىگە تەسىر قىلىشى، بۇزۇق يەللەرنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### زىيادە قۇرۇقلۇقنىڭ مېڭىگە تەسىر قىلىشىدىن بولغان تىل يېرىلىش

**ئالامىتى**

بىرنەرسە يېيىش تەسكە چۈشىدۇ. ئاچچىق، تۇزلۇق نەرسە تەگسە قاتتىق ئېچىشىدۇ، ئاغرىيدۇ.

**داۋاسى**

مېڭىنىڭ مىزاجى تەڭشىلىدۇ. مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. بىنەپشە يېغى بىلەن تەييارلانغان قىرۇتى تىلغا سۈركىلىدۇ ياكى تەرخەمەكنى ئىككى پارچە قىلىپ بىرىنى بىرىگە سۈركەپ، كۆپۈكنى چىقىرىپ تىلغا سۈركىلىدۇ.

بالا زىيادە قۇرۇق ئىسسىق، ئاچچىق - چۈچۈك، ئۆتكۈر تۇزلۇق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

ئالامىتى

گازسىمان كېكىرىك كېلىدۇ. ئېغىز تەمى بەدەندە غالىب بولغان خىلىتنىڭ تەمى بويىچە ئۆزگىرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قەي بىلەن غالىب خىلىت چىقىدۇ.

داۋاسى

بەدەندىكى بۇخارات پەيدا بولۇشقا سەۋەبچى بولغان كۆيگەن خىلىتنى ئېنىقلاپ، مۇناسىپ دورىلار بىلەن مېڭە تازىلىنىدۇ. تىلغا ھۆل ئۇيۇتكۇزۇش ئۈچۈن سەرپىستان سۇمۇرتۇلىدۇ. نىلۇپەر سۈيىگە بېھى ئۇرۇقىنى چىلاپ لوئابىنى چىقىرىپ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ سۇمۇرتۇلىدۇ. ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق، قاننى ئوفۇنەتلەندۈرىدىغان، قويۇق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سىڭىشلىك، ھۆل سوغۇق تەبىئەتتىكى غىزالار ۋە مېۋە - چېۋىلەر بېرىلىدۇ.



## باللاردىكى بادامبەز ئىششىقى

بوغۇز ۋە بادامبەزنىڭ ئىششىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى

قان خىلىتى كۆيۈش، غەيرىي تەبىئى سەپرا غالىب كېلىش، نەزلە قۇيۇلۇش، بويۇن بەز سىلى جاراسىمىدىن يۇقۇملىنىش، ماددىلىق ھۆل سوغۇق غالىب كېلىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

### قان خىلىتىنىڭ كۆيۈشىدىن بولغان بادامبەز ئىششىقى

ئالامىتى

گېلى قىملداپ ئارقا - ئارقىدىن يۆتىلىدۇ.

داۋاسى

ئوفونەتلەنگەن قان خىلتى تازىلىنىدۇ. قۇلاقنىڭ ئارقىسىدىكى تومۇرغا زۇلۇك قۇرتى قويۇلىدۇ. ئاق لەيلى ئۇرۇقى بىلەن ئاق لەيلىگۈلنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، ئىلمان سۇغا چىلاپ قۇلاقنىڭ كەينىگە چېپىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، قاننى ئوفۇنەتلەندۇرىدىغان يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

**غەيرىي تەبىئىي سەپرانىڭ غالىبلىقىدىن بولغان بادامبەز ئىششىقى**

ئالامىتى

قىزىيدۇ، ئۇسسايدۇ، گېلىدىن سۇيۇقلۇق ئۆتمەيدۇ. ئېغىزدىن ئىختىيارسىز شۆلگەي ئاقىدۇ.



داۋاسى

سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئەرقى شوخلا، ئەرقى چۆپچىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۈچ گىرام خېمىرى گاۋزىباننى بىر دانە كۈمۈش ۋاراققا يۆگەپ بالىغا يېگۈزۈپ، ئۈستىدىن 30 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىبان ئىچكۈزۈلىدۇ. يەرلىك شوخلا، كۆك ماشىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، چىلاندىن 10 گىرام ئېلىپ، يېرىم پىيالە سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۈيىدە بالىنىڭ ئاغزى چايقىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، مايلىق، قورۇلغان، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

**نەزلىدىن بولغان بادامبەز ئىششىقى**

ئالامىتى

قىزىيدۇ، لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ، گالغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سېزىم بولىدۇ. نەپسى قىستايدۇ.

داۋاسى

نەزلىنى توختىتىش ۋە بەدەندىن چىقىرىش ئۈچۈن سەرپىستان، بېھى ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، چىلان، گاۋزىبان ھىندىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، بىر چىنە سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، ھەر 30 مىللىتىرغا 12 مىللىلىتىر قارا ئۈجمە شەربىتى قوشۇپ كۈندە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ. پاقىيوپۇرمىقى، يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ، خىيارشەنبەر شىرىسىغا قوشۇپ ئىسسىق چېپىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە غىدىقلىغۇچى، ئۆتكۈر يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

**جاراسىم بىلەن يۇقۇملىنىشتىن بولغان بادامبەز ئىششىقى**

ئالامىتى

بالىنىڭ يۈزى ئېسىلىپ نەپسى قىستايدۇ. بويۇن قىسمىدىكى بەزلەر يوغىناپ بەزىسىدىن يىرىڭلىق زەرداب ئاقىدۇ. بادامبەز بەك يوغىناپ كەتسە بوغۇزى سىقىلىپ ئىششىق قۇلاق تۈۋى تەرەپكە كېڭىيىپ خىر - خىر ئاۋاز كۆپىيىدۇ.



داۋاسى

بويۇن بەز سىلىغا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. ئىششىق ئۈستىگە پاقىنى يېرىپ تېڭىلىدۇ.

ئانا ۋە بالا زىيادە ئۆتكۈر ھارارەتلىك، قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك، يەللىك، غىدىقلىغۇچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. لەتىق، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

**ماددىلىق ھۆل سوغۇقنىڭ غالىبلىقىدىن بولغان**
**بادامبەز ئىششىقى**

ئالامىتى

بالا تىلىنى ھەركەتلەندۈرگەندە ئاغرىپ، ئەمچەكنى ئېغىزىغا ئالالمايدۇ، بەك بىئارام بولىدۇ.

داۋاسى

ئالدى بىلەن بالا ئېمىتكۈچى ئانىغا ۋە بالىغا مۇنزىج بېرىلىدۇ. ئەرقى بەدىيان ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىششىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن بەدىيان، بىنەپشە، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك قاتارلىق دورىلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ زىمات قىلىنىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك ياكى ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يەللىك، غىدىقلىغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

# باللار نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى زۇكام ۋە نەزلە

مېڭىدىكى چىقىرىندى ماددىلار بۇرۇندىن كەلسە زۇكام، گالغا قۇيۇلسا نەزلە دېيىلىدۇ.

**سەۋەبى**

ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقلىق، ماددىسىز ھۆل سوغۇقلۇق، غەيرىي تەبىئىي سەپرا خىلتى ۋە غەيرىي تەبىئىي بەلغەم خىلتى كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.



### ماددىسىز قۇرۇق ئىسسىقلىقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلە

**ئالامىتى**

گال، يۇتقۇنچاق قۇرۇپ كۆيۈشۈپ ئاغرىيدۇ. چۈشكۈرىدۇ. دىماق پۈتۈپ بۇرنىدىن سۇ ئاقىدۇ. بۇرۇن چاناقلىرى قىزىرىدۇ. ئاۋاز بوش چىقىدۇ، قۇرۇق يۆتىلىدۇ، يەڭگىل دەرىجىدە قىزىتما بولىدۇ.

**داۋاسى**

مىزاج تەڭشىلىدۇ، ياللۇغ قايتۇرۇلىدۇ، قىزىتما پەسەيتىلىدۇ. ھەمىشباھار، گاۋزىبان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىنەپشە، كاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئالتە گىرام، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، چىلاندىن 10 گىرام ئېلىپ دەملەپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ.

قارىئۆرۈك، ئەينۇلا، تەرەنجىبىن، چىلان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، قەنتتىن 50 گىرام ئېلىپ، شەربەت تەييارلاپ كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~10 مىللىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن تەمرىھىندى شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، ئەرقى نىلۇپەر قاتارلىقلارنىڭ بىرى تاللاپ بېرىلىدۇ.

## مادددىسىز ھۆل سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە نەزلە

### ئالامىتى

بۇرۇندىن كۆپ مىقداردا سۇ كېلىدۇ، باش ئېسىلىپ ئاغرىيدۇ، قىزىتما بولمايدۇ، ئۇسسىمايدۇ، پۈتۈن بەدەن ماغدۇرسىزلىنىدۇ.

### داۋاسى

مىزاج تەڭشىلىدۇ، ياللۇغ قايتۇرۇلىدۇ، نەپەس يوللىرى تازىلىنىدۇ. زۇپا ھىندى، بىخسۇس، پىرسىياۋشان، تاتلىق ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، نىلۇپەر، بىنەپشىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، چىلاندىن بەش تال، ئەنجۈر مونىكىدىن بىر تال، شېكەردىن 50 گىرام ئېلىپ شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~10 مىللىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن سۇفۇپى سۇئال، زۇپا شەربىتى تاللاپ بېرىلىدۇ.

غىزاسىغا خام زەنجىۋىل، سۇكپىياز، سامساق، پاقلان گۆشى قاتارلىقلار سېلىنغان شوۋىگۈرۈچ بېرىلىدۇ.

## بەلغەم خىلتىنىڭ كۆپىيىشىدىن بولغان زۇكام ۋە نەزلە

### ئالامىتى

زۇكام ۋە نەزلىنىڭ ئالامەتلىرى يەڭگىل بولىدۇ. قىزىمايدۇ.

### داۋاسى

بەلغەمنىڭ مۇنزىج نۇسخىسىغا ئاق لەيلى ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، شاتۇت، شۇمشا ئۇرۇقى، زۇپا ھىندى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام قوشۇپ، مەتبۇخ تەييارلاپ كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~10مىللىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن يۇقىرىقى مۇنزىج نۇسخىسىغا تەرەنجىبىن قوشۇپ بېرىپ، ئارتۇق غەيرىي تەبئىي بەلغەم خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ.

## غەيرىي تەبئىي سەپرا خىلتىنىڭ كۆپىيىشىدىن بولغان زۇكام ۋە نەزلە

### ئالامىتى

باش ئاغرىيدۇ، كۆز ئېچىشىدۇ، ياش ئاقىدۇ. گال ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولىدۇ. بۇرۇندىن ئاققان سۇ سۇيۇق، سېرىق بولىدۇ.

### داۋاسى

سەپرا خىلتىنىڭ مۇنزىج نۇسخىسىغا يەرلىك شوخلا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، شاتۇت، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قوشۇپ مەتبۇخ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~10 مىللىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن يۇقىرىقى مۇنزىجقا تەرەنجىبىن قوشۇپ بېرىپ، ئارتۇق سەپرا خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ.

تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەل پەيدا قىلغۇچى، غىدىقلىغۇچى غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## باللاردىكى ئۆتكۈر كانايچە ياللۇغى

تۆۋەندىكى نەپەس يولىنىڭ يۇقۇملىنىپ، جىددىي قوزغىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

### سەۋەبى

خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشى، تارقىلىشچان زۇكام، كۆكيۆتەل، بادامبەز ياللۇغى،

بۇرۇن ياللۇغى، زىيادە سېزىمچانلىق، زۇكام قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

قىزىيدۇ، يۆتىلىدۇ، بەلغەم كۆپ چىقىدۇ. بېشى ئاغرىپ ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ. كېچىسى ئۇخلىيالمايدۇ. نەپەسى تېزلىشىدۇ، قۇسىدۇ، ئىچى سۈرۈپ، قورسىقى ئاغرىيدۇ.

### داۋاسى

خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا خىلىت تازىلىنىدۇ ۋە مىزاج تەڭشىلىدۇ. باشقا كېسەللىك تەسىرىدىن بولسا، شۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئىلاجى قىلىنىدۇ. ئۇفۇنەتلەنگەن قان خىلتىدىن بولسا قان تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش ئۈچۈن شەربىتى خەشخاش، ئەرقى چۆپچىن، ئەرقى شاھتەررە، ئىترىفىل چۆپچىن قاتارلىقلار ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

زەڭگارەڭ سەپرا خىلتى تەسىرىدىن بولسا، سەپرانىڭ مۇنزىجىغا زۇپا، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىخسۇس، ھەمشىباھار ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام قوشۇپ مەتبۇخ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن يۇقىرىقى مۇنزىجقا تەرەنجىبىن قوشۇپ بېرىپ، سەپرا خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ.

تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك سەپرا خىلتىدىن كېلىپچىققان بولسا، سەپرا خىلتىنىڭ مۇنزىج نۇسخىسىغا زۇپا، ھەمشىباھار ئۇرۇقى، سەرپىستان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بىخسۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام قوشۇپ مەتبۇخ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن يۇقىرىقى مۇنزىجقا تەرەنجىبىن قوشۇپ بېرىپ، تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك سەپرا خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن لۇئۇقى سەرپىستان، لۇئۇقى بادام، بىنەپشە شەربىتى، نېلۇپەر شەربىتى، شەربىتى سۇئال، نەزلە شەربىتى تاللاپ بېرىلىدۇ. كۆپ زۇكام

بولۇش، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ.
زىيادە سوغۇق ياكى زىيادە ئىسسىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەر مىزاجىغا قاراپ تاللاپ بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى بوغما كېسلى

بۇ، يۇتقۇنچاق ۋە تاڭلاي ئەتراپى ئىششىپ، نەپەس ئېلىش ياكى بىرەر نەرسىنى يۇتۇش قىيىنلىشىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**
ماددىلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### سەپرادىن بولغان بوغما كېسلى

**ئالامىتى**
ھارارەت يۇقىرى بولۇپ، ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ، گال ئىچى ئىششىيدۇ، ئىششىق سارغۇچ رەڭدە بولىدۇ.

**داۋاسى**
ئارتۇق سەپرا ماددىسى تازىلىنىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدۇ. سىركە، گۇلاب، سىركەنجۇبىل، چىلان شەربىتى بېرىلىدۇ. كاسىنە ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت قاتارلىقلار قاينىتىلغان سۇغا شاتۇت سۈيىنى قوشۇپ غار - غار قىلدۇرۇلىدۇ. غىزاسىغا ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ.

### قاندىن بولغان بوغما كېسلى

**ئالامىتى**
ئاغرىش قاتتىق بولۇپ ئېچىشىدۇ، ھارارەت يۇقىرى بولۇپ، گال، بوغۇز ئەتراپى قىزىرىدۇ.

**داۋاسى**
غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنى تازىلاپ، ھارارەت پەسەيتىلىدۇ. سىركە،

سۇماق ۋە باشقا سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلارنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن ئىچىز چايقىلىدۇ. هارارەتنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن سوغۇق شەربەتلەر بېرىلىدۇ.

### بەلغەم ماددىسىدىن بولغان بوغما كېسىلى

**ئالامىتى**

يۇقىرىقى ئالامەتلەر ئېغىر بولمايدۇ. لېكىن ئىششىق ئاق رەڭلىك بولىدۇ.

**داۋاسى**

ئارتۇق بەلغەم ماددىسى بەدەندىن تازىلىنىپ ماددا تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدۇ. كىلىزما ۋە دورا ئىچكۈزۈش ئارقىلىق قەۋزىيەت بوشىتىلىدۇ. تۇرۇپنىڭ سۈيىگە سىركەنجىۋىل هەسلى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىز چايقىلىدۇ.

### سەۋدادىن بولغان بوغما كېسىلى

**ئالامىتى**

گالدا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك سېزىلىدۇ، يۇتۇش قىيىنلىشىدۇ، نەپەس سىقىلىدۇ. ئاۋازى پۈتۈپ قالىدۇ.

**داۋاسى**

ئارتۇق سەۋدا ماددىسى تازىلىنىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدۇ. كالا سۈتىدە خىيارشەنبەرنى ئېرىتىپ ئىچىز چايقىلىدۇ. شۇمشا، بابۇنە گۈلى، كاللەكبەسەي كۆكى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، مەغەز گۈلى يېغى ۋە ئۆسۈملۈك يېغى ئارىلاشتۇرۇپ گالنىڭ سىرتىغا چېپىلىدۇ.

ئەگەر گالدا يىرىڭ پەيدا بولۇپ، ئىچىز ئالماي ئاغرىتسا توغرىغۇ، هىڭ، قارىلغاچ مايىقى قاتارلىقلارغا يېڭى سۈت ۋە ئىسسىق ياغلارنى قوشۇپ، يىرىڭ ئېغىز ئالغانغا قەدەر ئىچىز چايقىلىدۇ. ئېغىز ئالغاندىن كېيىن سىركىنى هەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، يىرىڭ تازىلانغانغا قەدەر ئىچىز چايقىلىدۇ.

غىزاسىغا بۇغداي كېپىكىنىڭ سۈيى، بادام يېغى، شېكەر بىلەن هالۋا تەييارلاپ بېرىلىدۇ.

# باللاردىكى ئۆتكۈر كېكىردەك ياللۇغى

بۇ، ھەر خىل ئېچكى ـ تاشقى سەۋەبلەردىن كېكىردەك ياللۇغلىنىپ، ئاغرىش، ئېچىشىش، قىچىشىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، تېز باشلىنىپ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان، ئاسان قايتىلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

## سەۋەبى

قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك سەپرا خىلتىنىڭ تەسىرى، باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تەسىرى، زەخىملىنىش، زەھەرلىنىش، سىرتقى مۇھىتتىكى قوزغاتقۇچى ئامىللارنىڭ تەسىرى، كېكىردەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## ئالامىتى

كېكىردەك قىچىشىدۇ، قۇرۇيدۇ، قىزىيدۇ، كېچىسى تۇيۇقسىز نەپەس قىيىنلىشىش كۆرۈلىدۇ. ئېغىرلاشقاندا ئۇچ ئويمانلىشىش كۆرۈلىدۇ. ئىت قاۋىغاندەك يۆتىلىدۇ، خىرقىرايدۇ، چىرايى كۆكىرىدۇ، ئېغىرلىرىدا كېكىردەك توسۇلۇپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## داۋاسى

ئوفۇنەتلەنگەن قان خىلتى تەسىرىدىن كېلىپچىققان بولسا، قان تازىلاش ئۈچۈن ئەرقى چۆپچىن، ئەرقى كاسىنە، مەجۇنى چۆپچىن، ئۆشبە قاتارلىق دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك سەپرا خىلتى تەسىرىدىن كېلىپچىققان بولسا، ئالدى بىلەن سەپرانى پىشۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، قان تازىلاش ئۈچۈن سەپرا خىلتىنىڭ مۇنزىجىغا چۆپچىن، سەرسىبىل، قەسبۇزەرىرە، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى، بابۇنە، ئىكلىكمىلىك قاتارلىق دورىلارنىڭ ھەبىرىدىن ئۈچ گىرامدىن قوشۇپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن سۈرۈش ئۈچۈن مۇسھىل بېرىلىدۇ.

سەۋەبچى ماددىنى يوقاتقاندىن كېيىن يەرلىك ئورۇندىكى ياللۇغنى قايتۇرۇپ ئىششىق پەسەيتىش ئۈچۈن ئەرقى شوخلا، ئەرقى چۆپچىن ئىچكۈزۈلىدۇ. هارارەت پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش ئۈچۈن لوئۇقى بادام، لوئۇقى چىلغوزا، شاهتاررە شەربىتى، تەمرىهىندى شەربىتى قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. نەپەس يوللىرىنىڭ يۇقۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىچىشىش، قۇرۇش ئەھۋالىنى پەسەيتىش ئۈچۈن لوئۇقى بادام، شەربىتى خەشخاش، مەجۇنى ئۆشبە قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئاخىرىدا ئومۇمىي بەدەننى ۋە كېكىردەكنى قۇۋۋەتلەپ، خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەجۇنى ماددەتۇلهايات، خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى، خېمىرى مەرۋايىت قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

بالا تەستە هەزىم بولىدىغان، غىدىقلىغۇچى، يەل پەيدا قىلغۇچى، ئۆتكۈر ئاچچىق، زىيادە قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتتىكى غىزالاردىن، تاماقنى بەك قىزىق هالەتتە يېيىشتىن پەرهىز قىلدۇرۇلىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ئاسان هەزىم بولىدىغان شورپا، سەۋزە، چۆجە گۆشى قاتارلىق غىزالار بېرىلىدۇ.



## بالىلاردىكى كانايچە زىققىسى

هەر خىل سەۋەبلەردىن كانايچە شىللىق پەردىلىرى سوُلۇق ئىششىپ كانايچە تارىيىپ، هاسىراش كۆرۈلىدىغان كېسەللىكتۇر. ئاساسلىقى 4 ~5 ياشتىن چوڭ بالىلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى**

خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشى، نەزلە، زىيادە سېزىمچانلىق، ئىرسىيەت، روهىي، نېرۋا ئامىللار سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

نەپەس چىقىرىش قىيىنلىشىپ، قۇرۇق يۆتىلىدۇ. شىلىمشىق قويۇق بەلغەم

چىقىدۇ. كالپۇك ۋە تىرناقلىرى كۆكىرىدۇ، پۈتۈن بەدەن تەرلەيدۇ، چىرايى تاتىرىدۇ، پۇت ـ قوللىرى مۇزلايدۇ، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ.

داۋاسى

خىلتلار تازىلىنىدۇ، مىزاج تەڭشىلىدۇ. زىيادە سېزىمچانلىق پەيدا قىلىدىغان ئامىللاردىن يىراق قىلىنىدۇ. باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن بولسا، شۇ خىل كېسەللىكلەرگە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. ياللۇغ ۋە ئىششىق قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، پەرسىياۋشان، ھەمىشباھار ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، زىغىردىن 15 گىرام، تاتلىق بادام مېغىزىدىن 60 گىرام ئېلىپ لوئۇق تەييارلاپ بېرىلىدۇ. بېھى ئۇرۇقى ۋە سەرپىستاننىڭ لوئابىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ بېرىلىدۇ. ئالتە گىرام بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئالتە گىرام زىغىر ئۇرۇقى لوئابىنى ئارىلاشتۇرۇپ تونۇردا قىزىتىپ، كۆكسىگە قويۇلىدۇ. ئاق موم، سەۋسەن يېغى، زىغىر يېغى قاتارلىقلارنى ئېرىتىپ كۆكرەك ساھەسى ياغلىنىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن زۇپا شەربىتى، لوئۇقى تىين، لوئۇقى كەتان، لوئۇقى خەشخاش قاتارلىقلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

سۈت، قايماق، تۇخۇم، سېرىق ماي قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## بالىلاردىكى ئۆپكە ياللۇغى

بالىلار ئۆپكىسىنىڭ پۈتۈن قىسمى ياكى بىرەر ياكى مەلۇم بۆلەكلىرىدە ياللۇغلىنىش يۈز بېرىدۇ.

سەۋەبى

سوغۇق ۋە ئىسسىقتىن يۇقۇملىنىش ياكى بالىلارنىڭ ئۆپكىسىدىكى ئۆتكۈر كېسەللىكلەر، زۇكام، قىزىتما، كۆكيۆتەل قاتارلىقلارنىڭ ئاسارىتىدىن پەيدا بولىدۇ.

## سوغۇقتىن بولغان ئۆپكە ياللۇغى

### ئالامىتى

كۆكسىدە غىژ ـ غىژ ۋە دەم سىقىلىش ئېغىر بولىدۇ. قىزىتما نىسبەتەن يېنىك بولىدۇ.

### داۋاسى

ئۆپكىنىڭ بېسىمى يېنىكلىتىلىدۇ، بەلغەم بوشىتىلىدۇ، قىزىتما پەسەيتىلىدۇ. گاۋزىبان، پىر سىياۋشان، گۈلبىنەپشە، قىزىل ئۈزۈم، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، ئاقلانغان بىخسۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، ئەنجۈردىن بىر دانە، خىيارشەنبەردىن توققۇز گىرام، تەرەنجىبىندىن ئالتە گىرام ئېلىپ، 100 مىللىلىتىر سۇدا قاينىتىپ، تەرەنجىبىن، خىيارشەنبەرنى ئايرىم چىلاپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈچ ياشلىق بالىغا بىر قېتىمدا، بىر ياشلىق بالىغا ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئالدىنقى نۇسخىدىكى تەرەنجىبىن بىلەن خىيارشەنبەرنىڭ ئورنىغا 12 گىرام شەربىتى بىنەپشە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى بىخسۇس، زۇپا ھىندى، زىغىر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن، ئەنجۈر مونىكىدىن بىر دانە ئېلىپ 100 مىللىلىتىر سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ئىسسىقتىن بولغان ئۆپكە ياللۇغى

### ئالامىتى

قىزىتما يۇقىرى بولىدۇ، كۆپ ئۇسسايدۇ، تاڭلايلىرى قۇرۇيدۇ. تىللىرى قېلىن گەز باغلايدۇ. چىرايى قىزىرىدۇ. كالتە ـ كالتە يۆتەل كۈچلۈك بولىدۇ. نەپەس ئېلىش قىيىنلىشىدۇ. نەپسى تېيىز، ئىنچىكە بولىدۇ.

### داۋاسى

ھارارەت پەسەيتىلىدۇ، يۆتەل توختىتىلىدۇ، نەپەس يولى راۋانلاشتۇرۇلىدۇ.

گاۋزىبان، بەدىيان، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، گۈلبىنەپشە، يەرلىك شوخلا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، چىلان، شىرخىست قاتارلىقلاردىن ئىككى دانىدىن، تەرەنجىبىندىن ئالتە گىرام، خىيارشەنبەردىن توققۇز گىرام ئېلىپ 100 مىللىلىتىر سۇدا 50 مىللىلىتىر قالغۇچە قايىنىتىپ، سۈزۈپ، تەرەنجىبىن بىلەن خىيارشەنبەرنىڭ چىلاپ ئېلىنغان سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى ياشلىق بالىغا بىر قېتىمدا، بىر ياشلىق بالىغا ئىككى قېتىمدا ئىچكۈزۈلىدۇ. 2 ـ كۈنى گاۋزىبان، ئاق لەيلىگۈل، گۈلبىنەپشە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، چىلان، شىرخىستىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى دانە ئېلىپ، 100 مىللىلىتىر سۇدا يېرىمى قالغۇچە قايىنىتىپ، سۈزۈپ، 12 گىرام شەربىتى بىنەپشە بىلەن تۆت ياشلىق بالىغا بىر قېتىمدا، بىر ياشلىق بالىغا تۆتكە بۆلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

### يۇقۇملىنىشتىن بولغان ئۆپكە ياللۇغى

**ئالامىتى**

نەپەس قىسىلىدۇ، نەپەسلەنگەندە بۇرۇننىڭ ئىككى قانىتى ئېسىلىدۇ، بەلغەم قان ئارىلاش كېلىدۇ، باش ئاغرىيدۇ، كەم ماغدۇر بولىدۇ، كېچىدە جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ.

**داۋاسى**

يۇقۇملىنىش بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن بولسا، شۇ كېسەللىككە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. ئەگەر كۆكرەكتە بەلغەم توختىتۋېلىپ غىژ ـ غىژ ۋە دەم سىقىلىش كۆرۈلسە، بەدىيان، ئىتئۈزۈمى، ئېگىر، سېرىق ھېلىلە پوستى، بىخسۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، ئۇرۇقسىز قىزىل ئۈزۈمدىن ئىككى دانە، تەرەنجىبىندىن ئالتە گىرام، خىيارشەنبەردىن توققۇز گىرام ئېلىپ، 100 مىللىلىتىر سۇدا يېرىمى قالغۇچە قايىنىتىپ، سۈزۈپ، تەرەنجىبىن ئارىلاشتۇرۇپ تۆت ياشلىق بالىغا بىر قېتىمدا ئىچكۈزۈلىدۇ. چوڭ ـ كىچىك ياشتىكى بالىلارغا

مۇشۇ نىسبەت بويىچە پەرقلەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئەرەب يىلمى، سەبرىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، ئاش تۇزىدىن بىر گىرام، ئاس يوپۇرمىقىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، تۇرۇپ كۆكنىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن لوئۇقى چىلغوزا، لوئۇقى كەتان مۇلەييىن، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

غىزاسىغا ئاسان سىڭىدىغان، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدىغان، ھۆللۈك يەتكۈزىدىغان غىزالار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى يۆتەل

ئۆپكىنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان يات ماددىنى ئىتتىرىپ چىقىرىپ، نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدىغان قوغدىنىشتۇر.

**سەۋەبى**

ئۆپكىگە قۇرۇق ئىسسىقلىقنىڭ تەسىر قىلىشى، بەلغەم سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ نەپەس يوللىرىنى توسۇۋېلىشى، بالىنىڭ نەپەس يوللىرىغا چاڭ - توزان ۋە تۈتۈن كىرىپ كېتىش، زۇكام، نەزلە، قىزىل، كېزىك، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ.

### قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل

**ئالامىتى**

بەلغەم تەستە چىقىدۇ. بالا تولا يىغلايدۇ. كۆكرىكى چىڭقىلىدۇ. قىزىتما كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

بەلغەمنى بوشىتىش، قىزىتما پەسەيتىشكە تەدبىر قىلىنىدۇ. قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، ئىسپىغۇل لوئابىدىن

60 مىللىلىتىر، چىلانىدىن بەش دانە ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا شەربىتى بىنەپشىدىن 20 گىرام قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كۈندە ئۈچ قېتىم لوئۇقى سەرپىستان يالىتىلىدۇ. غىزاسىغا ئارپا ئېشى بېرىلىدۇ.

### بەلغەمدىن بولغان يۆتەل

**ئالامىتى**

بەلغەم ئاق رەڭدە چىقىدۇ. ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ، ھاۋا سوغۇق مەزگىلدە ئاسان كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

بەلغەمنى بوشاتقۇچى، مىزاجنى نورماللاشتۇرغۇچى، ئۆپكىنى ئىسسىتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. دارچىن بېھى ئۇرۇقىنىڭ ھەر بىرىدىن تۆت گىرام، خەشخاشتىن ئۈچ گىرام، ئەنجۈر مونىكىدىن 10 دانە، زۇپا ھىندى، بىخسۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، ناۋاتتىن 20 گىرام ئېلىپ، 500 مىللىلىتىر سۇغا چىلاپ قايىنىتىپ، سۈيىگە ناۋاتنى سېلىپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا بەش گىرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ.

بالىغا سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلمەيدۇ. ئۆپكە ۋە كۆكرەككە سوغۇق ئۆتۈشتىن ساقلىنىدۇ. ئاسان سىڭىدىغان، مايلىق، ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

### نەزلىدىن بولغان يۆتەل

**ئالامىتى**

يۆتەل كۆپىنچە كېچىدە ئۇخلىغاندا ئېغىرلىشىدۇ، بەلغەم بولمايدۇ، باش ۋە چېكىلىرى قىزىيدۇ، كۆكرەك قىسمىدا ئېغىرلىق ياكى ئاغرىش بولىدۇ.

**داۋاسى**

نەزلىنى داۋالاش بىلەن بىرگە يۆتەلگە چارە قىلىنىدۇ. يۆتەل ئىسسىق

نەزلىدىن بولسا، سەرپىستان، بىھى ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرام، چىلان، گاۋزىبان، ھەمىشىباھار ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرام، بىخسۇستىن ئۈچ گرام، قەنتتىن 60 گرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە لوئۇق تەييارلاپ، ئۇنىڭغا 20 مىللىلىتىر شەربىتى خەشخاش قوشۇپ، ئىككى سائەتتە بىر قوشۇقتىن ئىچۈرۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن لوئۇقى نەزلە، لوئۇقى سەرپىستان، خېمىرى خەشخاش، خەشخاش شەربىتى قاتارلىقلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

يۆتەل سوغۇق نەزلىدىن بولسا، گاۋزىبان، پىرسىياۋشاننىڭ ھەربىرىدىن تۆت گرام، زۇپا ھىندى، بىخسۇسنىڭ ھەربىرىدىن بەش گرام، ئەنجۈردىن ئىككى دانە ئېلىپ، بىر چىنە سۇدا قايىنىتىپ، سۈزۈپ، 70 گرام قەنت قوشۇپ، ھەر 30 مىللىلىتىرغا بىنەپشە شەربىتىدىن 10 مىللىلىتىر قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئانىسغا تەرياقى نەزلە ئىچۈرۈلىدۇ.

يۆتەل باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن بولسا، شۇ كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ چارىسى قىلىنىدۇ.

# باللاردىكى يۈرەك كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى خەفەقان

بۇ، ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈرەكنىڭ نورمالسىز سوقۇشى، يۈرەك داۋالغۇش، تومۇر قالايمىقان سوقۇش، بىئارام بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**

ماددىسىز ئىسسىق ۋە ماددىسىز سوغۇق، خىلىتلارنىڭ غالىبلىقى، بەدەن ئاجىزلىقى، ھەزىم بۇزۇلۇش، سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىشتىن كېلىپچىقىدۇ.



### ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان

**ئالامىتى**

پات ـ پات يۈرەك قوزغىلىش بىلەن بىللە نېرۋا قوزغىلىدۇ. پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ، چىشلىرى كىرىشىدۇ، پۇت ـ قوللىرى سوۋۇپ كېتىدۇ. ئاچچىقى يامان بولۇپ قالىدۇ، ئېغىزى قۇرۇپ ئۇسسايدۇ، بەزىدە تۇتقاقلىق خاراكتېرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

**داۋاسى**

ئالدى بىلەن كېسەللىك سەۋەبىگە قارىتا سوۋۇتقۇچى دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. ئارقىدىن ئەرقى نىلۇپەر، شەربىتى سەندەل قاتارلىق دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ. داۋائىلمىشكى بارىد، خېمىرى مەرۋايىت قاتارلىق دورىلار يالىتىلىدۇ.

بالا سالقىن، شامال ئۆتۈشمەيدىغان، تىنچ ئورۇندا ئارام ئالدۇرۇلىدۇ. بالا ۋە ئانا زىيادە قورۇق ئىسسىق، ئۆتكۈر يەللىك، غىدىقلىغۇچى، غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. يۇمشاق تاماقلار ۋە ھۆل مېۋە - چېۋىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## ماددىسىز سوغۇقتىن بولغان خەفەقان

### ئالامىتى

يۈرەك ھەرىكىتى ئاستىلايدۇ، تومۇرى توختاپ - توختاپ سالىدۇ. پۇت - قولى مۇزلايدۇ.

### داۋاسى

مىزاجنى تەڭشەش، يۈرەك ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ ھەمدە گۈلى گاۋزىبان، بادرەنجبۇيا، سۇمبۇل، بالەنگو، لاچىندانە ھىندى، قەلەمپۇر قاتارلىقلارنى سوقۇپ چايلىق تەييارلاپ دەملەپ بېرىلىدۇ. ماددەتۇلھايات، مائۇلھەسەل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالاردىن، سوغۇق مۇھىتتا كۆپ تۇرۇشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## قاندىن بولغان خەفەقان

### ئالامىتى

قان تومۇرلار كۆپىدۇ، ھاسىراپ، چوڭ - چوڭ نەپەس ئالىدۇ. كۆز تومۇرلىرى قىزىرىدۇ. يۈرەك چالاڭغۇرايدۇ، پۇت - قوللىرى ئېغىر، ئۇيۇققۇچان بولۇپ قالىدۇ.

### داۋاسى

ئالدى بىلەن بالىدىكى ھارارەت ۋە بىئاراملىقنى تۈگىتىش، قان بېسىمنى

تۆۋەنلىتىش ئۇچۇن ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاق سەندەلنى سۈرۈپ يۈرەك ئۇدۇلىغا چىپىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرقى سەندەل ئىچكۈزۈلىدۇ ھەمدە بەدەننى تەنقىيە قىلغۇچى دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، تەگشىگۈچى، سوۋۇتقۇچى، ئارام بەرگۈچى دورىلاردىن مەتبۇخى ھېلىلە، ئەينۇلا مۇراببىاسى، ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى گاۋزىبان قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتكۈر يەللىك، غىدىقلىغۇچى، غەلىز يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، لەتىپ غىزالار، سەۋزە، ئاق چامغۇر سېلىنغان غىزالار بېرىلىدۇ.

## سەپرادىن بولغان خەفەقان

### ئالامىتى

يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىپ كېتىدۇ، ئۇيقۇسى قاچىدۇ. سۈيدۈكى سارغىيىدۇ، يۈرەك ئەتراپى ئېچىشىدۇ.

### داۋاسى

كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى خىلتنى پىشۇرۇش مەقسىتىدە مۇنزىج بېرىپ، ماددا پىشقاندىن كېيىن مەتبۇخى ھېلىلە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۈرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلاردىن ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى سەندەل، زىرىق شەربىتى، سىركەنجىۋىل بۇزۇرى، داۋائىلمىشكى بارىد قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئانا ۋە بالا ئۆتكۈر قۇرۇق ئىسسىق، قاننى ئوفۇنەتلەندۈرىدىغان، زىيادە قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ، يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## بەلغەمدىن بولغان خەفەقان

### ئالامىتى

نەپسى سىقىلىدۇ، ئۇيقۇسى كۆپ بولۇپ، ھەرىكەتتىن كېيىنلا ھاسىراپ كېتىدۇ. پۇت - قول، يۈز - كۆزلىرى ئىششىيدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك ماددىسىنى بەدەندىن يوقىتىش ئۈچۈن بەلغەمنىڭ مۇنزىجى بىلەن ماددىنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئايارەج پەيقىرا، ھەببى ئايارەج، لوغانزىيا قاتارلىق بەلغەمنى سۈرگۈچى دورىلار ئانىغا يېگۈزۈلىدۇ ياكى بالىغا يالىتىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە ھۆل سوغۇق، قاننى سوۋۇتقۇچى، سېزىمنى سۇسلاشتۇرغۇچى، يەللىك، غىدىقلىغۇچى، غەلىز غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك غىزالار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ.

## سەۋدادىن بولغان خەفەقان

ئالامىتى

يۈرىكى تۇرۇپ ئېغىپ كېتىدۇ. قالايمىقان چۈش كۆرىدۇ. ئۇيقۇسى قاچىدۇ، قۇرۇق يۆتەل بولىدۇ.



داۋاسى

بەدەندىكى كېسەللىك ماددىسىنى تەنقىيە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەربىتى ئۇستىقۇددۇس بېرىپ، ماددا پىشقاندىن كېيىن مەتبۇخى ئەپتىمۇن بېرىلىدۇ. بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن كالا سۈتى، ئانار شەربىتى، مائۇلجەبىن قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا زىيادە قۇرۇق سوغۇق، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى، يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك، قۇۋۋەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ. ياش قوينىڭ گۆشى، يېڭى كۆكتات، سەۋزە، چامغۇرلاردا تاماق قىلىپ بېرىلىدۇ.

## بەدەن ئاجىزلىقىدىن بولغان خەفەقان

ئالامىتى

يۈرەك ھەرىكىتى يېنىك ئەمما كۈچسىز بولىدۇ. تومۇرى قىلدەك ئىنچىكە، لېپىلداپ سوقىدۇ. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، پۈت - قوللىرى سوۋۇيدۇ.

ئېغىرلاشقانىدا كۆز قارىسى كەينىگە تارتىلىپ كۆز ئوچۇق قالىدۇ، قورسىقى ئولتۇرۇشىدۇ، كالپۇك، تىرناقلىرى كۆكىرىدۇ ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

داۋاسى

دەرھال قۇتقۇزۇش چارىلىرى قوللىنىلىدۇ. يۈرەك ھەرىكىتىنى كۈچەيتكۈچى، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. مائۇللەھمى قىزىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇرنىغا خۇش پۇراقلىق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. ئالما، ئانار سۇلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ. داۋالىنىشكى مۆتىدىل، خېمىرى ئەۋرىشىم يېگۈزۈلىدۇ.

بالىنىڭ پۇت - قوللىرى ئىسسىق ساقلىنىدۇ. تامقىغا چالا پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى، چۈجە، قۇشقاچ گۆشى قاتارلىق قۇۋۋەتلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

## ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولغان خەفەقان



ئالامىتى

ئاشقازاننىڭ ھەزىمى بۇزۇلۇش، ئاشقازان، ئۈچەيدە يەل پەيدا بولۇش بىلەنلا يۈرىكى تېز سوقۇپ كېتىدۇ، بېشى چىڭقىلىدۇ.

داۋاسى

ئاشقازان خىزمىتى ياخشىلىنىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلاردىن جاۋارىش ئەنبەر، جاۋارىش ئۇد، سۇفۇپى نانخا قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. كالا سۈتىنى قايىنىتىپ ئۈنىڭغا زەنجىۋىل، قاقىلە، زىرە، لاچىندانە قاتارلىق دورىلاردىن ئازراق سېلىپ، كۈندە ئىككى قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ.

بالا ۋە ئانا غەلىز، يەللىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان كالا گۆشى، قىيمىلىق تاماق، كاۋاپ، پولو قاتارلىق غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەڭگىل، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىدۇ.

**ئالامىتى**

روھىي كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولۇش بىلەن تەڭ يۈرىكى تېز ۋە قاتتىق سوقۇپ كېتىدۇ. چىرايى بەزىدە قىزىرىپ، بەزىدە ئاقىرىپ كېتىدۇ. بەزىلىرىدە پۇت - قوللىرى تارتىشىپ، تەكرار قوزغىلىدۇ.

**داۋاسى**

يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەرقى گاۋزىبان، خېمىرى مەرۋايىت، نۇشدارى لۇئلۇئى، خېمىرى گاۋزىبان، خېمىرى خەشخاش قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ ھەمدە مېڭە، قۇلاق ئەتراپى، ئالقان، تاپانلىرى بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ. ناچار روھىي كەيپىياتتىن ساقلىنىدۇ.

غىزاسىغا پەمىدۇر، كەشنىز سېلىنغان توخۇ گۆشى شورپىسى، سۈت، مەسكە ياغ، ياش قوينىڭ مېڭىسى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى يۈرەك مۇسكۇل ياللۇغى

بۇ، يۈرەك مۇسكۇلى ياللۇغلىنىپ، خىزمىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**

قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، زەڭگاررەڭ سەپرا خىلتىنىڭ تەسىرى، زۇكام، نەزلە، قىزىل، سۇ چېچەك، گۆرەن بەز ياللۇغى، ئۆچەي ياللۇغى، بوغۇم ياللۇغى، نەپەس يولى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەر تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى**

يۈرەك ئالدى رايونى يوشۇرۇن ئاغرىش، ھەرىكىتى تېزلىشىش، كۆڭۈل

ئىلىششى، ئىشتىھاسىزلىق، قىزىش، نەپەس قىستاش، باش ئاغرىش، سۇلۇق ئىششىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئېغىرلاشقاندا يۈرەك مەنبەلىك ھوشسىزلىنىش، ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك رىتىمسىزلىقى كۆرۈلۈپ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ.

داۋاسى

ئوفۇنەتلەنگەن قان خىلتى تەسرىدىن بولسا قان تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى چۆپچىن، ئەرقى شاھتاررە، چىلان شەربىتى، ئەرقى چۆپچىن قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك زەڭگەررەڭ سەپرا خىلتى تەسرىدىن كېلىپچىققان بولسا سەپرا خىلتىنىڭ مۇنزىجىغا ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلاردىن گۈلى بابۇنە، ئاق لەيلىگۈل، ھەمىشباھار ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قوشۇپ قايىنىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قىزىتما پەسەيتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، تومالغۇلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئەرقى شوخلا، شەربىتى ئۈشبە، مەجۇنى چۆپچىن قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. كېسەللىك سەۋەبى يوقالغاندىن كېيىن يۈرەك، مېڭە، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن شەربىتى بادرەنجبۇيا، ئەۋرىشىم شەربىتى، مۇپەررىھى ياقۇت قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

بالا ۋە ئانا تەستە ھەزىم بولىدىغان، غىدىقلىغۇچى، يەللىك، مايلىق غىزالاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەردىن چۈجە گۆشى، باچكا گۆشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. بالا كۆپ ھەرىكەت قىلىش، تويۇپ تاماق يېيىش، تۇزلۇق تاماقلاردىن چەكلىنىدۇ. مۇۋاپىق دەم ئالدۇرۇلىدۇ.

## باللاردىكى يۈرەك ئاجىزلىقى

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچى ئاجىزلىشىپ، نەپەس تېزلىشىش، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.

### سەۋەبى

تۇغما يۈرەك كېسلى، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ مەلۇم قىسمى زەخىملىنىش، باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

بالا ماغدۇرسىزلىنىدۇ، چارچىغاندىن كېيىنلا نەپەس تېزلىشىدۇ. ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ. نەپىسى تېز، ئۆرە تىنىدىغان بولۇپ مىنۇتىغا 50 ~ 100 قېتىمغا يېتىپ بارىدۇ. يېتىش قىيىنلىشىدۇ. يۈز، قاپاقلىرىدا سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇپ، ئېغىرلاشقاندا يۈز قىسمىدىكى ئۈچبۇرجەك رايوندا كۆكىرىش كۆرۈلىدۇ.

### داۋاسى

ئەگەر بالىنىڭ نەپىسى تېزلىشىپ، كۆكىرىش ئەھۋالى كۆرۈلسە ھاۋالىق ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ ياكى ئوكسىگېن پۈركۈلىدۇ. ئەگەر بالىدا سۇلۇق ئىششىق كۆرۈلسە ئىششىق قايتۇرۇش، سىيدۈك ھەيدەش ئۈچۈن ئەرقى كاسىنە، ئەرقى بەديان، بۇزۇرى شەربىتى قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ ئۆپكىسى ياللۇغلىنىپ سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولغان بولسا ياللۇغ قايتۇرۇش، نەپەس راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن لوئۇقى بادام، لوئۇقى سەرپىستان، زۇپا شەربىتى قاتارلىق دورىلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئاخىرىدا يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن مۇپەررىھى ئەۋرىشىم، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى سەندەل، مۇپەررىھى ياقۇت قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

تەستە ھەزىم بولىدىغان، غىدىقلىغۇچى، يەل پەيدا قىلغۇچى، تۇزلۇق، زىيادە ئىسسىق ياكى زىيادە سوغۇق غىزالاردىن، كۆپ ھەرىكەت قىلدۇرۇشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى غىزالاردىن توخۇ گۆشى، مائۇللەھمى، شورپا، نوقۇت ئېشى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ، مۇۋاپىق ئارام ئالدۇرۇلىدۇ.

# باللار ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى ئاشقازان ئاجىزلىقى

ئاشقازاننىڭ نورمال پائالىيتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغان، ئەمچەك يېشىدىكى ۋە گۆدەكلىك دەۋرىدىكى باللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**

ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئوزۇقلىنىشنىڭ توغرا بولماسلىقى، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ يۇقۇملىنىشى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.



**ئالامىتى**

باللار ئېمىشكە قىزىقمايدۇ. ئاشقازاندا ئېغىرلىق بولىدۇ. قورساق كۆپىدۇ. ئىچى سۈرىدۇ ۋە قۇسىدۇ. گۆدەك باللار قورسىقى ئاغرىۋاتقانلىقى ياكى كۆپكەنلىكىدىن زارلىنىدۇ. ئىچ سۈرۈش قېتىم سانى كۆپىيىدۇ. چوڭ تەرەت ئۇماچتەك، بەزىلىرىدە سۇدەك كېلىدۇ.

**داۋاسى**

ئاشقازاننىڭ مىزاجى تەڭشىلىدۇ. ئوزۇقلىنىش تەرتىپكە سېلىنىدۇ. ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ يۇقۇملىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىش ئۈچۈن قىزىلگۈل گۈلقەنتى ۋە يىنىە گۈلقەنتى بېرىلىدۇ. بېھى سۈيىگە 3 ~4 تال قەلەمپۇرنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ بالىغا يالىتىلىدۇ. ئاشقازان ساھەسى مەستىكى يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ. ئاملە نۇشادرىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ، ئانا سۈتى ياكى گۈلابتا ئېزىپ بالىغا يالىتىلىدۇ.

# باللاردىكى ھەزىم بوزۇلۇش

يېمەكلىكنىڭ ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشى ھەمدە ياخشى ھەزىم بولماسلىقىدىن كېلىپچىقىدىغان كېسەللىك.

**سەۋەبى**

ئانا سۈتىنىڭ قۇۋۋەتسىز، خام بولۇشى، ئانىسىنىڭ يەنە بىر بالىغا ھامىلىدار بولۇشى، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش كۈچى ئاجىزلاش، ئاشقازاندا سۈيۇقلۇق مىقدارى ئېشىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالامىتى**

ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدۇ. قورسىقى ئېسىلىدۇ. تومۇرى ئاجىز سالىدۇ. بالىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ.



**داۋاسى**

ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئانىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق تولۇقلىنىدۇ. پىننە، تۇربۇت، ھېلىلە كابۇلى پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام، قەنتتىن 15 گرام ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئارىلاشتۇرۇپ بىر ياشلىق بالىغا بىر گرامدىن، ئىككى ياشلىق بالىغا ئىككى گرامدىن كۈندە ئىككى قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەرقى بەديان، ئەرقى پۈدىنە، ئەرقى جۇۋىنە قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 30 مىللىلىتىر ئېلىپ، 15 گرام قەنت سېلىپ، كۈندە ئۈچ قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن ئانار شەربىتى، پىننە گۈلقەنتى، ئامىلە نۇشدارى قاتارلىقلاردىن تاللاپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 ~ 3 گرامغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

غىزاسىغا پاقلان گۆشى ياكى چۈجە گۆشى قاتارلىقلار شورپا قىلىپ بېرىلىدۇ.

# باللاردىكى كۆپ ئۇسساش

كېسەللىك تەسىرىدىن كېلىپچىققان، باللارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قانمايدىغان كېسەللىكتۇر.

**سەۋەبى**

بالىنىڭ مېڭىسىگە سەپراۋى سەرسامنىڭ تەسىر قىلىشى، ماددىلىق قۇرۇق ئىسسىق ياكى ماددىلىق ھۆل ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، جىگەر ئاجىزلىق، جىگەرگە قۇرۇق ئىسسىق يېتىش، قاننىڭ ئوفونەتلىنىشىدىن كېلىپچىققان قىزىتما، ئۇزاق مەزگىل ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

## سەپراۋى سەرسامدىن بولغان كۆپ ئۇسساش

**ئالامىتى**

بالىنىڭ ئالدى مېڭىسى ئولتۇرۇشىدۇ. پېشانىسى ۋە ئىككى چېكىسىگە قىزىل مۇدۇرلار چىقىدۇ. كۆپ ئۇسسايدۇ، چىرايى سارغىيىدۇ.

**داۋاسى**

سەپرانىڭ ھارارىتى پەسەيتىلىدۇ. بەدەن ۋە مېڭىسىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. يەرلىك شوخلا سۈيى، سېمىزئوت كۆكىنىڭ سۈيى، يېڭى يۇمغاقسۈت سۈيى، خام قاپاق توغرالمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ، گۈل يېغىدىن 15 مىللىلىتىر، سىركىدىن 10 گىرام قوشۇپ خېمىر قىلىپ بالىنىڭ بېشىغا چاپلىنىدۇ.

## زۇكامدىن بولغان كۆپ ئۇسساش

**ئالامىتى**

باش ئاغرىيدۇ. جىددىي قىزىيدۇ. گال ۋە تاڭلىيى قۇرۇيدۇ. ئۇسسۇزلۇق ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولىدۇ.

**داۋاسى**

زۇكامغا قارىتا چارە قىلىنىدۇ. تەمرىھىندىنى سۇغا چىلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

### جىگەر ئاجىزلىقى ۋە جىگەرگە قۇرۇقلۇق يەتكەنلىكتىن بولغان كۆپ ئۇسساش

**ئالامىتى**

ئىشتىھا تۆۋەنلەيدۇ، ئىككى مەگزىدە قارا داغ پەيدا بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇق كۈچلۈك بولىدۇ.

**داۋاسى**

جىگەر قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ ۋە جىگەرگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. سىركەنجۇبىل ساددە، سىركەنجۇبىل ۋەردى، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى قاتارلىقلار گۈلقەنت بىلەن قوشۇپ بالا ۋە ئانىغا ئىچكۈزۈلىدۇ.

### قىزىتمىدىن بولغان كۆپ ئۇسساش

**ئالامىتى**

كالپۇكنى گەز باغلايدۇ. قىزىتما يۇقىرى بولىدۇ. قىزىتما تۆۋەنلىسە، ئۇسسۇزلۇقمۇ پەسىيىدۇ.

**داۋاسى**

ھارارەتنى پەسەيتىش، قىزىتمىنى قايتۇرۇشقا قارىتا چارە قىلىنىدۇ. سېمىزئوت ئۇرۇقى، زىرىق، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قاتارلىقلار دەملەپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن سىركەنجۇبىل ئەپسەنتىن، ئەرقى گۈل، ئەرقى كاسىنە، ئەرقى نىلۇپەر قاتارلىقلاردىن تاللاپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ئىچ سۈرۈشتىن بولغان كۆپ ئۇسساش

**ئالامىتى**

قىزىتما تۇراقسىز بولىدۇ. بەزىدە مۇزلايدۇ. بەدىنى ئورۇقلايدۇ، ئۇسسۇزلۇق بارغانسېرى كۈچىيىدۇ.

**داۋاسى**

ئىچ سۈرۈش توختىتىلىدۇ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. قىزىلگۈل، سېمىزئوت ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گىرام، ئانارگۈل، تاباشىرنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، قەنتتىن 15 گىرام ئېلىپ، 300 مىللىلىتر قايناق سۇدا دەملەپ، قەنت قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن ئەرقى ئانار، ئەرقى قىيمقۇ قاتارلىقلاردىن تاللاپ ھەر قېتىمدا 10 ~ 30 مىللىلىترغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.



## بالىلاردىكى ھېق تۇتۇش

ئاشقازان، كېرىگەت، كۆكرەك توقۇلمىلىرى يىغىلىشىلىشتىن كېلىپچىقىدۇ.

**سەۋەبى**

ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازاننىڭ يۇقى ئېغىرلاپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

**ئالامىتى**

ئاشقازاندا ئاغرىش بولىدۇ. بەزىدە ئاۋۋال ئاچچىق سۇ يېنىپ، ئاندىن ھېق تۇتىدۇ.

**داۋاسى**

ئاشقازاننىڭ مىزاجى تەڭشىلىدۇ ۋە ئاشقازان كۈچەيتىلىدۇ. ئاشقازان مىزاجى

بۇزۇلغانـدىن بولغان ھىق تۇتـۇشقا رومبـەدىيان، زەنجىۋىل، پىننە، ياۋا سـەۋزە ئۇرۇقى، كەرەپشە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى دەملەپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئاشقازان ئاجىزلىغانـدىن بولغان ھىق تۇتـۇشتا زەنجىۋىل سۇمۇرتۇلىدۇ. زىرە، پىننە، مەستىكىنى ئېغىزدا چايناپ سۈيىنى يۇتقۇزسا مەنپەئەت قىلىدۇ. تاماق ئېغىر كەلگەندىن بولغان ھىق تۇتۇشتا ئاۋۋال قۇستۇرۇپ، كېيىن ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

## باللاردىكى قۇسۇش

ئاشقازاننىڭ يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلالماي ئېغىز ئارقىلىق چىقىرىپ تاشلايدىغان ھەرىكىتىدۇر.

### سەۋەبى

باللارنىڭ سۈتنى كۆپ ئېمىشى، ئېمىش ئارىلىقىدا ئاشقازانغا ھاۋا كىرىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئاشقازان بۇزۇلۇش، ئاشقازانغا باشقا خىلتلارنىڭ تەسىر قىلىشى ۋە باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

253

### ئاشقازان بۇزۇلۇشتىن بولغان قۇسۇش

#### ئالامىتى

ئۇزۇقلىنىپ بولۇپلا قۇسىدۇ، قۇسۇشنىڭ ئالدىدا كۆڭلى ئېلىشىدۇ، ھۆ بولۇش بىلەن تەڭ قۇسىدۇ، قۇسۇش ئالدىدا ۋە قۇسۇش جەريانىدا بەدىنى مۇزلىغاندەك بولىدۇ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىدۇ.

#### داۋاسى

ئاشقازان مىزاجىنى نورماللاشتۇرۇپ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بالىنىڭ ئاغزىنى چايقىۋېتىپ قىزىق چاي ئىچكۈزۈلىدۇ. ئانار شەربىتى ۋە بېھى شەربەتلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ئاشقازانغا بەلغەم خىلتىنىڭ قويۇلۇشىدىن بولغان قوسۇش

### ئالامىتى

قۇسقاندا ئاشقازاندىن كۆپلەپ بەلغەم سۇيۇقلۇقى چىقىدۇ. ئومۇمىي بەدەندە بەلغەمگە خاس ئالامەتلەر بولىدۇ.

### داۋاسى

ئارتۇق بەلغەم بەدەندىن تازىلىنىدۇ. 0.1 گىرام قەلەمپۇرنى سوقۇپ ئالما ياكى بىھى سۈيىگە قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇد ھىندى، ھېلىلە، فۇپەل، قىزىلگۈل قاتارلىق دورىلارنى سوقۇپ، ئۈزۈم سۈيى ياكى قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ئاشقازان ئۇدۇلىغا چېپىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن قىزىلگۈل گۈلقەنتى ياكى پىننە گۈلقەنتى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.



## ئاشقازانغا سەپرا خىلتىنىڭ قويۇلۇشىدىن بولغان قوسۇش

### ئالامىتى

قۇسۇقتا سەپرا سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. قۇسۇق سۇيۇق، رەڭگى سېرىق بولىدۇ، ئاغزى ئاچچىق بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولىدۇ. تىلنى سېرىق گەز قاپلايدۇ.

### داۋاسى

ئارتۇق سەپرا خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ ۋە تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ: چۈچۈمەل بېھى شەربىتى، غورا سۈيى، ئاچچىق ئانار سۈيى، زىرىق سۈيى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئاچچىق ئانار سۈيى بىلەن پىننە سۈيىنى قاينىتىپ شېكەر سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن مەجۇنى پەۋاكىھ، شەربىتى پەۋاكىھ، مەستىكى يېغى، سىركەنجۇبىللەر مەنپەئەت قىلىدۇ.

سەرسام كېسىلىدە كېسەل باشلىنىش بىلەنلا قاتتىق قىزىش بىلەن بىللە بېشى ئاغرىپ قۇسىدۇ، تارتىشىدۇ. ئاشقازان خىزمىتى بۇزۇلۇشتىن بولغاندا قورساق كۆپۈپ ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ، قۇسىدۇ، ئىچى سۈرىدۇ. كۆكيۆتەلدە تۇتقاقلىق خاراكتېرىدە قاتتىق يۆتەل بولىدۇ. قورساق گۆشلىرى تارتىشىپ، يېگەن تاماقلىرىنى قۇسۇۋېتىدۇ. مەددە قۇرتلار ئۈچەيدە توسۇلۇش پەيدا قىلىپ، ئۆت يوللىرىغا كىرىۋېلىپ، ئاشقازاننى غىدىقلاپ قۇسۇش پەيدا قىلىدۇ.

**داۋاسى**

ئەسلىي سەۋەبچى كېسەللىككە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ.

## باللاردىكى قورساق ئاغرىش

ئۈچەي ۋە ئۆت يوللىرىنىڭ توسۇلۇشى ياكى تارتىشىشىدىن بولىدۇ.

**سەۋەبى**

مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، بالىنىڭ سۈتنى كۆپ ئېمىۋېلىشى، قورساق ساھەسىگە سوغۇق تېگىش، قورساق پەردە ياللۇغى، سىرتقى زەربە، ئۈچەي توسۇلۇش، ئۈچەي ئالمىشىش، ئۈچەي چاپلىشىش، ئۈچەي تېشىلىش، ئۈچەيلەر تارتىشىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.

**ئالامىتى**

بوۋاقلار ۋە ئەمچەك يېشىدىكى باللارنىڭ قورسىقى ئاغرىسا، قورسىقىنى سىيلاپ يىغلايدۇ. بەزىلىرى تولغىنىپ يىغلايدۇ. قورسىقى كۆپىدۇ.

داۋاسى

ئەگەر قورساق ئاغرىقى مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولسا، مىزاج تەڭشىلىدۇ. خالتىغا مۇز ئېلىپ ياكى لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ قورساققا قويۇپ سوغۇق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاق سەندەلنى گۈلابقا سۈرۈپ قورساققا چاپلىنىدۇ.

ئەگەر قورساق ئاغرىقى مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولسا، مىزاج تەڭشىلىدۇ ۋە ئاق تۇزنى قورۇپ خالتىغا ئېلىپ قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇۋىنەنى يۇمشاق سوقۇپ، تۇخۇم ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ قورساققا چاپلىنىدۇ. ئەگەر قورساق ئاغرىش باشقا كېسەللىكلەرنىڭ تەسىرىدىن بولسا قورساق ئاغرىشقا سەۋەب بولغان كېسەللىككە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ.

## باللاردىكى قورساق كۆپۈش

ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىشى ياخشى بولماي، يەل پەيدا بولۇپ قورساق كۆپىدۇ.



سەۋەبى

ئاشقازان مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، سۈپىتى ئۆزگەرگەن غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، خىلىتلارنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئالامىتى

قورساق ئېسىلىدۇ. كۆپكەنلىكتىن قورساقتا ئاغرىش بولىدۇ.

داۋاسى

مىزاج نورماللاشتۇرۇلىدۇ. مادددىن بولغىنىدا ماددا تازىلىنىدۇ. ياخشى بولغان يېمەك - ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرۈلىدۇ. جۇۋىنە ياكى ئارپىبەدىيانىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رۇمبەدىيان، جۇۋىنە، پىلپىل، نۆشۈدۈر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، پىننە سۈيى،

بەدىيان سۇيى، يالپۇز سېلىنغان سىركەنجىۋىلىنىڭ ھەر بىرىدىن 30 مىللىلىتىر ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. جاۋارىش كۇمۇنى ياكى جاۋارىش جالىنۇس تاللاپ بېرىلىدۇ. ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. مېۋە - چېۋە، قارىچاي، قەھۋە، شورپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەللىك، غىدىقلىغۇچى، تەستە سىڭىدىغان تاماقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## باللاردىكى ئىچ سۈرۈش

ئۈچەيلەرنىڭ قۇۋۋىتى داپىئەسى (ئىتترىش كۈچى) ئېشىپ كېتىشىدىن بولىدىغان كېسەللىكتۇر.

**سەۋەبى**

ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، جىگەردە توسالغۇ پەيدا بولۇش، ئۈچەي يۇقۇملىنىش، چىش چىقىش، ئەمچەكتىن ئايرىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.



### ئاشقازان مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش

**ئالامىتى**

ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ. تەرەتتە بەلغەم ماددىلىرى ھەمدە ھەزىم بولمىغان تاماق قالدۇقلىرى بولىدۇ.

**داۋاسى**

ئاشقازانىڭ مىزاجى كۆپىنچە ھۆل سوغۇقتىن بۇزۇلىدۇ. شۇڭا ئاشقازانىنى قىزىتىش، ئاشقازان مىزاجىنى تەڭشەشكە قارىتا چارە قىلىنىدۇ. پىننە گۈلقەنتى، جاۋارىش كۇمۇنى، مەجۇنى مۇقەۋۋى مەئىدە قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ. غىزاسىغا پىننە، قوۋزاقدارچىن، زىرە قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. سىڭىشلىك غىزا بېرىلىدۇ.

## جگەردە توسالغۇ پەيدا بولۇشتىن بولغان ئىچ سۈرۈش

**ئالامىتى**

چوڭ تەرەت خۇددى گۆش يۇغان سۇدەك كېلىدۇ. كۆڭۈل ئېلىشىدۇ ۋە قۇسىدۇ.

**داۋاسى**

توسالغۇنى ئاچقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ھېلىلە مۇراببىاسى ئەرقى بەدىيان بىلەن قوشۇپ يېگۈزۈلىدۇ. ئامىلە نۇشدارىنى يېگۈزسىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

قۇرۇتقۇچى، تۇتقۇچى، قابىز نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## ئۆچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش

**ئالامىتى**

قۇسىدۇ ھەم ئىچى سۈرىدۇ ياكى ئىچى سۇدەك سۈرۈپ كېتىدۇ. قورساقتا ئاغرىق بولىدۇ. ئىچى كۆپ سۈرگەنلىكتىن ئېغىزلىرى قۇرۇپ ئۇسسايدۇ. كۆزلىرى ئولتۇرۇشىدۇ. بەدەنىنىڭ ھۆللۈكى ئازىيىدۇ. سوغۇق تەرلەيدۇ. رەڭگى تاتىرىدۇ. ئومۇمىي بەدەن سۇسىزلىنىدۇ.

**داۋاسى**

ئۆچەي خىزمىتىنى ياخشىلاشقا تەدبىر قىلىنىدۇ، ئۆچەينىڭ تۇتۇپ تۇرۇش قۇۋۋىتى كۈچەيتىلىدۇ . قايناق سۇغا شېكەر قوشۇپ سوۋۇغاندا ئىچكۈزۈلىدۇ. سوقۇلغان مورىغا سۈزمە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئانار ۋە بېھى شەربەتلىرى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن جاۋارىش ئامىلە، جاۋارىش سەپەرجەل، سۇفۇپى قابىز، ھەببى قابىز قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

## چىش چىقىش ۋاقتىدىكى ئىچ سۈرۈش

**ئالامىتى**

چىش ئورنىدا قىزىرىش، ئىششىش، ياللۇغلىنىش كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى**

چىرىگەن قويۇق سۇيۇقلۇقنى بالا يۇتۇۋالغانلىقتىن بۇ خىل يات ماددىنى ئاشقازان قوبۇل قىلالماي ئىچى سۈرىدۇ.

**داۋاسى**

بۇ خىل ئىچ سۈرۈشكە ئالاھىدە دورا قىلىش ھاجەتسىز، مۇبادا ئۆزلۈكىدىن توختىماي بالا ئاجىزلاپ كەتسە، ئۆتكۈر بولمىغان قابىز دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، گۈل ئۇرۇقى، زىرە قاتارلىقلارنى تەڭ مىقدار ئېلىپ سوقۇپ، قورۇپ خالتىغا ئېلىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى شۇ خالتا ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئەگەر بالىدا ئۇسسۇزلۇق بولسا قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ شىرىنىسىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر قىزىتما بولمىسا قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقى مەسكە بىلەن يېگۈزۈلىدۇ.

### ئەمچەكتىن ئايرىش سەۋەبىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش

بالىلار ئەمچەكتىن ئايرىلغاندا ئوزۇقلۇققا ماسلىشالماي ئىچى سۈرىدۇ.

**داۋاسى**

بالىنىڭ ئوزۇقلۇقى تەرتىپكە سېلىنىدۇ.

## باللاردىكى ئۆتكۈر سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى

ئوق تەرەپ تۆۋەنكى قورساق قىسمى ئاغرىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى

خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنىڭ قالايمىقان بولۇشى ۋە باشقا ئامىللاردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

تۆۋەنكى قورساق قىسمى ۋە كىندىك ئەتراپى تېلىپ ئاغرىيدۇ. ئىشتىهاسى تۇتۇلىدۇ. كۆڭلى ئېلىشىدۇ، قۇسىدۇ، ئىچى سۈرىدۇ ياكى قەۋزىيەت بولىدۇ.

داۋاسى

خىلتتىن كېلىپچىققان بولسا خىلتلار نورماللاشتۇرۇلىدۇ ۋە تازىلىنىدۇ. يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنىڭ قالايمىقانلىقىدىن كېلىپچىققان بولسا، توغرا بولغان يېمەك - ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرىدۇ. باشقا ئامىللاردىن كېلىپچىققان بولسا، كېسەللىك سەۋەبىگە قارىتا داۋالىنىدۇ. نىلۇپەر، گۈلبىنەپشىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام، سېمىزئوت ئۇرۇقى، پەرسىياۋشان، كاسنە ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرام، ئارپا بەدىيان، ئىتئۈزۈمنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گرام، ناۋاتتىن 30 گرام ئېلىپ دەملەپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن ئەرقى چۆپچىن، ئەرقى شوخلا، ئەرقى شاھتەررە، ئەرقى گۈل، ئۆشبە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، مەجۇنى چۆپچىن، مەجۇنى ئۆشبە قاتارلىقلار تاللاپ بېرىلىدۇ. يەرلىك شوخلا، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلىگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گرام، ئارپا ئۇنىدىن 20 گرام ئېلىپ زىمات قىلىنىدۇ. غىزاسىغا ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى

يۇقىرى، يەڭگىل، سىڭىشلىك تاماقلار بېرىلىدۇ، گۆرۈچ تائاملىرىدىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## باللاردىكى سوزۇلما سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى

ئۆتكۈر سوقۇر ئۈچەي ياللۇغىنىڭ تولۇق ياخشىلانماي ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

گەندە تەركىبىدىكى تاش ۋە باشقا چىقىرىندى ماددىلارنىڭ سوقۇر ئۈچەيگە كەپلىشىپ، سوقۇر ئۈچەي ياللۇغلىنىپ چاپلىشىپ قېلىشتىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

قورساق كۆپىدۇ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ. ئوڭ تەرەپ تۆۋەنكى قورساق قىسمى ئاغرىيدۇ. قەۋزىيەت بولىدۇ.

**داۋاسى**

دەستىكار ئۇسۇلى قوللىنىدۇ.

## باللاردىكى قەۋزىيەت

بالا ئىمىپ ياكى تاماق يەپ ئىككى كېچە - كۈندۈزگىچە چوڭ تەرەت كەلمىسە، بۇ قەۋزىيەت دېيىلىدۇ.

**سەۋەبى**

قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، ئۇزۇقلىنىشنىڭ نورمال بولماسلىقى، ئۈچەيدىكى مەددە قۇرتلىرىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىۋېلىشى، چوڭ ئۈچەينىڭ توسۇلۇشى،

قستىغان تەرەتنى ۋاقتىدا چىقارماسلىق، ئۈچەي ھەرىكىتى ئاجىزلاش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۈچەيگە چۈشمەسلىكى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ، قورساق كۆپىدۇ، باش ئېسىلىدۇ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، كۆز قاراڭغۇلىشىدۇ، ئەمچەك يېشىدىكى بالىلارنىڭ تەرىتى قاتتىق ۋە تۆگە مايىقىدەك يۇملاق كېلىدۇ.

داۋاسى

ئەگەر قەۋزىيەت قىزىتما بىلەن بىرگە بولسا، قىزىتما قايتۇرۇش بىلەن بىرگە قەۋزىيەت بوشىتىلىدۇ. بىنەپشىدىن 10 گرام، سانادىن 15 گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن ئالتە گرام، خىيارشەنبەردىن 20 گرام ئېلىپ قاينىتىپ، تۆت ياشلىق بالىغا ئىككىگە بۆلۈپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى يالغۇز تەرەنجىبىننى چىلاپ سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. بالىلار قەۋزىيەت بولۇپ قىزىتما بولمىسا، ھەسەل سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. چاڭگاكنى سوقۇپ كالا سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بالىنىڭ كىندىكىگە سۈركىلىدۇ. قايماقنى قايناق سۇدا ئېزىپ قورساققا سۈركىلىدۇ.

ئېمىۋاتقان بالىلار قەۋزىيەت بولسا ئانىسىنىڭ ئوزۇقلۇقىغا دىققەت قىلىنىدۇ، مېۋە - چېۋىلەر كۆپرەك ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تاماق يېيەلەيدىغان بالىلارغا كۆكتاتلار كۆپ بېرىلىدۇ، سۈت ئىچكۈزۈلىدۇ، كۆكتات شورپىسى ئىچكۈزۈلىدۇ. قايناق سۇنى كۆپرەك بېرىپ ئۈچەيدە تەرەتنىڭ يۇرۇشۇشى ئاسانلاشتۇرۇلىدۇ. مەقئەتكە شامچە كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەرەت ماڭغۇزۇلىدۇ. گۈلبىنەپشىدىن 10 گرام، ئاق لەيلىگۈلدىن ئالتە گرام، سانادىن 15 گرام، تاش تۇزدىن ئۈچ گرام، قارا شېكەر، خىيارشەنبەرنىڭ ھەربىرىدىن 20 گرام ئېلىپ سوقۇپ، خىيارشەنبەر چىلانغان سۇدا يۇغۇرۇپ شامچە ياسىلىدۇ. ئەگەر قەۋزىيەت بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن كېلىپچىققان بولسا، شۇ كېسەللىككە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ.

## باللاردىكى مەقئەت ئىششىقى

مەقئەت ئەتراپى ۋە مەقئەت شىللىق پەردىلىرى زەخىملىنىشتىن بولىدۇ.

سىرۋەبى

بەلغەم خىلتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## سوغۇقتىن بولغان مەقئەت ئىششىقى

ئالامىتى

ئىششىق بوش ۋە سۇس بولىدۇ.

داۋاسى



قۇستۇرۇلىدۇ، ئىششىقنى تارقاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر يىرىڭ يىغىلغان بولسا ۋاقتىدا يېرىۋېتىلىدۇ. ئىششىقنى تارقىتىش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن توخۇ، ئۆردەكلەرنىڭ يېغى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى، گۈل يېغى چېپىلىدۇ ياكى مەلھەمى داخىليۇن بىلەن گۈل يېغى ياكى مەلھەمى باسلىقۇن بىلەن تۇخۇمنىڭ سېرىقى چېپىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق ئۇزۇنغا سوزۇلسا، بۇ دورىلارغا مۇقەل ۋە باشقا ماددىنى تارقاتقۇچى دورىلارنى قوشۇپ، سۈيدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

## ئىسسىقتىن بولغان مەقئەت ئىششىقى

سىرۋەبى

بەدەندە ئىسسىقلىقنىڭ غالىب كېلىشى ياكى ئىسسىق دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، قىچىشىش، يىرىڭلىق چاقا، بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

كۆيۈشۈپ ئاغرىيدۇ، سۈيدۈك تېمىپ كېلىدۇ.

داۋاسى

مىزاجى تەڭشىلىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىلىدۇ، سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. رەيھان ئۇرۇقى ۋە ئىسپغۇل چۇشكەن سوغۇق تەبىئەتلىك شەربەتلەر بېرىلىدۇ. چىلان سۈيى ناۋات بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىششىققا قۇيۇلىدۇ.

قاتقان ئىششىق ئۇچۇن ئاق لەيلى ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقى، بىنەپشە، كۆك ماش، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى، گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى، ھەمىشىباھار سۈيى، كاسىنە سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ. يۇمشاق ئىششىققا قىزىلگۈل، كۆك ماشنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ، يەرلىك شوخلا سۈيى ۋە گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ تېڭىلىدۇ.



## باللارنىڭ سوڭى چىقىپ قېلىش

تۇز ئۇچەينىڭ مەقئەتتىن سىرتقا چىقىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەبى

باللار مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، باللارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئىچى سۈرۈش، قۇلۇنجى، ئۇزاق داۋاملاشقان يۆتەل، چىڭقىلىپ يىغلاش، تولغاق، قەۋزىيەت، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، ياخشى ئوزۇقلانماسلىق، ئۇچەيدە مەددە قۇرت پەيدا بولۇش، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، سوڭ مۇسكۇللىرى پالەچلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

## ماددىلىق ھۆل سوغۇقتىن بولغان سوڭى چىقىپ قېلىش

ئالامىتى

بالىنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، يۆتەلسە، يىغلىسا ياكى قاتتىق

ھەرىكەت قىلسا سوگكى چىقىۋالىدۇ. مەقئەت ئاغرىش، ئىچىشىش بولمايدۇ. باسسا كىرىپ كېتىدۇ.

داۋاسى

بالا ۋە ئانىغا ئاۋۋال بەلغەمنىڭ مۇنزىجىنى ئىچكۈزۈپ، ئارقىدىن سەبرە چۈشمىگەن بەلغەمنىڭ مۇسهىلى ئىچۈرۈلىدۇ ھەم قۇستۇرغۇچى دورىلار ئىچكۈزۈلۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. ئانار ئۇرۇقى، ئانارگۈل، ئانار پوستى، ئانار خەمكى، موزا، كۈندۈر، ئامۇت يوپۇرمىقى، ھەببۇلغار مېغىزى، زەمچە، تەنكار، قۇرۇق قىزىلگۈل، تاباشىر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سوقۇپ، قاينىتىپ سۈيىدە بالىنىڭ مەقئىتى يۇيۇلىدۇ. پىسپىنى تۇخۇم سېرىقى بىلەن يۇغۇرۇپ، بالىنىڭ سوگكىنى كىرگۈزۈۋېتىپ، مەقئەت ئەتراپىغا تېڭىلىدۇ.

## سەپرادىن بولغان سوگكى چىقىپ قېلىش

ئالامىتى

مەقئەت ئاغرىيدۇ، قىچىشىدۇ، بالا تولا يىغلايدۇ، ئۇسسايدۇ بەزىدە قىزىيدۇ.

داۋاسى

سەپرا ماددىسىنى پەسەيتكۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەينۇلا سۈيى، ئانار سۈيى، بېھى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرنىسى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، بېھى سۈيى، ئىسپىغۇل لۇئابى قاتارلىقلار قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئانارگۈل، موزا، شاھتەررە، شوخلا، بىنەپشە، چۈچۈمەل ئانار پوستى ۋە ئۇرۇقى، كاھۇ، خەشخاش ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، سۇدا قاينىتىپ بالىنىڭ مەقئىتى كۈندە ئىككى قېتىم يۇيۇلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن جاۋارىش خۇبسۇلھەدىد، داۋائىلمىشكى، ئاملە نۇشدارى لۇئلۇۋى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

سوگكى چىقىپ قېلىش بىرەر كېسەللىك تەسىرىدىن بولسا سەۋەب بولغان

كېسەللىككە دورا قىلىش بىلەن بىرگە ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، بەدەننىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، مۇسكۇللارنى چىڭىتىلىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

غىزاسىغا يەڭگىل، سۈيۈق تاماقلار ۋە كۆكتاتلار بېرىلىدۇ. سوغى كىرىپ كەتمىسە، تازىلىققا رىئايە قىلىپ يۇقۇملىنىش ۋە يارا بولۇشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

## باللاردىكى يىلانسىمان مەددە كېسەللىكى

يىلانسىمان مەددە كېسىلىدە مەددە رەڭگى ئاق، شەكلى يۇمىلاق، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، بۇ خىل مەددىنىڭ تۇرۇش ۋە كۆپىيىش جايى ئىنچىكە ئۈچەيلەردىن ئىبارەت.

**سىرۋەبى**

كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا رىئايە قىلماسلىق، توپىدا ئويناپ قولنى يۇمايلا تاماق يېيىش، بارمىقىنى ئېمىش، ئويۇنچۇقنى ئاغزىغا سېلىپ ئويناش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

266

**ئالامىتى**

قورسىقى تولغاپ ئاغرىيدۇ، كۆپىدۇ، كۆپىنچە قەۋزىيەت بولىدۇ. قورسىقى ئېچىپلا تۇرىدۇ. كۆپ تاماق يېسىمۇ بەدىنى ئورۇق بولىدۇ. كېچىسى ئۇيقۇدا چىشىنى غۇچۇرلىتىدۇ. ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ. بالا بۇرنىنى كولاشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**داۋاسى**

ئالدى بىلەن مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرگۈچى دورىلارغا سۈرگە دورىلىرى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي تازىلىنىدۇ. بەرەڭگى كابۇلىدىن ئالتە گىرام، دەرمىنە

تۇركىدىن ئۈچ گىرام، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن خورمىدىن ئىككى دانە ئېلىپ سوقۇپ، ئۇخلاش ئالدىدا بىر گىرامدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. قىزىل لوبىيا، بابۇنە، سىيادان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، ئەمەندىن 21 گىرام، شاپتۇل يوپۇرمىقىدىن بىر سىقىم ئېلىپ قاينىتىپ، ئازراق كۈنجۈت يېغى قوشۇپ ھۆقنە قىلىنىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن مەجۇنى سەرخەس، ئاچچىق ئانار يىلتىزى قاينىتىلمىسى، شاپتۇل چېچىكى قاينىتىلمىسى، شاپتۇل يوپۇرمىقى قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

## باللاردىكى قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە كېسەللىكى

مەددە قۇرتى قاپاق ئۇرۇقىغا ئوخشاش كەڭ ۋە ياپىلاق بولىدۇ، ئۇرنى چوڭ ئۈچەينىڭ يۇقىرىقى قىسمىلىرىدىن بولىدۇ.



سەۋەبى

تازىلىققا رىئايە قىلماسلىق، كۆكتاتلارنى پاكىز يۇماي يېيىش، خام يېيىش، كالا گۆشى، كالا جىگىرىنى كۆپ ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

چوڭ تەرەتتىن رەڭگى ئاق مەددىلەر چىقىدۇ. بەزىدە تەرەت قىلمىغاندىمۇ مەددە ئۆزلۈكىدىن چىقىدۇ. بالىنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ. قورسىقى بەك ئاچىدۇ، ئورۇقلايدۇ. تېرىسى قۇرغاق بولىدۇ، ئېغىزى قۇرۇيدۇ، بەزىدە ئىچى سۈرىدۇ، چوڭ تەرىتى قارامتۇل كېلىدۇ.

داۋاسى

ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە تەۋسىيە قىلىنىدۇ. كالا گۆشى، كالا جىگىرىدىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. سەرخەس، بەرەڭگى كابۇلىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، تۇربۇت، مۇقەلنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، ھەسەلدىن 100 گىرام

ئېلىپ، مەجۇن تەييارلاپ ھەر كۈنى ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئالتە گىرام كالا سۈتى بىلەن بېرىلىدۇ. ئانار پوستىدىن ئۈچ گىرام، سەرخەستىن توققۇز گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، ئاچ قورساققا بىراقلا ئىچكۈزۈلىدۇ. كاۋا ئۇرۇقىنى قورۇپ چېقىش، ئاخشىمى سىركە ئىچىپ يېتىش قاتارلىقلار ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

## باللاردىكى تۈتۈ مەددە كېسىلى

بۇ خىل قۇرت كىچىك بولۇپ، سىركە ۋە سۈزمىگە چۈشكەن قۇرتقا ئوخشايدۇ. قۇرت تۈز ئۈچەيدە بولىدۇ.

### سەۋەبى

شەخسىي تازىلىققا رىئايە قىلماسلىق بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولىدۇ.

### ئالامىتى

قورساق ئاغرىيدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، قۇسىدۇ، مەقئەت قىزىرىدۇ. تولا تاتىلاپ مەقئەت چۆرىسى يارا بولۇپ كېتىدۇ. بەزىدە تۈتۈ قۇرتى قىز باللىنىڭ جىنسىي يولىغا كىرىۋېلىپ قاتتىق قىچىشتۇرىدۇ ياكى ياللۇغلاندۇرىدۇ.

### داۋاسى

شەخسىي تازىلىققا رىئايە قىلىپ، داۋاملىق قولنى يۇيۇشقا ئادەتلەندۈرۈلىدۇ. ئېغى بار ئىشتان كىيدۈرۈلىدۇ، مەقئەتنى قاشلاشتىن چەكلىنىدۇ.

قۇرۇق ئۈزۈم، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى، تاتلىق قۇستە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، شامچە تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ. شەھمەنزەل، نەمەك ھىندى، قەنتەرىيۇن، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى ۋە شاكىلى قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ قاينىتىپ ھوقنە قىلىنىدۇ.

ئەگەر قاشلاپ زىدە بولغان بولسا شاپتۇل مىغىزىنى سوقۇپ چىلاپ چېپىلىدۇ ياكى مەلھىمى كىبرىت ياكى مەلھىمى سىماب چېپىلىدۇ.

## باللاردىكى جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى

جىگەر ساھەسى يېقىمسىزلىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**سەۋەبى**

جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن، سوغۇقتىن، قۇرۇقلۇقتىن، ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشى، قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا خىلتىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

### جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى

**ئالامىتى**

ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولىدۇ، تىلى قۇرۇق بولىدۇ، ئىشتىھاسى كەم بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، تومۇرى تېز، سۈيدۈك رەڭگى قىزىل بولىدۇ، جىگەرنىڭ ئودۇلى قىزىق بىلىنىدۇ.



**داۋاسى**

جىگەرنى سوۋۇتۇش چارىسى قوللىنىلىدۇ. ئانار سۈيى، كاسىنە سۈيى، سەندەل شەربىتى، سىركەنجۇبىل، زىرىقنىڭ سۈيى، قېتىق سۈزمىسى، ئىسپىغۇل لۇئابى قاتارلىق دورىلار يالغۇز ياكى بىرقانچىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

### جىگەر مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى

**ئالامىتى**

سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق، بەدەنلىرى ئىسسىقلىق بولىدۇ. جىگەر ساھەسىدە

ئىغىرلىق بولىدۇ. ئۇسسۇزلۇق كەم بولىدۇ.

داۋاسى

جىگەرنى قىزىتىش كۈيايە قىلىدۇ. بەدىيان ۋە ئىتئۈزۈمنى قايىنتىپ، ھەسەل بىلەن تەييارلانغان گۈلقەنت قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئىزخىر، قۇستە، سەلىخە، زەپەر، ئەمەن، سۇمبۇل، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى ئېزىپ، سەۋسەن ۋە سۇمبۇل رۇمى قاتارلىقلارنىڭ يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ تېڭىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن داۋائى كۇركۇم، مەجۇنى ئاساناسىيا تاللاپ بېرىلىدۇ.

جىگەر مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشى

ئالامىتى

بەدىنى ئورۇق ۋە ئاجىز بولىدۇ. تىلى ۋە ئىغىزى قۇرۇق بولىدۇ. ئۇسسايدۇ، تومۇرى قاتتىق بولىدۇ، قان ئاز بولىدۇ، چوڭ تەرەت ئاز كېلىدۇ.



داۋاسى

جىگەر مىزاجىنى ھۆللەشتۈرۈش كۈيايە قىلىدۇ. سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ شىرىسى شەربىتى نېلۇپەر ۋە شەربىتى خەشخاش بىلەن بېرىلىدۇ. بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى، بادام يېغى، كاسىنە سۈيى، سېمىزئوت ئۇرۇقى سۈيى، موم قاتارلىقلاردىن قىرۇتى تەييارلاپ چېپىلىدۇ. غىزاسىغا ئوغلاق گۆشى بىلەن قاپاقنى پىشۇرۇپ يېسە ئۈنۈم قىلىدۇ. بېلىق ھەم پايدىلىقتۇر.

جىگەر مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشى

ئالامىتى

سۈيدۈكى ئاق بولۇپ، ھەزىم بۇزۇلىدۇ، تىلى ھۆل تۇرىدۇ، چوڭ تەرەت يۇمشاق كېلىدۇ، ئۇسسۇزلۇق بولمايدۇ.

داۋاسى

جگەر هۆللۈكنى قۇرۇتۇش كۇپايە قىلىدۇ. بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گۈلقەنتلەر بېرىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن ئىترىفىل كەبىر، داۋائى كۇركۇم ۋە جاۋارىشلار بېرىلىدۇ. غىزاسىغا كەپتەر باچكىسى سۈزاپ، سامساق بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

### جگەر مىزاجىنىڭ قان خىلتىدىن بۇزۇلۇشى

ئالامىتى

پۇت ـ قولىدا ئېغىرلىق بولىدۇ، ئېغىز تەمى تاتلىق بولىدۇ.

داۋاسى

ماددىغا قارىتا تازىلاش قىلىنىدۇ. تەمرىھىندى، ئەينۇلانىڭ چىلانغان سۈيىگە تەرەنجىبىن قوشۇپ بېرىلىدۇ.



### جگەر مىزاجىنىڭ سەپرا خىلتىدىن بۇزۇلۇشى

ئالامىتى

بەدەن رەڭگى سېرىق بولۇپ، سەپرالىق قۇسۇش ۋە سەپرالىق ئىچ سۈرۈش كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

بەدەنگە سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. كۆك قاپاق ئۇسارىسى، ئارپا ئۇنى، تەرخەمەك، قىزىل سەندەل، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلار جىگەر ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن شەربىتى دىنار، شەربىتى بۇزۇرى، مېغىزى پۇنۇس قاتارلىقلار تاللاپ بېرىلىدۇ. غىزاسىغا زىرە ۋە تەمرىھىندى سېلىنغان سۇيۇق تاماق بېرىلىدۇ.

### جگەر مىزاجىنىڭ بەلغەمدىن بۇزۇلۇشى

**ئالامىتى**

سۇيدۇكى نىسبەتەن قويۇق بولۇپ، بەدىنى سوغۇق، بەلغەملىك قۇسۇش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

ئارتۇق بەلغەم خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ. زۇپا قاينىتىلمىسى ئۈچ گىرام داۋائى كۇركۇم بىلەن بېرىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن مائۇلئۇسۇل، ھەببى سەبرە، ئايارەج پەيقىرا، مەتبۇخى ھېلىلە، ماددەتۇلھايات، ئىترىفىل كەبىر، ئىترىفىل سەغىر قاتارلىقلار تاللاپ بېرىلىدۇ. غىزاسىغا كەكلىك گۆشىگە زىرە، نوقۇت، سېرىقچېچەك، قوۋزاقدارچىن، خولىنجان قوشۇپ بېرىلىدۇ.

### جگەر مىزاجىنىڭ سەۋدادىن بۇزۇلۇشى



**ئالامىتى**

بىمار قورقۇنچاق، خىيالپەرەس بولىدۇ.

**داۋاسى**

ئارتۇق سەۋدا ماددىسى تازىلىنىدۇ ۋە سېرىق ئوت قاينىتىلمىسى ياكى قېتىق سۈيى بېرىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن مەتبۇخى ئەپتىمۇن ياكى ھەببى ئەپتىمۇن تاللاپ بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى جگەر ئاجىزلىقى

ئوڭ تەرەپ بىقىن يېتىم قوۋۇرغىچە تارتىشىش، ئاغرىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سىرۋەبى

جىگەردىكى تۆت قۇۋۋەت ئاجىزلاش، جىگەر مىزاجى ماددىلىق ۋە ماددىسىز بۇزۇلۇش، باشقا كېسەللىكلەر جىگەرگە تەسىر قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

## تارتىش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان جىگەر ئاجىزلىقى

ئالامىتى

چوڭ تەرەت ئاق، يۇمشاق، كۆپ كېلىدۇ، بەدەن ئورۇق بولىدۇ.

داۋاسى

ئەمەن، مەستىكى، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى موزا سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، جىگەر ساھەسىگە تېڭىلىدۇ.

## ھەزىم قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان جىگەر ئاجىزلىقى

ئالامىتى

مۇسكۇللار بوشىشىدۇ، بىمارنىڭ چىرايى ئېسىلىدۇ، چوڭ تەرەت گۆش يۇغان سۇدەك كېلىدۇ. سۈيدۈكى ئاق بولىدۇ.

داۋاسى

ئانارگۈل، سەبرە، لادەن، ئانار پوستى، موزا قاتارلىقلارنى سوقۇپ گۈلاب بىلەن يۇغۇرۇپ، جىگەر ساھەسىگە چېپىلىدۇ. تەرياقى ئەربەئە، سەنجىرىنا قاتارلىقلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

## تۇتقۇچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان جىگەر ئاجىزلىقى

ئالامىتى

چوڭ تەرەت ۋە سۈيدۈك ئاق، چوڭ تەرەتنىڭ مىقدارى كۆپ كېلىدۇ. بەدەنلىرى بوشىشىپ كېتىدۇ.

داۋاسى

خام ئۈزۈم، زىرىلەرنى ئالمىنىڭ سۈيى بىلەن ئېزىپ، خېمىر قىلىپ تاڭسا پايدا قىلىدۇ. جاۋارىش خۇزىنى بېھى رۇببىسى ياكى بېھى شارابى بىلەن يېسە مەنپەئەت قىلىدۇ.

### ھەيدىگۈچى قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان جىگەر ئاجىزلىقى

ئالامىتى

سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەت ئاقۇچ، مىقدارى ئاز كېلىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ، باللار بوشاپ كېتىدۇ.

داۋاسى

قېتىق سۈيى، سىركەنجۇبىل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. غىزاسىغا كەكلىك گۆشى، ئىللىتىلغان تۇخۇم سېرىقى بېرىلىدۇ. تامىقىغا دارچىن، زەنجىۋىل، قارىمۇچ سېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر جىگەر زەئىپلىكىنىڭ سەۋەبى جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا، ئۇنىڭغا جىگەر مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن دورىلار بېرىلىدۇ. ئەگەر باشقا ئەزا كېسەللىكىنىڭ شېرىكچىلىكىدىن كېلىپچىققان بولسا، ئۇنى داۋالاشتا كېسەللەنگەن ئەزانى داۋالاش بىلەن بىرگە قۇۋۋەتلەشكە چارە قىلىنىدۇ.

## باللاردىكى جىگەر ياللۇغى

ئوڭ تەرەپ قوۋۇرغىلار ئارىسى ئاغرىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سەۋەبى

خىلىتلارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### قان خىلىتىدىن بولغان جىگەر ياللۇغى

ئالامىتى

قىزىيدۇ، ئۇسسايدۇ، تىلى، يۈزى قىزىل بولىدۇ. قورۇق يۆتىلىدۇ، ھېق تۇتىدۇ.

داۋاسى

ماددىنى تازىلاپ، ياللۇغ قايتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. يەرلىك شوخلا سۈيى، كاسىنە سۈيى، ئىككى خىل ئانار سۈيى قەنتلىك سىركەنجۇبىلگە قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ جىگەرنىڭ ئويمان قىسمىدا بولسا، ھۆل مېۋىلەرنىڭ سۈلىرى بېرىلىدۇ. يەنە كاسىنە سۈيىگە خىيارشەنبەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ جىگەرنىڭ دۆڭچە قىسمىدا بولسا، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بېرىش بىلەن بىرگە چوڭ تەرەتنى قاتۇرۇپ قويماسلىققا دىققەت قىلىنىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان جىگەر ياللۇغى

### ئالامىتى

تىلى، يۈزى، چوڭ تەرىتى سېرىق بولىدۇ. سۈيدۈكى قىزىق بولۇپ، كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ. سەپرالىق قۇسىدۇ، ئۇسسايدۇ، تىلغا ئۇششاق مۇدۇرلار چىقىدۇ، تىلنىڭ ئۈستىگە قارا گەز پەيدا بولىدۇ.

### داۋاسى

سەپرا خىلىتىنى بەدەندىن تازىلاپ، بەدەننى سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. كاسىنە ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى قايىنىتىپ سۈيىگە سىركەنجۇبىل قوشۇپ بېرىلىدۇ. بەدەننى سوۋۇتۇش ئۈچۈن شەربىتى ئەينۇلا، شەربىتى نىلۇپەرلەرگە سىركەنجۇبىل سادە، سىركەنجۇبىل رەۋەنلەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. سەندەل، ئارپا ئۇنى، كاسىنە سۈيى، گۇلاب، ئاچچىقسۇ قاتارلىقلار زىمات قىلىنىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان جىگەر ياللۇغى

### ئالامىتى

يۈزى، تىلى، چوڭ تەرىتى ئاق بولىدۇ. يۈزى بوشاپ كېتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقى ئاز بولىدۇ.

داۋاسى

ئارتۇق بەلغەم خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ. ئەگەر ياللۇغ جىگەرنىڭ دۆڭچە قىسمىدا بولسا، كەرەپشە ئۇرۇقى، بەدىيان، رۇمبەدىيان، كاسنە يىلتىزى، جۇۋنە قاتارلىقلارنى قاينىتىپ، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ياللۇغ جىگەرنىڭ ئويمان قىسمىدا بولسا قۇرسى ئەپسەنتىن، قۇرسى رەۋەن بېرىپ، ئاندىن مۇناسىپ تەگشەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

غىزاسىغا كەكلىك گۆشىنىڭ شورپىسىغا نوقۇت، زىرە، دارچىن سېلىپ بېرىلىدۇ.

### غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان جىگەر ياللۇغى

ئالامىتى

جىگەر ساھەسىدە قاتتىقلىق بولىدۇ، بەدىنى ئورۇقلايدۇ، يۈزىنىڭ رەڭگى بۇزۇلىدۇ، تىلى يېرىك بولىدۇ.



داۋاسى

ئارتۇق سەۋدا ماددىسى تازىلىنىدۇ. بەدىيان، كاسنە ئۇرۇقى، گاۋزىبان، كەرەپشە ئۇرۇقى، ناۋاتلار بىلەن تەييارلانغان شەربەت بېرىلىدۇ. ياللۇغ قايتۇرۇش مەقسىتىدە توخۇ يېغى، كالا پاچىقىنىڭ يىلىكى، سۇمبۇللار بىلەن مەلھەم تەييارلاپ چېپىلىدۇ. ماددا پىشقاندىن كېيىن بالەنگو، گاۋزىبان، ئەپتىمۇن، سانا، كاسنە ئۇرۇقى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ قاينىتىلمىسى تاتلىق قىلىپ بېرىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن مائۇلئۇسۇل، سىركەنجۇبىل بۇزۇرى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

## بالىلاردىكى تال مىزاجى بۇزۇلۇش

ھەر خىل سەۋەبلەردىن تالنىڭ ماددىلىق ۋە ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

سىرۋەبى

ئىسسىقتىن، سوغۇقتىن، قۇرۇقلۇقتىن، ھۆللۈكتىن، ھۆل سوغۇقتىن، ھۆل ئىسسىقتىن، قۇرۇق ئىسسىقتىن، قۇرۇق سوغۇقتىن كېلىپچىقىدۇ.

## تال مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى

### ئالامىتى

تال ساھەسى ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولىدۇ. سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەتنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. بەدەن قىزىيدۇ.

### داۋاسى

تال مىزاجىنى سوۋۇتۇپ نورماللاشتۇرۇلىدۇ. كاسىنە سۈيى ۋە ئىتئۈزۈمى سۈيى بېرىلىدۇ. ئارپا ئۇنىنى يۇلغۇن يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ۋە ئاچچىقسۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تال ساھەسىگە چېپىلىدۇ. ھەشقىپىچەك ئۆسۈملۈكىنى ئاچچىقسۇدا قايىنتىپ تال ساھەسىگە چېپىلىدۇ. چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مەتبۇخى ھېلىلە بېرىلىدۇ. ھارارەت يۇقىرى بولسا قۇرسى تاباشىر، قۇرسى كافۇر بېرىلىدۇ.

## تال مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى

### ئالامىتى

ئىشتىھا تۇتۇلۇپ، تۆۋەن قىزىتما بولىدۇ. قورساق كۆپىدۇ، كېكىرىك كۆپ بولىدۇ. ئېغىزدىن سۇ ئاقىدۇ.

### داۋاسى

تال مىزاجى قىزىتىلىپ نورماللاشتۇرۇلىدۇ. سۈيىگە سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ھار قوشۇپ بېرىلىدۇ. تۇرۇپنىڭ سۈيى، تەرياقى ئەربەئە، گۈلقەنت بېرىلىدۇ.

ئەنجۈر، قۇستە، سىركە، سەدەپ، بىخ كەبىر، ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن، ئاچچىق بادام قاتارلىقلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، تال ساھەسىگە چىپىلىدۇ.

غىزاسىغا توخۇ گۆشىنى ئىسسىق دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

## تال مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشى

### ئالامىتى

تال ساھەسى يۇمشاق، ئېغىر، بەدەن سۇس بولىدۇ. بەدەننىڭ رەڭگى قوغۇشۇن رەڭگىدە بولىدۇ.

### داۋاسى

تالغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ، تال مىزاجى نورماللاشتۇرۇلىدۇ. زىراۋەندە، يۇيۇلغان لوك، زىخ، قىزىلگۈل، بىخ كەبىر، سۇمبۇل قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، يۇلغۇننىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سۇزاپ، يۇلغۇن مېۋىسى، پىننە قاتارلىقلار تال ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ.



## تال مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بۇزۇلۇشى

### ئالامىتى

تال ساھەسى قاتتىق بولۇپ قالىدۇ. بەدەن ئورۇق ۋە قۇرغاق بولىدۇ. چىرايى قارامتۇل كۆدە سۈيى رەڭگىدە بولىدۇ.

### داۋاسى

تالنىڭ ھۆللۈكى ئاشۇرۇلۇپ، تال مىزاجى نورماللاشتۇرۇلىدۇ. قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ، ئامۇت ئۇرۇقى شىرنىسى، كالا سۈتى ۋە بىنەپشە يېغىغا

ئارىلاشتۇرۇپ، تال ساھەسگە چېپىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن بىنەپشە شەربىتى، نىلۇپەر شەربىتى، خەشخاش شەربىتى تاللاپ بېرىلىدۇ. غىزاسىغا توخۇ گۆشى، پاقلان گۆشى، قاپاق ئېشى بېرىلىدۇ.

## تال مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى

### ئالامىتى

قەۋزىيەت بولىدۇ. پۇت ـ قول قىزىيدۇ، ئۇسسايدۇ. سۈيدۈك قىزىل ۋە سۈزۈك كېلىدۇ.

### داۋاسى

سوۋۇتقۇچى، ھۆللەشتۈرگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى، پاقىيوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى سوقۇپ تال ساھەسگە چېپىلىدۇ ۋە تال مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن ۋە سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدا سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.



## تال مىزاجىنىڭ ھۆل ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى

### ئالامىتى

سول تەرەپتە ئېغىرلىق سېزىلىدۇ ۋە كۆيۈشىدۇ، ئۇسساش بولمايدۇ، بەدەن رەڭگى تۇتۇق بولىدۇ.

### داۋاسى

ئىسسىقلىقنى نورماللاشتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بىخ كەبىر چۆشكەن سىركەنجۇبىل بۇزۇرى بېرىلىدۇ. يۇلغۇن مېۋىسى، مۇغاس، سەندەل، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنى سوقۇپ، يۇلغۇن سۈيى ۋە ئاچچىقسۇدا يۇغۇرۇپ تال ساھەسگە چېپىلىدۇ. تال مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن ۋە ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىدا سۆزلەنگەن دورىلار بېرىلىدۇ.

## تال مىزاجىنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى

ئالامىتى

تال مىزاجى سوغۇقتىن ۋە ھۆللۈكتىن ئۆزگەرگەندە كۆرۈلگەن ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

تالنى قىزىتىپ، قۇرۇتىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بىخ كەبىر، ئەپتىمۇننى تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ بىر گىرامدىن بېرىلىدۇ.

## تال مىزاجىنىڭ قۇرۇق سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تال مىزاجىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن ۋە سوغۇقلۇقتىن ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. داۋالاشتا شۇنىڭدا سۆزلەنگەن بويىچە داۋالىنىدۇ.

# باللاردىكى تال يوغىناش

تالنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن يوغىناپ كەتكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

سەۋەبى

تالنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇش، تالنىڭ توقۇلمىلىرى بۇزۇلۇش، تالدا توسالغۇ پەيدا بولۇش، بەزگەك كېسىلى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك ماددىسى بەدەندىن تازىلىنىدۇ. كېسەللىك قايسى سەۋەبتىن كېلىپچىققان بولسا، شۇنىڭغا قارىتا چارە قىلىنىدۇ. كېسەللىك ماددىسىنى تەڭشەش ئۈچۈن گاۋزىباندىن بەش گىرام، كاسنە يىلتىزى، گۇلبىنەپشە، بەدىيانىنىڭ

ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، ئۆرۈكسىز قىزىل ئۈزۈمدىن توققۇز دانە، ئەنجۈردىن بەش دانە ئېلىپ، قايناق سۇدا دەملەپ بىنەپشە گۈلقەنتىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. تەگشەلگەن كېسەللىك ماددىسىنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن، كاسىنە ئۇرۇقى، شاھتەررە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلىنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، ئەينۇلادىن توققۇزىنچى دانە، تەمرىھىندىدىن 18 گىرام، تەرەنجىبىندىن 30 گىرام، خىيارشەنبەردىن 24 گىرام ئېلىپ، چىلانىما دورىلارنى ئەرقى گۈلگە چىلاپ، قالغان دورىلارنى ئەرقى كاسىنىگە چىلاپ قايناتىپ، ھەممىسىنى قوشۇپ 5 ~ 10 مىلىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. يەرلىك شوخلا، رەۋەن، ئاقاقىيا، يۇلغۇن ياغىچى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ تال ساھەسىگە تېڭىلىدۇ.

## باللاردىكى تال ئىششىقى

ئۆزگەرگەن خىلتلارنىڭ تالغا تەسىر قىلىپ ياللۇغلاندۇرۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك.



### سەۋەبى

ماددىسىز ئىسسىقتىن، قاندىن، غەيرىي تەبىئىي سەپرا، غەيرىي تەبىئىي بەلغەم، غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن، ماددىلىق ۋە ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇشتىن كېلىپچىقىدۇ.

## ماددىسىز ئىسسىقتىن بولغان تال ئىششىقى

### ئالامىتى

تال تەرەپتە ئاغرىش، كۆيۈشۈش، ئېغىرلىق بولىدۇ، ئۇسسايدۇ. ئۆتكۈر قىزىتما بولىدۇ، سۈيدۈكى قارامتۇل بولىدۇ.

### داۋاسى

تالنى مىزاجىنى تەڭشەپ، سوغۇقلۇق يەتكۈزۈلىدۇ. يۇلغۇن يوپۇرمىقى، ئارپا

ئۈنى، قىزىلگۈل، سەندەل قاتارلىقلاردىن ئېلىپ، يەرلىك شوخلا كۆكىنىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن قۇرسى تاباشىر، قۇرسى زىرىشكى قاتارلىقلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان تال ئىششىقى

### ئالامىتى

تال كۆيۈشۈپ ئېچىشىدۇ، قىزىتما ئېغىر بولىدۇ. پۈتۈن بەدەندە قارىغا مايىل سېرىقلىق كۆرۈلىدۇ.

### داۋاسى

تالنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ، ئارتۇق سەپرا ماددىسى تازىلىنىدۇ. سىركەنجۇبىلگە تەمرىھىندى، ئەينۇلا، ھېلىلە، سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قايناتىلمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. گۈل ئەرمىنى، خىيارشەنبەر، رۇسۇت، ئەنجۇر مونىكى، بۇغداي كېپىكى، يەرلىك شوخلا قاتارلىقلارنى سوقۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ چېپىلىدۇ. ماددىنى تازىلاش ئۈچۈن مەتبۇخى ھېلىلە، سىركەنجۇبىل بېرىلىدۇ.

## غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان تال ئىششىقى

### ئالامىتى

تال ئاغرىيدۇ، چوڭىيىدۇ، تىلى ۋە بەدەن رەڭگى ئاق بولۇپ، قاپاقلىرى ئېسىلىپ قالىدۇ. سۈيدۈكى ۋە چوڭ تەرىتى قوغۇشۇن رەڭگىگە مايىل ئاق كۆرۈنىدۇ.

### داۋاسى

تالنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ، ئارتۇق بەلغەم تازىلىنىدۇ. سۇزاپ، ئىكلىلمىلىك،

يەرلىك توغرىغۇ قاتارلىقلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ھەسەل ۋە ئاچچىقسۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. ئايارەج پەيقرا بىلەن بەلغەم تازىلىنىدۇ.

غىزاسىغا نوقۇت سۇيى، توخۇ، كەكلىك قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. قوزغايدىغان ۋە ھۆللۈك پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

### سەۋدادىن بولغان تال ئىششىقى

**ئالامىتى**

قورساق ئىسسىلىدۇ، تال چوڭىيىدۇ ۋە بەك قاتتىق بولىدۇ. ھەزىم بۇزۇلىدۇ، بەدەن ئورۇقلاپ كېتىدۇ، رەڭگى سۇس كۆكۈچ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

**داۋاسى**

سەۋدا ماددىسى تازىلىنىدۇ، ئۇشەقنى سىركىدە ئېزىتىپ تال ساھەسىگە چېپىلىدۇ. ئەگەر تال ساھەسىگە ھەسەلنى چېپىپ، ئاندىن قىچىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۇستىگە سەپسە ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن سىركەنجىۋىل بۇزۇرى، مائۇلجەبىن قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. غىزاسىغا توخۇ، چۆجە، كەكلىك گۆشلىرىگە قارا زىرە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، قارىمۇچ، زەپەر، قوۋزاقدارچىن سېلىپ بېرىلىدۇ.

### قاندىن بولغان تال ئىششىقى

**ئالامىتى**

تال ساھەسى ئاغرىيدۇ، ئېچىشىدۇ، ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ. سۈيدۈك قارا كېلىدۇ. تالنىڭ ئۇدۇلى قىزىق بىلىنىدۇ. باسقاندا قاتتىق ئاغرىيدۇ.

**داۋاسى**

قاننىڭ ھارارىتى پەسەيتىلىدۇ ۋە تەڭشىلىدۇ. كاسنە، ئىتئۈزۈمى، پۇنۇس،

تەمرىھىندى قاتارلىقلار قائىدە بويىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بىنەپشە، قىزىلگۈل، يەرلىك شوخلا، مامىسا، يۇمغاقسۈت، ئارپا ئۇنى، ئاق سەندەل، ھەممىشباھار ئۇرۇقى، ئاقاقىيا قاتارلىقلارنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تال ساھەسىگە چېپىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن قۇرسى تاباشىر، قۇرسى كافۇر، شەربىتى زىرىشكى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

# باللاردىكى سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغى

ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغى ئۈچ ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان باللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئوغۇل باللارغا قارىغاندا قىز باللاردا نىسبەتەن كۆپ كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى**

قويۇق ۋە سەپراۋى قاننىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدىن ئۆزگىرىپ بۆرەكتىكى قان ئايلىنىش جەريانىدا ئۆتكۈرلىشىپ بۆرەك توقۇلمىلىرىنى غىدىقلىشى، ئىسسىق ئۆتلۈش سەۋەبىدىن بۆرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، بولۇپمۇ ئىسسىپ تەرلىگەندە بىراقلا سوغۇق ھاۋاغا ئۇچراش، سوغۇق سۇ ئىچىش، بەل ساھەسىگە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش، ئاننىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلىدە سىماب تەركىبلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىشى، سىرتتىن زەربە تېگىش ھەمدە ئۇچەي كېزىكى، بەزگەك، قىزىل، چېچەككە ئوخشاش ئۆتكۈر قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

قاندىن بولسا باش ئاغرىش، ئومۇمىي بەدەن چارچاش كۆرۈلۈپ، ئارقىدىن ئۆتكۈر قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇق يۈز بېرىدۇ. قۇسۇقى سارغۇچ ۋە ئاچچىق بولىدۇ. بۆرەك ساھەسىدە ئېغىرلىق ۋە ئاغرىش بولىدۇ. پات ـ پات سۈيدۈك قىستايدۇ. سىيگەندە ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ. ئەگەر بۇزۇق قان تۈپەيلىدىن بۆرەك ئىششىغان بولسا ئاغرىق زىيادە، سۈيدۈك قويۇق، قىزىل بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىك تەرەت

تەسلىكتە كېلىدۇ. سەپرادىن بولسا باش ئاغرىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق ئېغىر بولىدۇ، سۈيدۈكنىڭ رەڭگى سارغۇچ قىزىل بولىدۇ. يەرلىك ئورۇندا كۆپۈشۈپ قاتتىق ئاغرىش بىلىنىدۇ. تومۇرى تېز سالىدۇ. قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقى كۈچلۈك بولىدۇ. سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشىدىن بولسا بىرقانچە سائەت ئىچىدىلا يۈز ـ كۆز ۋە پۈتۈن بەدەن ئىششىپ كېتىدۇ. لېكىن باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن بولسا ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككى بۆرەك ياللۇغلانغان بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئىنچىكە بەلدە ئاغرىق سېزىلىدۇ. پۈتۈن بەدەندە ئۇستىسقاغا ئوخشاش سولۇق ئىششىق كۆرۈلىدۇ. يۈز ۋە قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزنى ئېچىشمۇ تەسكە چۈشىدۇ. سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانى كۆپ، مىقدارى ئاز، رەڭگى سارغۇچ ياكى قىزغۇچ، سېسىق پۇراقلىق، تۇخۇم ئېقىغا ئوخشاش قويۇق كېلىدۇ، بەزىدە قان كېلىدۇ. ئېغىرلاشقاندا سۈيدۈك پۈتۈنلەي توختاپ، قورساق سۇغا تولۇپ كۆپۈشۈپ كېتىدۇ.

### داۋاسى

ماددىلارنى ھەيدەش بىلەن ماددىلارنىڭ بۆرەككە يىغىلىپ كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىلىدۇ. دەسلەپتە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى كۈچلۈك دورىلار بېرىلمەي، شەربەت دورىلار ئارقىلىق ماددىنىڭ قويۇقلۇقى تەڭشىلىدۇ، كېيىن كېسەللىككە سەۋەب بولغان خىلىت تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار ياشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە تەن قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا قاراپ بېرىلىدۇ.

ماددىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مەتبۇخ بېرىلىدۇ: تەرخەمەك ئۇرۇقى، گۈلبىنەپشە، ئاق لەيلىگۈل، قۇرۇق ئىنتىزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، چىلاندىن بەش دانە، سەرپىستاندىن 11 دانە ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ، 24 گىرام گۈلقەنت قوشۇپ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ئەتىگەن ـ كەچتە بېرىپ بىرنەچچە كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەزكۇر نۇسخىغا ئالتە گىرام خىيارشەنبەر، 50 گىرام تەرەنجىبىن، بەش دانە بادام مېغىزىنىڭ شىرىسىنى قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. كېيىنكى قوشۇلغان دورىلار سۈرىدۇ.

سۇرگە بەرگەندىن كېيىن، سوۋۇتۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇسخا بېرىلىدۇ: ئاق لەيلىگۈلدىن تۆت گىرام، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام، چىلاندىن بەش دانە، تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 80 مىللىلىتىر ئەرقى شوخلا، 80 مىللىلىتىر ئەرقى شاھتەررىدە شىرىسىنى چىقىرىپ، 24 مىللىلىتىر بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ ئاز - ئازدىن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئىكلىلمىلىك، گۈلبىنەپشە، قۇرۇق ئىتئۈزۈمى، ئاق لەيلىگۈل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، ئارپا ئۇنىدىن 12 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئىتئۈزۈمى كۆكىنىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ بۆرەك ساھەسىگە تېڭىلىدۇ. گۈل يېغى، بىنەپشە يېغىدىن 12 گىرامدىن، مومدىن توققۇز گىرام ئېلىپ، مومنى يۇقىرىقى ئىككى خىل ياغدا ئېرىتىپ، ئىلمان ھالدا بۆرەك ساھەسىگە تېڭىلىدۇ. ئاق لەيلى ئۇرۇقى، بابۇنە، ئاقلانغان ئارپا، ئىكلىلمىلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، ئىلمان بولغاندا داسقا قۇيۇپ، كېسەل بالا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ياكى ھورى بىلەن تەرلىتىلىدۇ.

## بالىلاردىكى سوزۇلما بۆرەك ياللۇغى

ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل داۋالاپ ساقايتىلمىغانلىقىدىن سوزۇلما ھالەتكە ئۆتۈشىدىن كېلىپچىقىدىغان شەكىل بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك.

**سەۋەبى**

بالىلار مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى يەنى بەلغەم ماددىسىنىڭ قويۇقلىششى، ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغىنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىككە ئۆزگىرىشى ياكى قوشۇغۇن بىلەن زەھەرلىنىشىدىن كېلىپچىقىدۇ. بۇ كېسەللىك كۆپىنچە بىر ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلاردا كۆرۈلىدۇ. قىز بالىلارغا قارىغاندا ئوغۇل بالىلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**ئالامىتى**

يوشۇرۇن دەۋرىدە بۆرەك ساھەسىدە يەڭگىل ئاغرىق بولىدۇ، تومۇرى سۇس

ۋە بوش سالىدۇ، چوڭ تەرىتى ئاقۇچ، سۈيدۈكى ئاق، قويۇق كېلىدۇ. كېسەللىك رەسمىي باشلانغاندا، بىمارنىڭ قاپىقى ۋە يۈزىدە سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىششىق تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن بەدەنگە تارقايدۇ. چىرايى ئېسىلەڭگۈ بولىدۇ. بەدەن هارارىتى كۆپ هاللاردا نورمال، چىرايى تاتارغان، پۈتۈن بەدىنى هالسىزلانغان بولىدۇ. ئىشتىهاسى تۇتۇلىدۇ. يۈرەك قاپقاقلىرى ۋە ئۆرۈقدان خالتىسىغىمۇ سۇ يىغىلىدۇ، ئىششىغان ئورۇننى قول بىلەن باسسا بېسىلىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا قورساق ۋە كۆكرىكىگە سۇ يىغىلىدۇ. بالا هاسىرايدۇ. نەپىسى سىقىلىدۇ. ئىشتىهاسى تۇتۇلىدۇ. سۈيدۈكى ئازىيىپ كېتىدۇ. كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلايدۇ. لېكىن بەدىنىدە ئىششىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئورۇقلىغانلىقى سېزىلمەيدۇ. بەزىدە يېنىك دەرىجىدە ئىششىق بولىدۇ، بەزىدە ئىششىق يېنىپ كېتىدۇ. سۈيدۈكى سۆسۈنگە مايىل سېرىق رەڭدە، قېتىم سانى كۆپ، لېكىن مىقدارى ئاز بولىدۇ.

## داۋاسى

پەرهىز ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن داۋالاش ئوبدان ماشلاشتۇرۇلىدۇ. دورا بىلەن داۋالاشتا سۈيدۈكنى هەيدەپ ئىششىقنى قايتۇرۇش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، رەئىس ئەزالارنى، بولۇپمۇ يۈرەكنى ئاسراش ۋە كۈچلەندۈرۈش مۇهىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ. بىمارنىڭ ئومۇمىي ئەهۋالى كۆزىتىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنىدە ئېغىر دەرىجىدە سۇلۇق ئىششىق، ئۆپكە ۋە يۈرەك غىلاپىغا سۇ چۈشۈش بىلەن نەپەسلىنىش ۋە قان ئايلىنىش توسقۇنلۇققا ئۇچراشتەك ئېغىر ئەهۋاللار كۆرۈلسە، دەرهال تەدبىر قوللىنىپ قۇتقۇزۇلىدۇ. كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىغا قارىتا مۇنزىج، مۇسهىل بېرىپ تازىلىنىدۇ ياكى قۇستۇرۇپ ئىچىنى سۈرۈپ تازىلاپ مىزاجى تەڭشىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى دورىلاردىن بىرسى تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ:

رەۋەن، كەرەپشە ئۇرۇقى، تاتلىق قۇسته قاتارلىقلارنىڭ هەربىرىدىن بىر گرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، هەسەل سېلىنغان گۈلقەنتتىن 10 گرام قوشۇپ، مەستىكىدىن 0.3 گرام سېپىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن ئىككى گرام، ئىزخىر يىلتىزىدىن ئۈچ گرامنى قاينىتىپ، شېكەر سېلىپ ئىچكۈزسە

ئىششىقنى ياندۇرىدۇ.

سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، زىغىر، شۇمشا ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، بابۇنە گۈلىدىن 15 گىرام ئېلىپ، بەدىيان كۆكىنىڭ سۈيى بىلەن يانجىپ، بۆرەك ساھەسىگە تاڭسا ئىششىق تارقىتىشتا مەنپەئەت قىلىدۇ.

بەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، نىلۇپەر، سانا، بادرەنجبۇيا، كاسنە ئۇرۇقى، بىنەپشە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن قۇرۇق ئۈزۈمدىن 36 گىرام، قۇرۇتۇلغان ئەنجۈردىن 10 دانە، چىلان، سەرپىستاننىڭ ھەربىرىدىن 15 دانە، سوقۇلغان تۇربۇتتىن يەتتە گىرام، بىخسۇستىن 16 گىرام ئېلىپ، 1.5 لىتىر سۇدا يېرىم لىتىر قالغۇچە قاينىتىپ، 50 گىرام خىيارشەنبەر، 70 گىرام تەرەنجبىن سېلىپ سىقىپ، سۈزۈپ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى بالىنىڭ تەن قۇۋۋىتى ۋە ياش قۇرامىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن ماددەتۇلھايات، جاۋرىش زەر ئۇنى قاتارلىق دورىلار تاللاپ بېرىلىدۇ.

سۇمبۇل، مەستىكىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، مۇرمەككىدىن ئىككى گىرام، سېرىق موم ۋە يەسمەن يېغىنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مومنى ياغدا ئېرىتىپ قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، بۆرەك ساھەسىگە سۈركىلىدۇ. كېسەل بالا ياتقۇزۇپ دەم ئالدۇرۇلىدۇ، ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇلۇپ بەدەننىڭ كېسەللىككە قارشى كۈچى، بەدەن قۇۋۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاسان سىڭىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى غىزالار، كۆكتاتلار بىلەن غىزالاندۇرۇلىدۇ.

## بالىلاردىكى سىيىپ يېتىش كېسەللىكى

باللار كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ ئورنىغا سىيىپ ياتىدىغان، بەزىلىرى ئويغاق ھالەتتىمۇ سىيىپ قويىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئۈچ ياشتىن يۇقىرى، 15 ياشتىن تۆۋەن باللاردا، بولۇپمۇ 10 ~ 12 ياشقىچە بولغان ئوغۇل باللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى

باللار مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، سوغۇقى ئېشىپ كېتىش، دوۋساققا تاش پەيدا بولۇش، دوۋساق ئىسسىرخاسى، ئۈچەيدە قۇرت پەيدا بولۇش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

باللار كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ سىيىپ قويىدۇ.

داۋاسى

مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، سوغۇقى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولسا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى ئىشلىتىپ، مىزاج تەڭشىلىدۇ. دوۋساققا تاش پەيدا بولۇش، دوۋساق ئىسسىرخاسىدىن بولسا توخۇ تاشلىقى ئىچكى پوستىنىڭ قۇرۇتۇلغىنىدىن مەلۇم مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تالقانلاپ، ھەر كۈنى بىر قېتىم، ئىككى گىرامدىن بېرىلىدۇ. ياڭاقنى قوقاسقا كۆمۈپ مېغىزىنى يېگۈزسىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەببۇلئاس، كۈندۇر، مۇدەببەر قىلىنغان زىرە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، ھەسەلدىن ئۈچ ھەسسە ئېلىپ مەجۇن تەييارلاپ، كۈنگە بىر قېتىم بەش گىرامدىن بېرىلىدۇ. زەمچە ياكى گۈڭگۈرت قاينىتىلغان سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش جالىنۇس، مەجۇنى ماددەتۇلھايات، مەجۇنى كۈندۇر قاتارلىقلارنىڭ بىرى بالىنىڭ ياش قۇرامىغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

## باللاردىكى سۈيدۈك تۇتۇلۇش

تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باللار قىينىلىپ سىيىش ياكى سۈيدۈك توختاپ قېلىش كېسەللىكىدىن ئىبارەت.

### سەۋەبى

سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولۇش، ئۆسمە پەيدا بولۇش، ئانا تېنىدىكى سىفلىس ياكى سىزلام بىلەن يۇقۇملىنىش، كۆيگەن سەپرا مادداسىنىڭ يەرلىك ئورۇنغا تەسىر كۆرسىتىشى، بۆرەك ياكى دوۋساقتا، سۈيدۈك نەيچىسىدە ئىششىق پەيدا بولۇش ياكى توسۇلۇش، بەلغەمى شورنىڭ سۈيدۈك يولىغا تەسىر قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

بەلغەمى شوردىن بولسا سۈيدۈك يولى قورۇلغان بولغاچقا، دوۋساق چىڭقىلىدۇ. سۈيدۈك ئاز ھەم ئېچىشتۇرۇپ كېلىدۇ. دوۋساق ياللۇغى ۋە سەپرانىڭ غالىبلىقىدىن بولسا سۈيدۈك تەستە كېلىدۇ، رەڭگى قىزىل ياكى توق سېرىق، قىزىق بولىدۇ. كۆيۈشتۈرۈپ كېلىدۇ. بۆرەك، ئورۇق بېزى قاتارلىقلاردا ئىششىق بولسا سۈيدۈك تەستە كېلىدۇ ياكى توسۇلۇپ قالىدۇ.

291

### داۋاسى

سۈيدۈك تۇتۇلۇش تاش سەۋەبىدىن بولسا تاشنى پارچىلاش تەدبىرلىرى قوللىنىدۇ. ئۆسمە، سىفلىس سەۋەبىدىن بولسا شۇ خىل كېسەللىكلەرگە قارىتا تەدبىر قىلىنىدۇ. سۈيدۈك يولىدىكى ئىششىق سەۋەبىدىن بولسا ئىششىق ياندۇرۇلىدۇ. بەلغەمى شوردىن بولسا بەلغەمى شورنىڭ دورىلىرى بىلەن مىزاج تەڭشىلىدۇ. پىننە قاينىتىپ ئىچۈرۈلىدۇ. تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ شىرنىسى چىقىرىلىپ ئىچۈرۈلىدۇ. سۇزاپ ئۇرۇقىنى سوقۇپ، زەيتۇن يېغى بىلەن قىزىتىپ، يۇمىلاق قىلىنغان پاختىنى چىلاپ، دوۋساققا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ياكى دورىنى خېمىر قىلىپ، بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن كىندىكىگىچە چېپىلىدۇ. بېلىق بېشى، كۆشتە قىلىنغان ھەجرۇلىيەھۇد، چىلغوزا مېغىزى، چىگىت مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گرام، كاكىنەچ، تەرخەمەك ئۇرۇقى، ئاق زىرە، قوغۇن ئۇرۇقى، قاقلە ئۇرۇقى، كاۋاۋىچىن، رۇمبەدىيان، كەرەپشە ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ

ھەربىرىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ دىنار شەربىتى قوشۇپ ئىچۈرۈلىدۇ.

يەل قوزغاتقۇچى تائاملار، قۇرۇق نان، خاس گۆرۈچ ئېشى، قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بېرىلمەيدۇ.

## باللارنىڭ بۆرىكىدە تاش پەيدا بولۇش

بۇ، باللارنىڭ بۆرىكىدە قۇم ياكى تاش پەيدا بولۇپ قېلىش كېسەللىكىدۇر.

**سەۋەبى**

كۆيگەن سەۋدا خىلتىنىڭ تەسىرى، ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، يېمەك - ئىچمەك نورمالسىزلىقى، بۆرەك ياللۇغى، قالقانبەز خىزمىتى كۈچىيىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

بەل ئاغرىيدۇ، ئاغرىق كىندىك ئاستى ۋە جىنسىي ئەزاغىچە تارقىلىدۇ. بەزىدە تۇتقاقلىق تولغاپ ئاغرىيدۇ، ھەتتا قان سىيىدۇ.

**داۋاسى**

كۆيگەن سەۋدا خىلتى بەدەندىن تازىلىنىدۇ، تاش پارچىلىغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، تۇخۇمى خىرپەدىن 20 گىرام، نىشاستە، كەتىرا، زاراگزا مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، ھەجرۇليەھۇددىن 10 گىرام، ئاق شېكەردىن 55 گىرام ئېلىپ، مېغىز دورىلارنى ئايرىم سوقۇپ، قالغان دورىلارنى سوقۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ سۇفوپ تەييارلاپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 گىرام تاماقتىن كېيىن يېگۈزۈلىدۇ. ياڭاق مېغىزى، كۈنجۈت يېغى، شېكەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە ئۈچ

قېتىم قايناق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. بابۇنە، ئىكىلىلمىلىك، ئىتتىئۈزۈمى، پوستى خەشخاش قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئىسپىغۇلنىڭ لۇئابىدا يۇغۇرۇپ بەل ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن مائۇلئۇسۇل مۇرەككەپتىن كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ. ھەببى ھەجرۇليەھۇددىن كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 ~3 تال بېرىلىدۇ. نارپىننە شەربىتى كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## باللارنىڭ دوۋسىقىدا تاش پەيدا بولۇش

دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇپ سىيەلمەسلىك ياكى تەستە تامچىلاپ سىيىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ھەرقانداق ياشتىكى باللاردا بولۇپمۇ ئوغۇللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.



### سەۋەبى

ئوزۇقلۇقى يۇقىرى غىزالار ياكى تەركىبىدە تۇز ۋە ھاك ماددىسى كۆپ بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن غىزالىنىش، ھەرىكىتى ئاز ۋە سۇس بولۇش، سۈيدۈكنى قىسىۋېلىشقا ئادەتلىنىش، بۆرەك ياللۇغى، دوۋساق ياللۇغى، ئوفونەتلىك قىزىتمىنىڭ تەسىرى بىلەن دوۋساق، سۈيدۈك يوللىرىدا قان، يىرىڭ توختاپ قېلىپ بارا - بارا ئۇيۇپ قېتىپ تاشقا ئايلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ. بەزىدە سۈتى بۇزۇلغان ئانىلارنى ئەمگەن باللارنىڭ بۆرىكىدە تاش پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي يۆتكىلىپ دوۋساققا چۈشىدۇ.

### ئالامىتى

دوۋسۇن ئەتراپىدا بىردىنلا ئاغرىق پەيدا بولۇپ، بارغانسېرى جىنسىي ئەزا ساھەسىگە يېتىپ بارىدۇ. سىيگەندە ئېچىشىدۇ. ئاسانلىقچە سىيەلمەيدۇ ياكى سۈيدۈك تامچىلاپ چىقىدۇ. سىيىپ بولۇپلا يەنە سىيگىسى كېلىدۇ. تاش سۈيدۈك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىۋالسا بالا سىيەلمەي ئىنجىقلاپ

چىڭقىلغانلىقتىن تاش سۈيدۈك يولىنى زەخىملەندۈرۈپ، سۈيدۈك قان ئارىلاش كېلىدۇ. بالا سىيىپ بولۇپمۇ ئولتۇرۇۋېلىپ قوپقىلى ئۇنىمايدۇ. بەزىلىرى قولى بىلەن ئالدىنى مىجىيدۇ. سۈيدۈكنى قاچىغا ئېلىپ قويسا، ئاستىدا ئاق ياكى كۈل رەڭ چۆكمە پەيدا بولىدۇ. سۈيدۈكى ئاق، سۈيۈق كېلىدۇ.

داۋاسى

بالىنىڭ يېشى ۋە تاشنىڭ جايلاشقان ئورنىغا قاراپ، ئاۋۋال تاش پارچىلايدىغان دورىلار ئىچكۈزۈلىدۇ، ئاندىن تاشنى چىقىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ياسالمىلار سۈيدۈك يولىدىن دوۋساققا كىرگۈزۈلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن تاش بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىدۇ.

ياڭاقتىن 500 گىرام ئېلىپ 100 گىرام كۈنجۈت يېغىدا قورۇپ سوقۇپ، ناۋاتتىن 100 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ يېيىشكە بەرسە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. سەئدى كۇفى، بىخ كەبىر، يۇمىلاق زىراۋەندە، جىنتىيانا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 21 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئۈستىگە 300 مىللىلىتىر ئاچچىق بادام يېغى قۇيۇپ، تومۇز كۈنلىرىدە بىر ھەپتە ئاپتاپتا قويۇپ، دورىنى سۈزۈۋېتىپ تىرىك چاياندىن 10 نى ياغ ئۈستىگە تاشلاپ، بىر ھەپتە ئاپتاپتا قويۇپ سۈزۈپ ئېلىپ، بۇ ياغ بىلەن دوۋسۇن ساھەسىنى ياغلىغاندىن سىرت، كىچىك نەيچە ئارقىلىق سۈيدۈك يولىدىن ماڭغۇزۇلىدۇ. مەجۇنى ھەجرۇليەھۇد، مەجۇنى ئەقرەب بېرىلىدۇ. سەي ـ كۆكتاتلار كۆپرەك بېرىلىدۇ. قايناق سۇ كۆپرەك ئىچكۈزۈلىدۇ. تۆگە گۆشى، كالا گۆشى، هوردا پىشقان تائاملاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## باللاردىكى دوۋساق ياللۇغى

سەپرانىڭ ئىسسىقلىقىدىن، جىددىي كېسەللىكلەردىن كېلىپچىقىدىغان پات ـ پات قوزغىلىدىغان ياللۇغلىنىشلىق كېسەللىك.

سەۋەبى

يۇقۇملىنىش، ئۆتكۆر سەپرا خىلتى، ئۆتكۆر كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

سۈيدۈك پات - پات قىستايدۇ، ئېچىشتۇرۇپ كېلىدۇ، سۈيدۈكتە يىرىڭ بولۇپ، دۇغلۇق بولىدۇ، قىزىتما بولىدۇ، توڭلاپ تىترەيدۇ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ.

داۋاسى

ماددا تەڭشىلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. تەرخەمەك ئۇرۇقىدىن 10 گىرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقىدىن 15 گىرام، گاۋزىباندىن 25 گىرام ئېلىپ، شېكەر بىلەن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 20 مىللىلىتىردىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. غارىقۇندىن ئۈچ گىرام، ھەسەلدىن بەش گىرام، ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى گىرامدىن يېيىشكە بېرىلىدۇ. زىغىر ئۇرۇقى، نىشاستىنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزىدىن 10 گىرام، خەشخاش ئۇرۇقىدىن تۆت گىرام ئېلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ گىرامدىن يېيىشكە بېرىلىدۇ. بىنەپشە شەربىتىدىن كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 مىللىلىتىر ئىچىشكە بېرىلىدۇ. نەشپۈتنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى بىلەن بېھىنىڭ سىقىلغان سۈيىنى قوشۇپ كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 مىللىلىتىر ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

ئۇزۇقلۇق قۇۋۋىتى يۇقىرى يېمەك - ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ. مۇچ، ئاچچىقسۇ، كاۋاپ، مانتا، پولۇ قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## باللار ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ يىغىلىش

ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ يىغىلىۋالغانلىقتىن ئۇرۇقدان خالتىسى سىرتىغا چىقىۋالىدىغان كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى

تەبىئەتىنىڭ ماددىنى شۇ تەرەپكە ھەيدىگەنلىكى ۋە ئۇرۇقدان خالتىسى مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

ئاۋاز چىقمايدۇ، ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ تېرىسى تارتىشىدۇ، پارقىرايدۇ. قولدا كۆتۈرسە ئېغىر سېزىلىدۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بەك يوغىناپ كېتىدۇ. مىدىرلاتسا سۇنىڭ بارلىقى بىلىنىدۇ، سۇيىدۇك ئاز كېلىدۇ.

داۋاسى

ئۇرۇقدان خالتىسىنىڭ مىزاجى بۇزۇلغاندىن بولسا مىزاج تەڭشىلىدۇ. ئىستىسقاغا تەدبىر قىلغاندەك تەدبىر قىلىنىدۇ. مەجۇنى كۇندۇر كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 گىرامغىچە يېيىشكە بېرىلىدۇ. زىرە، قارىمۇچ، ئاق توغرىغۇ، ھەببۇلغار قاتارلىقلاردىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، زەيتۇن يېغى ياكى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېڭىلىدۇ. گۇل ئەرمىنى، سەئدى كۇفى، ئارپا ئۇنى، زىرە، قوينىڭ كونا مايىقىنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، موزىنىڭ سۈيى ۋە سىركە بىلەن قوشۇپ چېپىلىدۇ. بەللۇت ياغىچىنىڭ كۈلى، كاللەكبەسەي ياغىچىنىڭ كۈلى زەيتۇن يېغى بىلەن چېپىلىدۇ.

## باللاردىكى چۇقۇق كېسىلى

چات ئارىلىقىدىكى سېرىقئەت يىرتىلىپ ئۈچەي، چاۋا ياكى يەل، سۇ چۈشۈۋالىدىغان كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى

قاتتىق ۋارقىراش، ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈش، قاتتىق ئىنجىقلاشتىن بولىدۇ.

## ئۆچەي چۇقۇقى

**ئالامىتى**

يىرتىلغان جايغا ئۈچەي چۈشىدۇ، كىرگۈزۈش قىيىن بولىدۇ. ئىششىق ئاستا - ئاستا يوغىناپ، چۈشكەن ئۈچەي تولغىشىپ قېلىپ، ئۈچەي توسۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**داۋاسى**

ئالدى بىلەن ئۈچەينى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، جاۋارىش كۇمۇنى كۈنىدە ئىككى قېتىم، 3 ~5 گىرامغىچە يېيىشكە بېرىلىدۇ. ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بابۇنە يېغىنى قىزىتىپ ياغلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكى دورىلارنى چۇقۇق بار ئورۇنغا سۈركەپ تېڭىپ قويۇلىدۇ. ئەنزىرۇت، قارىغاي يوپۇرمىقى، پىرسىياۋشان، رۇسۇت، مەستىكى رۇمى، ئاقاقىيا، زەمچە، ئارچا مېۋىسى، سەبرە سۇقۇتىرى، كۇندۇر، جويۇز، مۇرمەككى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، بېلىق يېغىدىن 18 گىرام قوشۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

قىيمىلىق تاماق، قازان نېنى، ئامۇت قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## چاۋا چۇقۇقى

**ئالامىتى**

باسقاندا كوكىراش بولمايدۇ، قاتتىق بولىدۇ. ئۈچەي چۇقۇقى بىلەن ئوخشاش داۋالىنىدۇ.

## يەل چۇقۇقى

**ئالامىتى**

سىرتىغا تېز ۋە چوڭ چىقىۋالىدۇ، باسقاندا ئاسانلا يوقاپ كېتىدۇ. ئەمما تولا كوركىرايدۇ.

داۋاسى

يەلنى سىگدۈرگۈچى دورىلار بېرىلىدۇ. جاۋارىش كومۇنى كۈندە 3 ~ 5 گىرامغىچە يېيىشكە بېرىلىدۇ. ئېگىر، مەرزەنجۇش، سۇزاپ، جۇۋىنە، پىنە، چاگگاك قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ ئىچىشكە ۋە سۇركەشكە بېرىلىدۇ. يەللىك يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

## سۇلۇق چوقۇق

ئالامىتى

سۇ ئۇرۇقدانغا چۈشىدۇ. ئۇرۇقدان قىپىدا سۇنىڭ لىغىلداپ تۇرغانلىقى ۋە تېرىنىڭ سۇزۇكلۇكى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

داۋاسى

ئارپا ئۇنى بىلەن كالا يۇگىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇرۇقدانغا چېپىلىدۇ. سۇنى كۆپ ئىچىش چەكلىنىدۇ.

# باللاردىكى تېرە كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى ئاقكېسەل

كىچىك باللارنىڭ تېرە يۈزىدە پەيدا بولىدىغان قېنىق ئاق رەڭلىك داغدىن ئىبارەت.

**سەۋەبى**

ئەزالار مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىرسىيەت، ماددىلىق ھۆل سوغۇقنىڭ قانغا ئارىلىششى، بەدەندىكى ئۆزگەرتكۈچى قۇۋۋەت ئاجىزلاپ، ماددىلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى، جاراھەتلەرنىڭ ئىزى قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ.



**ئالامىتى**

ئاقكېسەل بولغان ئورۇن ئاق، پارقىراق بولىدۇ، تۇتقاندا سىلىق بىلىنىدۇ. تېرىدىن ئېنىق پەرقلىنىدۇ. كېسەل پەيدا بولغان ئورۇندىكى تۈكلەرمۇ ئاقىرىدۇ. يىڭنە سانجىسا ئاق رەڭلىك سۇيۇقلۇق چىقىدۇ.

**داۋاسى**

ماددىلىق ھۆل سوغۇقتىن بولغىنىنى داۋالاشتا، قويۇق بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىجىنى بېرىپ، ماددا پىشقاندىن كېيىن مۇسھىلى بېرىلىدۇ. ياۋا ئۈزۈم، ياۋا پىياز، پوستى بىخ كەبىر، ئاقىرقەرھا، ئاق خەربەق، قارا خەربەق، قىزىل زەرنىخ، بۆرە ئەرمىنى، شەترەنجى ھىندى، زۇپتى رۇمى، ھاك، ئاق يەر تۇزى، سىيەھ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، قىزىل قىچىدىن 30 گىرام ئېلىپ، دورىلارنى ئۆتكۈر سىركىدە يۇغۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ. ئۈزۈم،

شاھتەررەنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، قارا ھېلىلىدىن 30 گىرام، خىيارشەنبەر، سېرىق ھېلىلە پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام، تۇربۇتتىن 12 گىرام ئېلىپ، خىيارشەنبەرنى ئايرىم قايناق سۇغا چىلاپ شىرىنىسىنى چىقىرىپ، يۇقىرىدىكى دورىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن ئايارەج لوغازىيا، ئىترىفىل كەبىر، تەرياقى مەسرۇدىتۇس، ئىترىفىل ھامان قاتارلىقلارنىڭ بىرى تاللاپ بېرىلىدۇ. ھارارەت پەيدا قىلغۇچى زىرە، پىننە، پىلپىل، زەنجىۋىل قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار سېلىنغان غىزالار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى سۇس ئاق داغ كېسىلى

بەدەننىڭ خالىغان يېرىدە، كۆپىنچە بەدەننىڭ بىر تەرىپىدە تاق ھالەتتە پەيدا بولىدىغان، دائىرىسى كىچىك، شەكلى يۇملاق ياكى سوقىچاق ھالەتتە كېلىدىغان كېسەللىك.



سەۋەبى

مىزاجىنىڭ ماددىلىق ـ ماددىسىز بۇزۇلۇشىدىن ئۆزگەرتكۈچى قۇۋۋەت ئاجىزلاپ كېتىش، خىلتلار تەكپۇكلۇقى ئۆزگىرىش، ھەر خىل قاننى سۇۋۇتقۇچى ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

سۇس ئاق، يۇلتۇزسىمان بولىدۇ، كېپەكلىشىدۇ، قىچىشىدۇ، تۈك ئاقارمايدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ماددىنى تازىلىغۇچى خىلتلار تەكپۇكلۇقىنى تەڭشەپ، قاننى قىزىتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. خىلتلارنى تەڭشەش ئۈچۈن

مۇنزىج، مۇسهل بېرىلىدۇ. رۇمبەدىياندىن بەش گىرام، كەرەپشە ئۇرۇقى، بابۇنە، سانا، سۆئۈتەرنىڭ ھەربىرىدىن 13 گىرام، قۇستە، سۇزاپ، شەترەنجى، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ۋاسالغۇ ئۇزۇمدىن 60 گىرام، سىيادانىدىن 12 گىرام، سۇدىن 2.5 لىتىر ئېلىپ، دورىلارنى سۇس ئوتتا قاينىتىپ، ھەسەلدىن 200 گىرام قوشۇپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 ~ 15 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مەتبۇخى ئەپتىمۇن كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. زەرنىختىن ئۈچ گىرام، سامساقتىن ئالتە گىرام، سىيادان، پىيازنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، سىركىدىن 60 مىللىلىتىر ئېلىپ، دورىلارنى سوقۇپ، سىركىگە چىلاپ، داكا بىلەن سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىنى نۆشۇدۇر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاق داغ بار ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. نۆشۇدۇردىن 100 گىرام، پەرپىيون، ئاقىرقەرھانىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، شاكىلىدىن ئايرىلغان قىزىل ئابدىمىلىكتىن 33 گىرام، كۈچۈلا يېغىدىن 600 گىرام ئېلىپ، ئابدىمىلىكنى سوقۇپ خېمىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ، باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، كۈچۈلا يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلاپ، ئاق داغ بار ئورۇنغا سۈركىلىدۇ.

كىيىم - كېچەكنى پاكىز تۇتۇلىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك، يەللىك، غىدىقلىغۇچى يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## بالىلاردىكى ھۆل تەمرەتكە

بوۋاقلاردا كۆرۈلىدىغان، كۆپىنچە يۈزدە پەيدا بولىدىغان تەمرەتكە شەكىللىك تېرە قاپارتمىسىدىن ئىبارەت.

### سەۋەبى

قان خىلتىنىڭ ئوفۇنەتلىنىشى، ئۆتكۈر ئىسسىقلىقنىڭ قان خىلتىغا تەسىر قىلىشى، سارغۇچ رەڭلىك سەپرا خىلتى ۋە بەلغەمى شور، ئىرسىيەت ئامىلى قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

ئەسۋە پەيدا بولۇپ قاتتىق قىچىشىدۇ. تاتىلىسا كېپەك ئۆرلەيدۇ، قاشلىغانسېرى تېخىمۇ قىچىشىپ ئارام بەرمەيدۇ. بالىنى ئىسسىق يۆگىسە قىچىشىش تېخىمۇ ئېغىرلايدۇ، ياللۇغلانسا بالىدا قىزىتما پەيدا بولىدۇ.

داۋاسى

قانىنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىپ، ياللۇغ قايتۇرۇش ئۇچۇن چارە قىلىنىدۇ. مەتبۇخى شاھتەررە كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 ~ 100 مىلىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەرقى كاسنە كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 ~ 100 مىلىلىتىرغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

سارغۇچ رەڭلىك سەپرا خىلىتىدىن بولسا سەپرانىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بېرىلىدۇ. قاننى تازىلاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، قىچىشىشنى پەسەيتىش ئۇچۇن قۇرسى شاھتەررە كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 دانىغىچە تاماقتىن كېيىن بېرىلىدۇ. ھەببى كىبرىت كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 دانىدىن تاماقتىن كېيىن ئەرقى كاسنە، ئەرقى چۆپچىن بىلەن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىترىفىل كەبىر كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~7 گىرامغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مامىرانچىنىدىن 30 گىرام، سۇ كۆرمىگەن زەمچىدىن 12گىرامنى سوقۇپ، كۈنجۈت يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ.



## باللاردىكى قوتۇر

دائىم قىچىشىپ ئازابلايدىغان، بىر - بىرىدىن يۇقۇپ تارقىلىدىغان كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى

بۇزۇلغان قان ۋە بەلغەمى شور سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

قول بارماقلىرى ئارىسىدا ئۇششاق مۇدۇر پەيدا بولىدۇ. سېرىقسۇ چىقىپ، قاتتىق قىچىشىدۇ.

داۋاسى

ماددا تەڭشىلىدۇ، قان تازىلىغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. مەتبۇخى مائۇلجەبىن كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مەتبۇخى ھېلىلە كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مەتبۇخى خىيارشەنبەر كۈندە ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 ~ 5 مىللىلىتىرغىچە ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مەجۇنى بىنەپشە كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 گىرامغىچە يېيىشكە بېرىلىدۇ. قارىئۆرۈك مېغىزى، تەمرىھىندى مېغىزىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام، سىماب كۇشتىسىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كۈنجۈت يېغى ۋە قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركەپ بېرىلىدۇ.

كىيىم - كېچەكلىرىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ قايناق سۇغا بېسىش، يوتقان - كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىش، يەل پەيدا قىلغۇچى يېمەك - ئىچمەكتىن پەرھىز قىلدۇرۇش كېرەك.

## بالىلاردىكى يەلتاشما

قىزىل رەڭلىك مۇدۇر ياكى ياپىاق - ياپىاق تاشما چىقىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تېرە كېسىلىدىن ئىبارەت.

سەۋەبى

سارغۇچ رەڭلىك سەپرا، كۆدە سۈيى رەڭلىك سەپرا، قان خىلتىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىش، ئۆتكۈر غىدىقلىغۇچى ئامىللار، ئىرسىيەت ئامىللىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئالامىتى

تېرە قىچىشىدۇ، ئاندىن يەلتاشما پەيدا بولىدۇ. رەڭگى سۇس قىزىل، تاتارغان بولىدۇ ياكى تېرە رەڭگىدە بولىدۇ. ئەتراپىدا قىزىل داغ بولىدۇ. ئىزى قالمايدۇ. بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ بىر كۈندە بىر نەچچە قېتىم قوزغىلىدۇ.

داۋاسى

سارغۇچ رەڭلىك سەپرادىن بولسا سەپرانىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بېرىلىدۇ. شاھتەررە، يالپۇز، ھەمىشباھار ئۇرۇقى، ئەمەن، خەشخاش پوستى، بىخسۇس، كاھۇ ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 25 گىرام ئېلىپ، 1500 مىللىتىر سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈيى بىلەن يەرلىك ئورۇن يۇيۇلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن قۇرسى شاھتەررەدىن كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 دانىغىچە بېرىلىدۇ.

كۆدە سۈيى رەڭلىك سەپرادىن بولسا سەپرانىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بېرىلىدۇ. چۆپچىن، خەشخاش پوستى، ئەمەن، شاھتەررە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، كاھۇ ئۇرۇقى، يالپۇزنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، بىخسۇستىن 25 گىرام ئېلىپ، 1500 مىللىلىتىر سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، يەرلىك ئورۇن كۈندە ئىككى قېتىم يۇيۇلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن ھەببى شىپا كۈندە ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 ~5 دانىغىچە بېرىلىدۇ.



## باللاردىكى زاكا يارىسى

بوۋاقلارنىڭ زاكا لاتىسى بىۋاستە تېگىپ تۇرىدىغان ئورۇندا پەيدا بولىدىغان، يەرلىك ئورۇندا چەكلىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، قىز بوۋاقلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى

ھەزىم بۇزۇلۇش، ماددىسىز ھۆللۈكتىن مىزاج بۇزۇلۇش، سىرتقى غىدىقلىنىش، يەرلىك ئورۇن تازىلىقىنىڭ پاكىز بولماسلىقى، زاكىنىڭ پاكىز، يۇمشاق بولماسلىقى، داۋاملىق ھۆل تۇرۇشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

سىرتقى جىنسىي ئەزا، ساغرا، دۈۋسۈن قاتارلىق زاكا لاتىسى بىۋاستە تېگىپ

تۇرىدىغان ئورۇنلاردا قىزىل داغ، شورلۇق قاپارتما، شەلۋەرەش، يەڭگىل دەرىجىدىكى يارا، يىرىڭلىق قاپارتمىلار پەيدا بولىدۇ.

داۋاسى

ھەزىمنى ياخشىلاپ، ھۆللۈكنى قۇرۇتقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئامىلە نۇشدارى، جاۋارىش ئامىلەنىڭ بىرى كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 گىرامغىچە يېيىشكە بېرىلىدۇ. ئەرقى بەدىيان كۈندە ئۈچ قېتىم ھەر قېتىمدا 5 ~ 10 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ. مامرانچىنىنى قاينىتىپ يەرلىك ئورۇن يۇيۇپ بېرىلىدۇ. ئانار گۈل، قىزىلگۈلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، زەمچىدىن 25 گىرام، ئانار پوستىدىن 100 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، يەرلىك ئورۇنغا سېپىلىدۇ.

زاكا پات - پات كۈن نۇرىغا قاقلاپ تۇرۇلىدۇ ۋە پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ، زاكا ئاق رەڭلىك پاختا رەختتىن تەييارلىنىدۇ.

## باللاردىكى باش تەمرەتكىسى

باش تېرىلىرىگە ئۇششاق مۇدۇرلار چىقىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى

مىزاج بۇزۇلۇش، خىلتلار ئۆزگىرىش، زەھەرلىك جاراسىملاردىن بولىدۇ، لۆڭگە، تاغاق، چاچ ئېلىش ۋە ياساش سايمانلىرىنى ئورتاق ئىشلىتىش ئارقىلىق يۇقىدۇ.

تەمرەتكە سېرىق تەمرەتكە، ئاق تەمرەتكە، قارا تەمرەتكىدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

### سېرىق تەمرەتكە

ئالامىتى

ئالدى بىلەن ئۇششاق مۇدۇرلار پەيدا بولۇپ قىچىشىدۇ. تاتىلسا سېرىقسۇ

چىقىپ جاراھەتكە ئۈزگىرىدۇ ۋە قۇرۇق سېرىق قاقاچ باغلاپ، سېرىقسۇ چىقىپ، مىچىلداپ تۇرىدۇ. چاشقان سۈيدۈكىدەك سېسىق پۇرايدۇ. دائىرىسى كېڭىيىپ باشنىڭ ھەممە يېرى تاتۇق بولۇپ، تاز بولۇپ قالىدۇ.

### داۋاسى

بۇزۇق قان ۋە ماددا تازىلىنىدۇ. گۈلسەۋسەن يىلتىزى، زەرچىۋە، سىركە، ئاچچىق بادام مېغىزى، گۈل يېغى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، موزا، ھەببۇلئاس، ئۇدخام، ئانارگۈل، ئاق تۇز (كۆيدۈرۈلگىنى) قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، قەنبىلدىن ئالتە گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. مەتبۇخى ھېلىلە، ھەببى كىبرىت بېرىپ، مەلھىمى كىبرىت سۈركىلىدۇ.

## ئاق تەمرەتكە

### ئالامىتى

تېرىدىكى ياللۇغ ئېنىق كۆرۈنمەستىن، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان يۇملاق شەكىللىك داغ كۆرۈنىدۇ، كۈل رەڭ، ئاق رەڭلىك كېپەك تۆكۈلىدۇ. ئاق تەمرەتكە كۆپىنچە ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ كېتىدۇ. ساقايغاندىن كېيىن تاتۇق قالمايدۇ.

### داۋاسى

كېسەللىك ماددىسىنى سۈرۈپ چىقىرىپ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ. تاتلىق بادام يېغى، بىنەپشە سۈيى، ئاق لەيلى ئۇرۇقىنىڭ لۇئابى، زىرە لۇئابى، توخۇ، ئۆردەك يېغى، قاپاق ئۇرۇغى يېغى، ئاق موم قاتارلىقلارنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، بادام ۋە قاپاق يېغىدا توخۇ ۋە ئۆردەك ياغلىرى ۋە مومنى ئېرىتىپ، قالغان دورىلارنى ئۈستىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئارقىدىن بىنەپشە سۈيىنى قۇيۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ، كۆپۈكى دەريانى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا چېپىلىدۇ.

ھەمشىباھارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ قايىنتىپ باش يۇيۇپ بېرىلىدۇ. مەتبۇخى شاھتەررە، مەتبۇخى ئەپتىمۇن ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

### قارا تەمرەتكە

**ئالامىتى**

تېرىدە قىزىل، قاتتىق قاپارتمىلار پەيدا بولۇپ، قىچىشىدۇ، تېرە بارغانسېرى قۇرۇپ، ئۈستى قارامتۇل قاسراقلىق شەكىل ئالىدۇ. ساق تېرە بىلەن سىزىق تارتقاندەك ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بالىلار ۋە چوڭلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپ، تەمرەتكە بار ئورۇن بۇغداي يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ، سىركە، توخۇ يېغى، موم يېغى، سەبرە، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى قاتارلىقلارنىڭ بىرى ياكى بىر قانچىسىنى قوشۇپ تەمرەتكە بار يەرگە سۈركىلىدۇ. ئۇشەق، كۇندۇر، زەرچۇۋە، قەردەمانىلەرنى باراۋەر مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ. مەتبۇخى ئەپتىمۇن، مائۇلجەبىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، تاماق قاچىلىرىنىمۇ ئايرىۋېتىلىدۇ.

## بالىلاردىكى دائىرىلىك چاچ چۈشۈش

مەلۇم ئورۇندىكى چاچ دائىرىلىك چۈشىدىغان بىر خىل كېسەللىكتۇر.

**سەۋەبى**

تەمسىز بەلغەم خىلتى، سەۋدا خىلتىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىش، سارغۇچ رەڭلىك سەپرا خىلتى، قويۇق قان خىلتى ۋە باشقا ئامىللاردىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

چاچ چەكلىك دائىرىدە دۆگىلەك ياكى سوقچاق شەكىلدە تۇيۇقسىز چۈشۈپ كېتىدۇ، چاچ چۈشۈش دائىرىسى ئوخشاش بولمايدۇ.

داۋاسى

تەمسىز بەلغەم خىلىتىدىن بولسا بەلغەم خىلىتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بېرىلىدۇ. مەجۇنى سەۋىم كۇندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ گىرام بېرىلىدۇ. ئىترىفىل كەبىر كۇندە ئىككى قېتىم ھەر قېتىمدا ئىككى گىرامدىن بېرىلىدۇ. ئاقىرقەرھا، قىچا ئۇرۇقى، پەرپىيوننىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، كالىنىڭ يىلىكىگە ئارىلاشتۇرۇپ چاچ چۈشكەن ئورۇنغا چېپىلىدۇ. ئۈچ گىرام كىبرىت تالقىنى 10 گىرام زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاچ چۈشكەن ئورۇنغا چېپىلىدۇ. سەۋدا خىلىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولسا سەۋدا خىلىتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بېرىلىدۇ. جاۋارىش ئامىلە ياكى ئامىلە نۇشدارى كۇندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ گىرام بېرىلىدۇ. قىچا، پەرپىيون، گۈڭگۈرت پوقى، مېھرىگىياھ، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ، تۇرۇپ سۈيى ۋە كونا زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا چېپىلىدۇ. سارغۇچ رەڭلىك سەپرا خىلىتىدىن بولسا سەپرانىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بېرىلىدۇ. ئىترىفىل كەشنىز كۇندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى گىرام بېرىلىدۇ. ئامىلە مۇرابباسى ياكى ھېلىلە مۇراببىاسى كۇندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى گىرام بېرىلىدۇ. سېرىق ھېلىلە بىلەن مۇزىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئاچچىق بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاچ چۈشكەن ئورۇنغا چېپىلىدۇ. قويۇق قان خىلىتىدىن بولسا قان سۈيۈلدۈرگۈچى، قان تازىلىغۇچى دورىلاردىن مەتبۇخى شاھتەررە ۋە ئەرقى مۇرەككەپ كۇندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 مىللىلىتىرغىچە بېرىلىدۇ. سوقۇلغان قىچىنى قارىغاي يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيى ۋە چاكاندا قاينىتىلمىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ چاچ چۈشكەن ئورۇن يۇيۇلىدۇ. باشقا ئامىللاردىن كېلىپچىققان بولسا سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، سەۋەبىنى يوقىتىشقا چارە قىلىنىدۇ.

سۇيۇق - سەلەڭ، سىڭىشلىك غىزالار بېرىلىپ، قورۇق - ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەردىن چەكلىنىدۇ.

## باللاردىكى قىچىشقاق كېسىلى

تېرىنىڭ يۇمران، نېپىز، قاتلىنىدىغان ئورۇنلىرىدا ئۇششاق مۇدۇرلار پەيدا بولۇپ، قاتتىق قىچىشىدۇ، قاشلىسا ئىچىدىن سۇ چىقىدۇ.

### سىۋەبى

ئۆتكۈر ئىسسىقلىقنىڭ قان خىلتىغا تەسىر قىلىشى، قىچىشقاق سالجا قۇرت جاراسىمىنىڭ سىرتقى تەرەپتىن تەسىر قىلىشى، قان خىلتىنىڭ ئۇفۇنەتلىنىپ قان ئايلىنىش ئارقىلىق تېرە ۋە تېرە توقۇلمىلىرىغا تەسىر قىلىشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

قول بارماقلىرى، بېغىش، جەينەك ئويمىنى، قولتۇق، ئەمچەك ئاستى، كىندىك ئەتراپى، بەل، تۆۋەنكى قورساق قىسىملىرى، يوتا ئىچكى تەرىپى، سىرتقى جىنسىي ئەزا قاتارلىق ئورۇنلاردا كۆرۈلۈپ پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىدۇ. قىچىشىش كېچىسى كۈچىيىدۇ. باش تېرىسى ۋە يۈز قىسىملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

### داۋاسى

قان تازىلاپ، ياللۇغ قايتۇرۇپ، قىچىشىشنى پەسەيتىشكە چارە قىلىنىدۇ. مەتبۇخى ئەپتىمۇن كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 مىللىلىتىردىن ئىچكۈزۈلىدۇ. مەتبۇخى شاھتەررە كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 مىللىلىتىردىن ئىچكۈزۈلىدۇ. قۇرسى كىبرىت كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 ~3 دانە يېگۈزۈلىدۇ. چۆپچىن، شاھتەررە، خەشخاش پوستى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 25 گىرام، ئەمەندىن 20 گىرام، كاۋاۋىچىندىن 150 گىرام، قەلەمپۇردىن 10 گىرام، موزىدىن 12 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۈيىدە يەرلىك ئورۇن كۈنىگە بىر قېتىم يۇيۇلىدۇ.

بىمار تۇزلۇغان گۆش، تۇزلىغان بېلىق، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

# باللاردىكى ئۆزۈقلۇققا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر

## باللاردىكى قان ئازلىق

بۇ، كىچىك باللاردا قان مىقدارى ۋە قان تەركىبىنىڭ تولۇق بولماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئەمچەك ۋە يەسلى يېشىدىكى باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى**

ئۆزۈقلۇق يېتىشمەسلىك، ئاشقازان، ئۈچەي، تال، جىگەر خىزمىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، سوزۇلما كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش، يېڭى تۇغۇلغان باللاردا كۆرۈلىدىغان ئۆزلۈكىدىن قاناش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، كۆز تورلىشىش، قۇسۇش، يۈرەك ۋە تومۇر ھەرىكىتى تېزلىشىش، چىرايى تاتىرىش، ئىشتىھاسىزلىق، دېمى سىقىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

قايسى سەۋەبتىن كېلىپچىققان بولسا شۇ سەۋەبكە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. قان كۆپەيتكۈچى، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى، قاناشنى توختاتقۇچى، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن مەجۇنى ماددەتۇلھايات، شەربىتى پەنجنۇش، تاتلىق ئانار شەربىتى، شەربىتى زەبىب، ھالۋائى بەيزە ۋە ھەر خىل مېۋە شەربەتلىرى باللىنىڭ يېشى ۋە ئەمەلىي

ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. سوزۇلما قاناش ۋە ئىچكى ئەزالاردىن قان كېلىشتىن بولسا، ئالدى بىلەن شەربىتى ئەنجىبار، قۇرسى كەھرىۋاغا ئوخشاش قان توختاتقۇچى دورىلارنى بېرىپ، ئاندىن يۇقىرىدا سۆزلەنگەن قان كۆپەيتكۈچى دورىلار ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

بىمارغا ئوزۇق قوي گۆشى ۋە قوي جىگىرى، تۇخۇم قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، قان كۆپەيتكۈچى يېمەك - ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى راخىت كېسىلى

بۇ، سۆڭەكنىڭ تەبىئىي سۈپەتتە قاتماسلىقى ۋە نورمال ئۆسۈپ يېتىلمەسلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ئادەتتە ئۈچ ياشتىن تۆۋەن ۋە ئېبىغا توشماي تۇغۇلغان باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.



سەۋەبى

ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، سوزۇلما كېسەللىكلەر ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

دەسلەپكى دەۋرىدە ئاشقازان ئاجىزلىشىدۇ. كۆپ تەرلەيدۇ، باشنىڭ ئارقىسىدىكى چاچلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ. كۆپ يىغلايدۇ، ئۇخلىيالمايدۇ. تۇغۇلۇپ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بېشى چوڭىيىپ كېتىدۇ. باش سۆڭەكلىرى بوشاپ باسسا لۆمۈلدەيدۇ. قولنىڭ بېغىش بوغۇملىرى، پۇت ئوشۇقلىرى، قوۋۇرغىلارنىڭ بوغۇملىرى يوغىنايدۇ. بەزىلىرى تاش مايماق، بەزىلىرى ئىچ مايماق بولىدۇ. كېچىكىپ ماڭىدۇ. چىش كېچىكىپ چىقىدۇ، ھەتتا بەزىلىرىدە ئۈچ يېرىم ياشقا

كىرسىمۇ چىشى تولۇق چىقمايدۇ، چىشنى ئوڭاي قۇرت يەيدۇ. بەدەن گۆشلىرى يۇمشاق، ئاجىز بولۇپ، ياخشى تەرەققىي قىلمايدۇ. قورسىقى بوششىپ تومپىيىپ قالىدۇ. ئەقلىي تەرەككۇرى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا ۋە تۇراقسىز بولىدۇ. تولا بىئارام بولىدۇ. نەپەس قىيىنلىشىدۇ، يۈرەك كېڭىيىدۇ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ. جىگەر ۋە تال يوغىنايدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەر بوششىدۇ. كۆنسىرى ئورۇقلايدۇ.

داۋاسى

ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئومۇمىي بەدەن قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ. بەدەننى سەمرىتكۈچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتتىكى دورىلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، بەدەن مىزاجى تەڭشىلىدۇ. سۆڭەكنىڭ ماددىسىنى تولۇقلاپ، سۆڭەك چىڭىتىلىدۇ ۋە كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك يەككە دورىلاردىن باقلىلە، خورما، بادام، نوقۇت، خاسىڭ، نارجىل، چىلغوزا، پىندۇق، قىزىل ئۈزۈم قاتارلىقلار، قۇرۇق ـ سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلاردىن فۇپەل، تېرىق، ھېلىلە، بېھى، مېھرىگىياھ، تۇخۇم شاكىلى قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك مۇرەككەپ دورىلاردىن ماددەتۇلھايات، ھالۋائى بەيزە، لوبوبى كەبىر، لوبوبى سەغىر، مائۇللەھمى، شەربىتى زەبىب، مەجۇنى بۇزۇرى قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

غىزاسىغا كاللا ـ پاچاق شورپىلىرى، ھايۋانات جىگىرى، ياش پاقلاننىڭ مېڭىسى، قوي گۆشى، ھەر خىل مېۋىلەر، مەخسۇس دۇملەپ قاينىتىلغان سۆڭەك شورپىلىرى بېرىلىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت بىر خىل غىزا بىلەن بېقىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىدۇ. ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن بىرگە مۇۋاپىق كۈن نۇرىغا قاقلىنىدۇ. بۆشۈككە بۆلەش، يۆگەككە يۆگەش، كۆتۈرۈش ۋە ھەرىكەت قىلدۇرۇش قاتارلىقلاردا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ سۆڭەكنىڭ غەيرىي يېتىلىپ، مېيىپ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

## باللاردىكى زىيادە سېمىزلىك

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوزۇقلۇقلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بەدەننىڭ زۆرۈر بولغان ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپچىققان پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىك.

**سەۋەبى**

ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى يۇقىرى بولغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىش، ئاز ھەرىكەت قىلىش، ئىرسىيەت قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

ئىشتىھاسى كۈچىيىدۇ. تاتلىق نەرسىلەر ۋە يۇقىرى مايلىق يېمەكلىكلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، نەپەس قىستايدۇ، كۆكرىدۇ، پۇت - قوللار ئاغرىيدۇ، يۈرەك چوڭىيىدۇ ياكى ئاجىزلايدۇ. يالغۇزلۇقنى خالايدۇ. ئۆزىنى كەمسىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.



**داۋاسى**

ئالدى بىلەن بالىنىڭ مىزاجى تەڭشىلىدۇ، ئاندىن ئورۇقلىتىش ئۈچۈن سۈيدۈك ۋە چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. قۇستە يېغى، سېرىقچېچەك يېغى بىلەن پۈتۈن بەدەن ياغلىنىدۇ. بوزۇغا، ئېگىر، جويۇز قاتارلىقلارنى بەدەنگە سۈركەپ ئۇۋۇلىنىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن ئىتىرىفىل نانخا قاتارلىق دورىلار ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ. ئاز ئوخلىتىلىدۇ. ئىرسىيەت ئاملى سەۋەبىدىن بولسا، باشقا سەۋەبتىن بولغان سېمىزلىكنى داۋالاش پرىنسىپى بويىچە داۋالىنىدۇ.

غىزاسىغا كەرەپشە، تەرخەمەك، تۇرۇپ، سەۋزە قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. زىيادە ھۆللۈك پەيدا قىلىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## باللاردىكى زىيادە ئورۇقلۇق

بۇ، ھەر خىل سەۋەبلەردىن ئوزۇقلۇقلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بەدەننىڭ زۆرۈر بولغان ئېھتىياجىدىن تۆۋەنلەپ كېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپچىقىدىغان پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىك.

سەۋەبى

ئانا سۈتىنىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى ئەمچەكتىن ئايرىغاندىن كېيىنكى ئوزۇقلۇقنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، ئۇزۇن ۋاقىت ئېغىر كېسەل بولۇش، قىزىتما ئۆرلەش، ھەر خىل ئۈچەي قۇرت كېسەللىكلىرى، ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ تەرتىپسىزلىكى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

يېنىك دەرىجىدىكى ئورۇقلۇقتا ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ ۋە روھسىزلىنىدۇ. چوڭ تەرەتى سۇيۇق كېلىدۇ. قورساق كۆپىدۇ، بەزىدە قورساق ئاغرىيدۇ. ئەگەر ئۈچەيدە قۇرت بولسا چىشىنى غۇچۇرلىتىدۇ. ئۇيقۇسى ياخشى بولمايدۇ، تەدرىجىي ئورۇقلايدۇ. ئېغىر دەرىجىدىكى ئورۇقلۇقتا رەڭگى تاتىراڭغۇ، چاچلىرى شالاڭ، بوينى ئىنچىكە، تېرىسى قۇرغاق، قورسىقى چوڭ ۋە قاتتىق بولىدۇ. بەزىدە قەۋزىيەت، بەزىدە ئىچى سۈرۈش بولىدۇ. بەزىدە ئىششىيدۇ. نامازشام قارىغۇچى بولىدۇ. بەزىدە قالايمىقان سۆزلەيدىغان، تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە قۇلىقى قانايدۇ.



داۋاسى

ئورۇقلۇق ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كېسەللىك بولماستىن ئوزۇقلۇق

يېتىشمەسلىكىنىڭ ئۇيادىسى بولۇپ، داۋالاشتا سەۋەبىنى يوقىتىشقا تىرىشچانلىق قىلىنىدۇ. ئەگەر ئانا سۈتىنىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى ئەمچەكتىن ئايرىغاندىن كېيىنكى ئۇزۇقلاندۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن بولسا، ئانا سۈتىنى كۆپەيتىشكە تەدبىر قىلىش بىلەن بىرگە بالىغا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بېرىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل ئېمىتىش ئارقىلىق ئۇزۇقلۇق تولۇقلانغاندىن كېيىن قايتا ئەمچەكتىن ئايرىلىدۇ. ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەك - ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل بولۇش سەۋەبىدىن بولسا ئەسلي كېسەللىكنى ئوبدان داۋالاپ ساقايغاندىن كېيىن بەدەننى سەمرىتىدىغان، ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە دورىلار بېرىلىدۇ. ئۈزۈم شىرنىسىنى يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە ئازراق بادام مېغىزى بىلەن قوشۇپ ئىچسە سەمرىشكە ياردەم بېرىدۇ. سۆئلەپ، گۈلدارچىن، زەنجىۋىل، بوزىدان، سىيادان، دارچىن، شاقاقۇل، زەپەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، بادام مېغىزى، شېكەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 480 گىرام، كۈنجۈت يېغىدىن 60 گىرام، گۈلابتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە ھالۋا تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ھەر خىل ئۈچەي قۇرتى كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن بولسا شۇ خىل كېسەللىككە قارىتا ياخشى داۋالاش قىلىپ، كېسەللىك ساقايغاندىن كېيىن بەدەننى سەمرىتىدىغان، قۇۋۋەتلەيدىغان دورىلار بېرىلىدۇ. بادام مېغىزى، ئارپا، ئانار سۈيى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يالغۇز ياكى مۇرەككەپ قىلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، ئاشقازان خىزمىتىنى كۈچەيتكۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. توغرا بولغان يېمەك - ئىچمەك ئادىتى يېتىلدۈرۈلىدۇ. ۋاقتىدا ئۇزۇقلاندۇرۇلىدۇ. ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، سىپارىنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام، زەرنىخىتىن توققۇز گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇفۇپ تەييارلاپ، ئەھۋالغا قاراپ قايناق سۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇزۇقلۇق ماددىلارنىڭ بەدەنگە سۈمۈرۈلۈشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن پات - پات مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ھاۋالىق جايلاردا سەيلە - ساياھەت قىلدۇرۇلىدۇ. قاتتىق ھېرىپ - چارچاشتىن ۋە ئاچ - توق قېلىشتىن ساقلىنىدۇ.

# باللاردىكى ھەرىكەت ئەزا كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى بوغۇم ياللۇغى

بوغۇملار ھەرىكەتتە توسقۇنلۇققا ئۇچراش ۋە ياللۇغلىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قىش كۈنلىرى كۆپ قوزغىلىدۇ.

سەۋەبى

سوغۇقتىن مىزاج بۇزۇلۇش، قاتتىق سوغۇقتا قېلىش، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ.



ئالامىتى

يەرلىك ئورۇن قىزىرىپ ئىششىش، ئاغرىش، ھەرىكەتتە توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ياللۇغلىنىش كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

ماددا تەڭشىلىدۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بېرىلىدۇ. تۇربۇت، قەنتنىڭ ھەربىرىدىن 0.2 گىرام، ھېلىلە كابۇلى، كاھۇ ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، ئەنزىرۇتتىن 0.3 گىرام ئېلىپ سوقۇپ تەييارلاپ، كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا بىر قوشۇقتىن ئىچۈرۈلىدۇ. خەشخاشتىن 0.5 گىرام، ئىتىياڭنىڭ ئۇرۇقىدىن 0.2 گىرام، كاھۇ سۈيىدىن 5مىللىلىتىر ئېلىپ بىرلىكتە سوقۇپ، يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىنىدۇ.

# باللاردىكى بوغۇم ئاغرىقى

بۇ، جەينەك، بىلەك چوڭ بوغۇملىرى، تىز، پاچاق، ئوشۇق، شۇنداقلا بوغۇملارنىڭ توقۇلما ۋە شىللىق پەردىلىرىدە كۆرۈلىدىغان ئىششىق ۋە ئاغرىقتىن ئىبارەت.

سەۋەبى

سوغۇق ئۆتۈش، يۇقۇملىنىش سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

كېسەللىك ئۇشتۇمتۇت باشلىنىپ بوغۇملار قىزىرىدۇ، ئاغرىيدۇ، ئاغرىق كۆچىيىپ، ئىششىق قاتتىقلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، قىزىتما بولىدۇ.



داۋاسى

مىزاجى تەڭشىلىدۇ. زەنجىۋىل، ئىگىر، ئاق قىچا، شەترەنجى ھىندى، ھىندى تۇزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام، ئاقىرقەرھا، قارىمۇچ، پىلپىل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام، سەبرىدىن 15 گىرام، تۇربۇتتىن 30 گىرام، شېكەردىن 12 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، شېكەر سۈيىدە ھەب قىلىپ، كۈندە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 ~2 تال بېرىلىدۇ. زەنجىۋىل، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، سۆرۈنجان قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ قاينىتىپ، 30 گىرام شىكەر بىلەن قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~5 گىرامغىچە بېرىلىدۇ. ياڭاق مۇرابباسى ئەتىگەن ۋە كەچتە تاماقتىن بۇرۇن يېگۈزۈلىدۇ. ئىگىرنى تۇخۇم سېرىقى بىلەن يۇغۇرۇپ تېڭىلىدۇ. بىنەپشە گۈلىنى سوقۇپ، كۈنجۈت يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنىدۇ.

## باللاردىكى مۇسكۇل يىگلەش

قول ـ پۇتلارنىڭ مۇسكۇللىرى يىگلەپ كېتىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىكتۇر.

### سەۋەبى

رەئىس ئەزالارنىڭ مىزاجى ئۆزگىرىش، تاماقنى ئاز يېگەنلىكتىن بەدەنگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، سوۋۇق ۋە يۇمشاق تاماقلارنى كۆپ يېيىش، بۇزۇق ۋە تەبىئەت خالىمايدىغان تاماقلارنى يېيىش، ئىچكى ئەزالاردا بىرەر كېسەللىك كۆرۈلۈش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

بەدەن مۇسكۇللىرى يىگلەيدۇ.



### داۋاسى

مادداى تەكشىلىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى، سەمرىتكۈچى دورىلار ۋە غىزالار بېرىلىدۇ. خەشخاش، چىلغوزا مېغىزى، ھەببى سەمنە، ھەببەتۇلخۇزرا، تاتلىق بادام مېغىزى، پىندۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، كالىنىڭ سېرىق مېيىدا ئېرىتىلگەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. كاۋا ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى، پوستى ئېلىنغان باقلىنىڭ ھەربىرىدىن تەڭ مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، پوستى ئاقلانغان ئارپا سۈيى، بادام يېغى، تاتلىق ئانار سۈيى قاتارلىقلاردا قايىنىتىپ بېرىلىدۇ. سۈتكە چىلاپ قۇرۇتۇلغان ئاق نوقۇتتىن 30 گىرام، پوستى ئاقلانغان ئارپا، گۈرۈچ، بۇغداي قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، قۇرۇق ناندىن 30 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، تاسقاپ، سۈتتە قايىنىتىپ قەنت ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ.

# باللار يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى

## باللاردىكى يۇقۇملۇق مېڭە پەردە ياللۇغى

بۇ، باللارنىڭ چاناق سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان، مېڭىنى ئوراپ تۇرغۇچى نېپىز پەردىنىڭ ياللۇغى بولۇپ، كۆپىنچە قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە كۆرۈلىدۇ. كىچىك باللاردا، بولۇپمۇ ئەمچەك يېشىدىكى باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.



**سەۋەبى**

بۇ كېسەللىكتە بەلغەم، سەۋدا، قان، سەپرا خىلتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ئەڭ چوڭ سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە كېزىك، قىزىل، چېچەك، تارقىلىشچان زۇكام قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىنمۇ كېلىپچىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇزۇلغان ھاۋادىن زەھەرلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ كېلىپچىقىدۇ.

### غەيرىي تەبىئىي بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى

**ئالامىتى**

باش قاتتىق ئاغرىيدۇ. تۆۋەن قىزىتما بولىدۇ، يۆتەل بولىدۇ. تىل ئۈستىدە ئاق گەز پەيدا بولىدۇ. تولا ئەسنەك تۇتىدۇ. ئەس - ھوشى تۇتۇقلىشىدۇ. بىئارام بولىدۇ. جۆيلۈش كۆپ بولمايدۇ. تومۇرى توم، ئاستا سوقىدۇ. ئۇيقۇ كۆپ بولىدۇ، ئۇخلىغاندا كۆزىنى ئېچىپ ئۇخلايدۇ. پۇت - قوللىرى مۇزلايدۇ.

داۋاسى

بەلغەم خىلتىنىڭ مۇنزىج، مۇسھىلى بىلەن بەدەن تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانا ۋە بالىغا ئەرقى بەدىيان، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى چۆپچىن قاتارلىق دورىلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر قىزىتما پەسەيگەن بولسا، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن داۋائىلمىشكى مۆتىدىل، خېمىرى مەرۋايىت، خېمىرى ئەۋرىشىم قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئەرقى بىدىمۇشكى، ئەرقى ئەۋرىشىم قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار پۇرىتىلىدۇ. كېسەللىك سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسا رۇمبەدىيان، بەدىيان يىلتىزى، كەرەپشە ئۇرۇقى، ئىزخىر، ئۇششاق ئۈزۈم، ئۇستىقۇددۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ، سۈزۈلگەن سۇيىگە 100 گىرام ھەسەل ياكى گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىركەنجىۋىل بۇزۇرى مۆتىدىلمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.



### غەيرىي تەبىئىي سەۋدادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى

ئالامىتى

بىمارنىڭ يۈز تېرىلىرى، كالپۇكى كۆكىرىدۇ. قىزىتما بولمايدۇ ياكى يېنىك بولىدۇ. نەپەس تېزلىشىدۇ. ھارارەت ئاز بولىدۇ ياكى بولمايدۇ. ئۇخلىغاندا تولا جۆيلۈيدۇ ياكى چىرقىرايدۇ. كۆپ يىغلايدۇ. ئۆزىدىن ئۆزى قورقىدۇ. تومۇرى بەزىدە قاتتىق، بەزىدە ئىنچىكە سالىدۇ.

داۋاسى

ئالدى بىلەن سەۋدا خىلتى تەڭشىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ داۋالاش قىلىنىدۇ. تاتلىق سىركەنجىۋىل بېرىش بۇ جەھەتتە مەنپەئەت قىلىدۇ.

## قاندىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى

### ئالامىتى

كېسەللىك قاتتىق ھارارەت بىلەن باشلىنىدۇ، كۆپ جۆيلۈيدۇ. كۆزى قىزىرىدۇ ۋە كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ. ئەس - ھوشى يوقىلىپ سەۋەبسىزلا تولا كۈلىدۇ. سۈيدۈكىنىڭ رەڭگى قىزىل بولىدۇ. تومۇرى چوڭ - چوڭ سالىدۇ. تولا بىئارام بولۇپ تۇرىدۇ.

### داۋاسى

كىچىك باللاردىن قان ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بىمارغا شەربىتى پەۋاكىھ، ئەرقى بارىد مۇسەپپى خۇن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارپا ئۇنى، بۇغداي كېپىكىنىڭ ھەربىرىدىن 30 گرام، تۇزدىن 35 گرام ئېلىپ، بەش لىتىر سۇدا قايىنىتىپ، ئىلمان ھالەتتە پاشويە قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇرنى قۇرۇپ، بۇرۇن ئىچىدە ئېچىشىش كۆرۈلسە، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىگە قاپاق مېغىزى شىرنىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ بۇرنىغا تېمىتسا ياكى گۈل يېغى تېمىتسا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر بىماردا تىل، ئېغىز قىزىرىپ ئاغرىش بولسا سېمىزئوت ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى، پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، ئىسپىغول قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ لوئابلىرىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ۋە ئېغىزى چايقىلىدۇ. يۆتەل، چۈشكۈرۈش، قان تۈكۈرۈش بولسا، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، ئىسپىغول، سېمىزئوت ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گرام ئېلىپ، شىرنىسىنى چىقىرىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

## كۆيگەن سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى

### ئالامىتى

بىمارنىڭ بەدەن تېرىلىرى، كۆزى، تىلى سارغىيىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق بولىدۇ، يۇقىرى قىزىتما بولۇش بىلەن بىرگە بۇرنى ۋە ئاغزى قۇرۇيدۇ. ئاچچىقى يامان بولىدۇ. سۈيدۈك رەڭگى سېرىق بولىدۇ. باش ئاغرىيدۇ. ئۇيقۇدا جۆيلۈپ ئويغىنىدۇ. تومۇرى ئىنچىكە، تېز سالىدۇ.

داۋاسى

سەپرانىڭ دورىلىرى بىلەن مىزاج تەڭشىلىدۇ. ھارارەت يۇقىرى بولسا بالىنىڭ ئىچىشىگە ئەرقى شوخلا، ئەرقى كاسىنە، ئەينۇلا سۈيى، ئەرقى سەندەل قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئەرقى سەندەل، ئەرقى شوخلا، گۇلاب قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا داكىنى چىلاپ بالىنىڭ بېشىغا قويۇلىدۇ. باش ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن قۇرسى تاباشىر كافۇرى، خېمىرى بىنەپشە قاتارلىق دورىلار بېرىلىدۇ. غىزاسىغا ھۆل قاپاق ئېشى ۋە ئارپا سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ. بالىنىڭ ئاستىغا ھەمىشىباھار، كاسىنە، سۆگەت قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقى سېلىپ بېرىلىدۇ.

**بۇزۇلغان ھاۋادىن زەھەرلىنىشتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى**

داۋاسى

شەخسىي تازىلىقنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە بالا تۇرىدىغان مۇھىتنىڭ پاكىز، ئازادە، سېسىق گازلاردىن خالىي بولۇشىغا، ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. بىمارنى ئاممۇۋى سورۇنلارغا ئېلىپ بېرىشتىن چەكلىنىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىمار ئايرىم بېقىلىدۇ.

## باللاردىكى تارقىلىشچان زۇكام

بۇ، ئەتىياز ۋە قىش پەسىللىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدىغان، تارقىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، قىش پەسلىدە تارقالسا ئېغىرراق بولىدۇ. ئاساسەن ئوقۇش يېشىدىكى باللاردا كۆپرەك، 4 ~ 5 ئايلىقتىن كىچىك باللاردا ئازراق كۆرۈلىدۇ. جىددىي تەدبىر قىلىنمىسا ئۆپكىدە يۇقۇملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سەۋەبى

كېسەللىك جاراسىملىرىنىڭ نەپەس يولى ئارقىلىق ياكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى

ئورتاق ئىشلىتىش سەۋەبىدىن تارقىلىشى ۋە قاتتىق سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش، تۆت خىلتتىكى ماددىلىق ئۆزگىرىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

يۆتىلىدۇ، گال ئاغرىيدۇ، بۇرۇندىن سۇ ئاقىدۇ، قىزىيدۇ، باش ۋە بوغۇملار ئاغرىيدۇ، قۇسىدۇ، بەزىلىرىدە قەۋزىيەت بولىدۇ. سېرىق ياكى قىزىلغا مايىل بەلغەم تۈكۈرىدۇ. تىل ئۈستىنى قارامتۇل گەز باغلايدۇ.

### داۋاسى

كېسەللىك سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، سەۋەبكە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. ئەگەر كېسەللىك قان خىلتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا ئەينۇلا، چىلاننىڭ ھەربىرىدىن 30 گرام، گۈلبىنەپشە، بېھى ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گرام، نىلۇپەردىن ئۈچ گرام، سەرپىستاندىن 10 گرام، تەمرىھىندىدىن 15 گرام ئېلىپ، 500 مىللىلىتىر قايناق سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئۈچ كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ. ئارقىدىن ئەرقى سەندەل، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى شوخلا، ئەرقى گۈل، ئەرقى چۆپچىن قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. مەتبۇخى زۇپا بۇ كېسەللىك ئۈچۈن ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەگەر يۆتەل قاتتىق بولسا شەربىتى خەشخاش، شەربىتى ئەنجاز 24 مىللىلىتىردىن ئىچكۈزۈلىدۇ. قەۋزىيەت بولسا لۇئۇقى سەرپىستان، لۇئۇقى خىيارشەنبەرنىڭ ھەربىرىدىن 24 مىللىلىتىر ئېلىپ، 144 مىللىلىتىر ئەرقى گاۋزىبان قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. گالدا ئاغرىش بولسا شاتۇت شەربىتى ياكى قارا ئۈجمە شەربىتى، ئەرقى شوخلا قاتارلىقلار ئېھتىياجغا قاراپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يۇقۇملىنىشتىن بولسا شەخسىي ۋە ئائىلە تازىلىقىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، بارلىق يۇقۇملىنىش مەنبەلىرى يوقىتىلىدۇ. بىمارغا سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىلىدۇ.

بىمار ئىسسىق ئۆيدە ئارام ئالدۇرۇلىدۇ، بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ماش سېلىنغان ئارپا ئېشى ياكى شوۋىگۈرۈچ، پاقلان ۋە كەپتەر گۆشلىرى شورپىسىغا كۆك پۇرچاق ياكى بادام مېغىزى سېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. كېسەللىك ساقايغىچە

سوغۇق تەبىئەتلىك غىزالار ياكى مۇچ ۋە ئاچچىقسۇغا ئوخشاش غىدىقلىغۇچى يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## بالىلاردىكى يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى

بۇ، يۇلۇن سۇر ماددا جاراسىمىنىڭ قاننى ئوفۇنەتلەندۇرۇپ ياللۇغلاندۇرۇشى تۈپەيلىدىن بەدەننىڭ يېرىمى ياكى مەلۇم قىسمىنىڭ ھەرىكەت ۋە سېزىمى پۈتەنلەي ياكى نىسپىي يوقىلىپ، ھەرىكىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىك بولۇپ، يىلنىڭ ھەممە پەسىللىرىدە بولۇپمۇ ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى

يۇلۇن سۇر ماددا جاراسىمىنىڭ قان خىلتىنى ئوفۇنەتلەندۇرۇش سەۋەبىدىن كېلىپچىقىدۇ.



ئالامىتى

كېسەللىك ئۇشتۇمتۇت باشلىنىپ گېلى ۋە بېشى ئاغرىيدۇ، قىزىيدۇ، كۆپ تەرلەيدۇ، كۆڭلى ئېلىشىدۇ، بىئارام بولىدۇ، قەۋزىيەت بولىدۇ ياكى ئىچى سۈرىدۇ. بەدەننىڭ بىر تەرىپى ياكى تۆۋەنكى يېرىمىنىڭ ھەرىكەت سېزىمى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بىمار ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. پالەچلىنىش قولغا قارىغاندا پۇتتا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ..

داۋاسى

قان تازىلىنىدۇ، يۇقۇملىنىش تىزگىنلىنىدۇ، ياللۇغ قايتۇرۇلىدۇ. شاھتەررە، قەسبۇزەرىرە، چۈپچىن، كاسىنە ئۇرۇقى، يەرلىك شوخلا، بەديان يىلتىزى، گۈلبىنەپشە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، ئەينۇلا، تەمرىھىندى، خىيار شەنبەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، چىلان، تەرەنجبىنىنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ ئىچكۈزۈلىدۇ. شاھتەررە،

مەتبۇخى ھېلىلە، ئەرقى كاسىنە قاتارلىقلارنى ئەھۋالغا قاراپ بەرسە قان تازىلايدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن شاھتەررە بېرىلىدۇ. ياللۇغ قايتۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك شوخلا، كاسىنە ئۇرۇقى، نىلۇپەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، گۇلبىنەپشە، ئەينۇلانىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام، چۆپچىن، ئاق سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام، چىلان، تەمرىھىندىنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە شەربەت تەييارلاپ بېرىلىدۇ. ئارقىدىن ئەرقى شوخلا، بىنەپشە شەربىتى، ئەرقى نىلۇپەر، ئەرقى چۆپچىن قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

كېسەللىك سەۋەبى يوقىتىلىپ، بىمارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئىشتىھانى ئېچىپ ھەزىمنى ياخشىلاش، مېڭە، نېرۋا ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن گاۋزىبان، ئۇد سەلىپ، بىستىپايەج، ئۇستىقۇددۇس قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، قائىدە بويىچە مەجۇن تەييارلاپ بېرىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن خېمىرى ئەۋرىشىم، گاۋزىبان شەربىتى، بادرەنجبۇيا شەربىتى، ئۈزۈم شەربىتى، داۋائىلمىشكى مۆتەدىل، خېمىرى ئۇستىقۇددۇس قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ بېرىلىدۇ. يۇقۇملىنىشتىن بولسا مۇھىت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بارلىق يۇقۇملىنىش يوللىرى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. كۆن نۇرى مۇۋاپىق چۈشىدىغان ئۆيدە بېقىلىدۇ. غىزاسىغا ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەك ـ ئىچمەكلەر، پاقلان گۆشى، باچكا گۆشى، ياۋا توشقان گۆشى، قۇشقاچ گۆشى، كەكلىك گۆشى ۋە شورپىلىرى، ئۆگرە، چامغۇر، سەۋزە، كەرەپشە، ئالما، ئەنجۈر، ئۈزۈم قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغى

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇلاق يۇمشىقى ئاستىنىڭ ئالدى تەرىپىگە جايلاشقان بىر جۈپ بەزنىڭ ياللۇغلىنىشىدىن پەيدا بولىدىغان، يەرلىك ئورۇن ۋە

پۇتۇن بەدەنلىك يۇز بېرىدىغان بىر خىل ئۆتكۇر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ئاساسەن قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە كۆرۈلىدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار كۆپرەك دۇچار بولىدۇ.

سەۋەبى

خىلتلار تەكپۇكلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى، يۇقۇملىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

بىماردا قىزىتما بولۇپ هالسىزلىنىپ، بوشىشىدۇ، تاماق خالىمايدۇ. كېسەللىك ماددىسى قايسى تەرەپتىكى بەزدە بولسا، شۇ تەرەپتىكى قۇلاق تۈۋى ئىششىپ بويۇن، گەدەنگىچە تارقىلىدۇ. قان بۇزۇلۇشتىن بولغىنىدا قىزىرىش، كۆيۈشۇش، تومۇرلار ئېسىلىش، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىش بىلەن بىرگە ئاغرىق بولىدۇ. سەپرادىن بولغىنىدا ئىششىش، كۆيۈشۇش، قىزىرىش بىلەن بىرگە تىلنى سېرىق گەز باغلايدۇ. ئېغىرلىق بولمايدۇ. سۈيدۈكى سېرىق كېلىدۇ. بەلغەم خىلتىدىن بولغىنىدا قىزىش، ئېچىشىش بولمايدۇ، ئىششىق ئاق رەڭدە بولۇپ لىغىلداپ تۇرىدۇ. تومۇرى بوش ۋە ئاجىز سالىدۇ. سۈيدۈكىمۇ ئاق كېلىدۇ. سەۋدادىن بولغىنىدا كۆيگەن سەۋدانىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈش بىلەن بىرگە ئۇيقۇسىزلىق، ئىششىش، سانجىلىپ ئاغرىش كۆرۈلىدۇ، كۆپ يىغلايدۇ.

داۋاسى

قايسى سەۋەبتىن بولغان بولسا شۇ سەۋەبكە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. ماددىلارنى هەيدىگۈچى، قىزىتمىنى پەسەيتكۈچى، قان تازىلىغۇچى، ئىششىق ياندۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك قان بۇزۇلۇشتىن بولسا شەربىتى نىلۇپەر، شەربىتى بىنەپشە، ئەرقى شوخلا، ئەرقى چۆپچىن، مۇرەككەپ ئەرقى شاھتەررە، خېمىرى گاۋزىبان، مەتبۇخى ئەپتىمۇن قاتارلىق دورىلار مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. كاسنە، يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقىنى سوقۇپ، سىقىلغان

سۈيى ئىششىق ئۈستىگە چېپىلىدۇ. سەپرادىن بولسا يەرلىك شوخلا، ئاق لەيلى گۈل، خىيارشەنبەر مېغىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، 30 گىرام يەرلىك شوخلا يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە يۇغۇرۇپ، ئىششىق ئۈستىگە چېپىلىدۇ. بەلغەمدىن بولسا ئىكلىلمىلىك، ئاق لەيلىگۈل قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە گىرام، ئارپا ئۇنى، لوبىيا ئۇنى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام، بىنەپشە، بابۇنە قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن توققۇز گىرام ئېلىپ، 10 مىللىلىتىر بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىششىق ئۈستىگە چېپىلىدۇ. ئەگەر ئىششىق قاتتىق ئېچىشىپ باش ئاغرىش كۆرۈلسە 30 گىرام كۆكنار پوستىنى قايىنتىپ، سۈيىدە داكىنى نەمدەپ ئىششىق ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە دورا سۈيىنىڭ بىر قىسمى بالىغا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۇقۇملىنىشتىن بولسا بالا ئايرىم بېقىلىپ، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، يۇقۇملىنىش مەنبەلىرى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ. غىزاسىغا قۇۋۋەتلىك، ئاسان ھەزىم بولىدىغان كۆكتات شورپىلىرى، ئارپا ئېشى، كاكچا نانغا ئوخشاش يېمەك - ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ. غىدىقلىغۇچى، يەل پەيدا قىلىدىغان، تەستە ھەزىم بولىدىغان، بۇزۇلغان يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## بالىلاردىكى كۆكيۆتەل

بۇ، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە تارقىلىدىغان، 2 ~ 8 ياشقىچە بولغان بالىلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدىغان، تارقىلىشچانلىقى، يۇقۇشچانلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر.

**سەۋەبى**

زۇكام بولغان، قىزىلغا ئوخشاش يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغان مەزگىللەردە بۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان بالىلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئورتاق ئىشلىتىش، مەزكۇر كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ نەپەس يوللىرىدىكى جاراسىم ۋە ئوفۇنەتلىك ماددىلارنىڭ تۈكۈرۈك چاچراندىلىرى ئارقىلىق ھاۋاغا تارقىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن يۈز بېرىدۇ.

### ئالامىتى

قىزىمايدۇ، چۈشكۈرىدۇ، كۆزى، بۇرنى ۋە ئاغزىدىن سۇ ئاقىدۇ، قۇرۇق يۆتىلىدۇ. يۆتەل بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. بۇ، نەزلە دەۋرى دېيىلىپ بىر ـ ئىككى ھەپتە داۋاملىشىدۇ. ھەتتا بالا تېلىقىپ كېتىدۇ. بەزىلىرىنىڭ كۆزىگە قان چۈشىدۇ. چېكە تومۇرلىرى كۆپىدۇ. چىرايى ئاۋۋال قىزىرىپ كېيىن كۆكىرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بەزىدە چوڭ ـ كىچىك تەرەت مېڭىپ كېتىدۇ. كۈچەپ نەپەس ئېلىش بىلەن خۇددى خوراز چىللىغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ نەپىسى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە يېگەن، ئىچكەن نەرسىلەرنى قۇسۇۋېتىدۇ. يۆتەل كۈندۈزگە قارىغاندا كېچىسى كۆپ بولىدۇ، قاپاقلىرى ئىششىيدۇ، بۇ كېسەللىكنىڭ كۈچەيگەن دەۋرى بولۇپ، 3 ~6 ھەپتىگىچە داۋاملىشىدۇ. كېسەللىك باشلىنىپ 8 ~ 9 ھەپتىدىن كېيىن يەڭگىللەپ 10 ـ 12 ھەپتىگىچە ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇ ساقىيىش دەۋرى بولۇپ، 2 ~ 3 ھەپتە داۋاملىشىدۇ.

### داۋاسى

كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ، نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدىغان، يۆتەل پەسەيتىدىغان، بەلغەم بوشىتىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر نەزلە بىلەن بىرگە قىزىتما بولسا ھەمىشباھار ئۇرۇقى، گۈلبىنەپشە، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام، گاۋزىباندىن بىر گىرام، چىلاندىن ئۈچ دانە، سەرپىستاندىن بەش دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، 12 گىرام بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئەتىگەن ۋە كەچتە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياخشىلانمىسا، بەديان، بىخ بەديان، زۇپا، گاۋزىبان، بىخسۇس، ئاق لەيلى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈمدىن ئۈچ دانە ئېلىپ، قائىدە بويىچە سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈپ، 12 گىرام خېمىرى بىنەپشە قوشۇپ ئەتىگەندە مۇۋاپىق مىقداردا يېگۈزۈلىدۇ. قەۋزىيەت بىرگە بولسا مەستىكىدىن ئالتە گىرام، رەۋەن ئۇسارىسىدىن ئۈچ گىرام، سەبرىدىن 12 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، سۇ بىلەن ماش چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلاپ بىر داندىن يېگۈزۈلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن شەربىتى فەريادەرەس ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ. سامساقنى بويىنىغا ئېسىش، قايىنىتىپ پۇرىتىش ۋە ئىچكۈزۈش، ئالمىنى ئويۇپ ئىچىگە ناۋات سېلىپ قاسقاندا پىشۇرۇپ يېگۈزۈش قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە بەك مەنپەئەت قىلىدۇ.

غىزاسىغا باچكا گۆشى شورپىسى، پاقلان گۆشى شورپىسى، ئوغلاق گۆشى شورپىسى قاتارلىقلارغا چۆپ سېلىپ يېگۈزۈلىدۇ. سۈتتە پىشۇرۇلغان نوقۇت، بادام مېغىزى سېلىنغان شوۋىگۈرۈچ ئىچكۈزۈلىدۇ. زىيادە غىدىقلىغۇچى، ياغدا قورۇلغان ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## باللاردىكى قىزىل

بۇ قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە كۆپرەك تارقىلىدىغان، ئەسۋە چىقىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ھەرقانداق كىشى ئۆمرىدە بىر قېتىم بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىيدۇ. ئادەتتە ئالتە ئايلىقتىن يۇقىرى، بەش ياشتىن تۆۋەن باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى

قىزىل بىلەن ئاغرىغان باللا سۆزلەش، چۈشكۈرۈش، يۆتىلىش، تۈكۈرۈكنى چاچرىتىش ئارقىلىق كېسەللىك جاراسىملىرىنى باشقىلارغا يۇقتۇرىدۇ. خىلىتلار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

ئالامىتى

يوشۇرۇن دەۋرىنىڭ 8 - كۈنلىرىگە كەلگەندە باللىنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىدۇ. ئىشتىھاسى ئازىيىپ ماغدۇرسىزلىنىدۇ. باشلىنىش دەۋرىدە قاپاقلىرى ئىششىش، تىترەش، قىزىش، جۆغ - جۆغ بولۇش، باش ئاغرىش بىلەن بىرگە قىزىتما ئۆرلەپ بىئارام بولۇپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىدۇ. ئەسۋە تەدرىجىي ئومۇمىي بەدەنگە تارقايدۇ، چۈشكۈرۈش بىلەن بىرگە بۇرنىدىن سۇ ئاقىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ئېغىرلىشىش دەۋرىدە قىزىتما داۋاملىق ئۆرلەيدۇ، ئېمەلمەيدۇ، قىزىل ئەسۋىلىرى بىرلىشىپ ئاي شەكلىدە قاپارتما پەيدا بولىدۇ. قاپارتمىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، نەپەس قىيىنلىشىدۇ. بالىنىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ، تىلىنى قارا گەز باغلايدۇ. سۇيدۇكى قويۇق، قىزىل كېلىدۇ، يۆتەل ۋە ئۆپكە ئىششىقى بىرگە كۆرۈلىدۇ.

كېسەللىكنىڭ ئەسلىگە كېلىش دەۋرىدە قىزىتمىسى، ئىشتىھاسى ۋە روھىي ھالەتلىرى تەدرىجىي نورماللىشىدۇ، ئەسۋە قىچىشىدۇ ۋە قاقاچ بولۇپ تۆكۈلىدۇ.

### داۋاسى

كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قىزىتمىنى پەسەيتىپ قىزىلنى سىرتقا تەپتۈرگۈچى دورىلار ئاندىن كېيىن ئىشتىھانى ئاچىدىغان، يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلايدىغان، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇپ، توسالغۇلارنى ئاچىدىغان دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەينۇلا، تەمرىھىندى، گۈلبىنەپشە، نىلۇپەر، كۆك ئۈزۈم، ئاق لەيلى ئۈرۈقى، چىلان قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ چايلىق قىلىپ بەرسە قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ. ئەگەر قىزىل سىرتقا تېپىپ چىقمىسا، ئەرقى چىلان ياكى چىلان قايىنتىلمىسىغا قومۇش يىلتىزى، كۆك كىشمىش ئۈزۈمنى چىلاپ تەمنى چىقىرىپ قىزىق ھالەتتە ئىچكۈزۈلىدۇ، بۇ مەنپەئەت قىلمىسا يۇمغاقسۈتتىن 30 گىرام ئېلىپ سۇدا قايىنتىپ، سۈيىنى بالىنىڭ بەدىنىگە سۈركىسە تېز مەنپەئەت قىلىدۇ. قەۋزىيەت بولۇپ قالسا ئوسمىدىن 15 گىرام ئېلىپ قايىنتىپ، شېكەر قوشۇپ بېرىلىدۇ ياكى قارا كۈنجۈتتىن بىر پىيالىنى قورۇپ، لاتىغا يۆگەپ، بالىنىڭ پۈتۈن ئەزاسىغا سۈركىسە قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ. بالىنىڭ نەپسى قىستاپ، يۆتىلىپ بىئارام بولسا يۇلغۇننىڭ قورۇق يوپۇرمىقىنى سوقۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. گالدا ئىششىق ياكى مۇدۇر بولسا گۈلبىنەپشە، شاتۇت، شوخلا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، قايىنتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئېغىز چايقىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن خېمىرى مەرۋايىت، ئەرقى گۈل، ئەرقى گاۋزىبان، ئەرقى سەندەل قاتارلىقلار بىمارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تاللاپ بېرىلىدۇ.

بىمارغا يېشىل ماش، ھۆل قاپاق، تەرخەمەك قاتارلىقلار سېلىنغان سۇيۇق - سەلەڭ تائاملار، ئۇزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەك - ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ. قورۇغان ۋە ئاچچىق - چۈچۈك يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئۆي ھاۋاسى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. تازىلىق ۋە يېمەك - ئىچمەككە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ.

## باللاردىكى سۇ چېچەك

قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان، چوڭ ۋە تارقاق شەكىلدە ئەسۋە چىقىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، كۆپىنچە يەڭگىل بولىدۇ. چوڭ خەتىرى بولمايدۇ.

### سەۋەبى

يۇقۇملىنىش بۇ كېسەللىك پەيدا بولۇشتىكى بىردىنبىر سەۋەب بولۇپ، ساق باللار سۇ چېچەك چىققان باللارغا يېقىنلاشسا ناھايىتى ئاسان يۇقۇملىنىپ قالىدۇ. مىزاج، خىلىت تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى قوشۇمچە سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

### ئالامىتى

. دەسلەپتە زۇكامغا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، بىر - ئىككى كۈندە قىزىمتىسى يانىدۇ. تاماق يېمەيدۇ ۋە ئەممەيدۇ. 1~2 كۈندىن كېيىن تېرىگە قىزىل، سوقىچاق، سانى ئازراق ئەسۋە چىقىدۇ. 2 ~ 3 كۈن ئەتراپىدا ئەسۋە تەدرىجىي چوڭىيىپ، ماش ۋە كۆممىقوناق چوڭلۇقىدىكى سۇلۇق قاپارتمىغا ئۆزگىرىدۇ. قاپارتمىنىڭ چۆرىسى قىزىل بولىدۇ ۋە قىچىشىدۇ، 1 ~3 ھەپتىگىچە بولغان ئارىلىقتا قاقاچلىرى چۈشۈپ ساقىيىپ كېتىدۇ. ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، چوڭ تەرىتى نورمال بولىدۇ. ئېغىر بولغانلىرىدا تومۇرى كۈچلۈك ۋە تېز سالىدۇ. قەۋزىيەت بولىدۇ. ھەتتا كۆز، ئېغىز ۋە گال قىسىملىرىدىكى شىللىق پەردىلەرگىمۇ سۇ چېچەك چىقىدۇ.

داۋاسى

بۇ ئاقىۋىتى ياخشى كېسەللىك بولۇپ، مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىپ ياخشى كۈتۈلسە، ئۆزلۈكىدىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر داۋالاش زۆرۈر بولسا كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قىزىتمىنى قايتۇرغۇچى، قاننى سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ 3 ~ 4 كۈنلىرىدە ھەر كۈنى ياكى كۈن ئارىلاپ ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئەسۋە ئورنىدا ئېغىر دەرىجىدە قىچىشىش كۆرۈلسە، قىزىل سەندەل سۈرۈلمىسىنى پۈتۈن بەدەنگە سۈركەپ قۇرۇغاندىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئاسارەت قىپقالسا ئاسارەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ داۋالاش قىلىنىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن نىلۇپەر شەربىتى، چىلان شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ. خىلىت، مىزاج ۋە كەيپىياتلار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا شۇنىڭغا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. بىمارغا پالەك، خام قاپاق، قېتىق، پوستى ئاجرىتىپ پىشۇرۇلغان ماش، ئازراق ناۋات سېلىنغان قايناق سۇ بېرىلىدۇ ۋە بالا ئايرىم بېقىلىدۇ. غىدىقلىغۇچى، مايلىق يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. شەخسىي ۋە مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى ياۋا چېچەك

بۇ، تارقىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان، بەدەن تېرىسىدە ماش ۋە پۇرچاق چوڭلۇقىدا پەيدا بولىدىغان، قىزىل رەڭلىك مۇدۇردىن ئىبارەت ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ھەرقانداق ياشتىكى باللاردا كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى

قان مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى، خىلىتلارنىڭ بۇزۇلۇشى، چېچەك بىلەن يۇقۇملىنىش، ئىرسىيەت قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

دەسلەپتە زۇكامنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، بۇرنى قىچىشىدۇ. ئۇسسايدۇ،

يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىدۇ. ئاغزى تاتلىق بولىدۇ. بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ 3 ~ 5 كۈنگىچە تارقاق قىزىل مۇدۇر ـ چاقىلار چىقىشقا باشلايدۇ. 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرىدە مۇدۇر ـ چاقىلار چوڭىيىپ ماش چوڭلۇقتىدىكى ئاق يىرىڭلىق قاپارتچۇقلارغا ئۆزگىرىدۇ. 2 ~ 3 ھەپتە ئۆتكەندە قاپارتچۇقلار قېتىپ قاقاچ باغلاپ تۆكۈلىدۇ ۋە تۆكۈلگەن ئورۇن چوقۇر بولۇپ قالىدۇ.

داۋاسى

كېسەللىك سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، سەۋەبىگە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ ھەمدە قاننى سۇيۇلدۇرغۇچى، ھارارەتنى پەسەيتكۈچى، ماددىلارنى يۇمشاتقۇچى، قىزىتمىنى پەسەيتكۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بىخسۇستىن ئىككى گىرام، ئاق لەيلىگۈلدىن بىر گىرام، چىلاندىن بەش دانە، سوقۇلمىغان يېپىسمۇقتىن توققۇز گىرام ئېلىپ، 300 گىرام ئەرقى شاھتەررەدە ئۆچتىن بىر قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، 12 گىرام نىلۇپەر شەربىتى، ئۈچ گىرام خاكشى قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزسە قاننى سۇيۇلدۇرۇپ، ھارارەتنى پەسەيتىپ، چېچەكنىڭ چىقىشىنى تېزلىتىدۇ. تەرەنجبىن بىلەن ئەرقى شاھتەررەدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكۈزسە ئىچىنى بوشىتىدۇ. ئەگەر يۇقىرى قىزىتما بولسا يەرلىك شوخلا، شاھتەررە، نىلۇپەر قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بەش گىرام، چىلاندىن بەش دانە، بېھى ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 400 مىللىلىتىر قايناق سۇغا بىر كېچە چىلاپ، سۈزۈپ سۈيىگە بەش گىرام خاكشى ۋە 15 گىرام نىلۇپەر شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزسە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

چېچەك ئىزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن بادام مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، قومۇشنىڭ قۇرۇق يىلتىزى، باقىلە ئۇنى، گۈرۈچ، ئارپا ئۇنى، ناۋات قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك قايسى خىلتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولسا شۇ خىلتقا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. چېچەك يۇقۇملىنىشىدىن بولسا، شەخسىي تازىلىق ۋە يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىش بىلەن بىرگە سەندەل، ئالما، تۇرۇنجى، بېھى قاتارلىقلارغا ئوخشاش خۇش پۇراق

نەرسىلەر بىلەن ئۆي ئىچى خۇش پۇراق قىلىنىدۇ. يۇقۇملانغان بالا ئايرىم بېقىلىدۇ. ئەگەر چېچەك ئىرسىيەت سەۋەبىدىن بولسا ياۋا چېچەكنى داۋالاش پرىنسىپلىرى بويىچە داۋالاش قىلىنىدۇ. غىزاسىغا مايسىز، قۇۋۋەتلىك، سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ. گۆش بېرىش توغرا كەلسە، ئاچچىقسۇ، سىركە، غورا سۈيى، يۇمغاقسۇت، زىرىق قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. چېچەك ۋە قاپارتمىلارنى قاشلاشتىن ساقلىنىدۇ.

## باللاردىكى ئۇچەي كېزىكى

ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدىغان، يۇقىرى قىزىتما بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ھەرقانداق ياشتىكى باللاردا كۆرۈلىدۇ، ئەمما يېڭى تۇغۇلغان ۋە ئىككى ياشتىن ئاشقان باللاردا ئازراق، بەش ياشتىن تۆۋەن باللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**سەۋەبى**

ھەر خىل سەۋەبلەردىن خىلتلار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى، بولۇپمۇ بەدەندە سەپرا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە ئۇچەي كېزىكى جاراسىملىرىدىن يۇقۇملىنىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

### سەپرا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان ئۇچەي كېزىكى

**ئالامىتى**

تىل ئۇستىدە سېرىق گەز بولىدۇ. يۇقىرى قىزىتما، باش ئاغرىش، ئۇسسۇزلۇق، ئىشتىھاسى تۆۋەنلەش، ھېق تۇتۇش كۆرۈلىدۇ. بەزىدە قەۋزىيەت، بۇرۇن قاناش، قان قۇسۇش سەۋەبىدىن ھوشىدىن كېتىدۇ. قىزىتمىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، تومۇرنىڭ ئاستا سېلىشى بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ.

دا ۋاسى

هارارەتنى ۋە قىزىتمىنى پەسەيتكۈچى دورىلار مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ. ئەينۇلا بىلەن تەمرىھىندىنى يەككە ھالەتتە قايناق سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ياكى ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قايىنتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ. قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش ئۈچۈن پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، كاھۇ ئۇرۇقى، ئىسپىغول ئۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 15 گىرام زىرىق سۈيىگە چىلاپ، ئېزىپ شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۈرەكتە ھارارەت كۈچلۈك بولسا سەندەل شەربىتىگە ئازراق سىركە قوشۇپ بېرىلىدۇ ۋە سەندەل قوشۇلغان گۈلاب بىلەن ياكى ئازراق كافۇر قوشۇلغان سۇ بىلەن داكىنى نەمدەپ كۆكرەككە قويۇلىدۇ.

غىزاسىغا كېسەللىك باشلىنىپ تاكى ساقايغىچە، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، قۇۋۋەتلىك تاماقلاردىن كۆك ماش، ھۆل قاپاق سېلىنغان ئارپا ئېشى، چۈجە گۆشى شورپىسى، ئارپا سۈيى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك غىدىقلىغۇچى ۋە تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## يۇقۇملىنىشتىن بولغان ئۈچەي كېزىكى

ئالامىتى

بىمار كېسەللىك جاراسىملىرى بىلەن يۇقۇملىنىپ 4 ~5 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا قورساقتا، كۆكرەك ۋە دۈمبە ساھەلىرىگە تېرىق چوڭلۇقىدا ھال رەڭلىك ئەسۋە چىقىدۇ. بەزىلىرىدە تال ۋە جىگەر تەڭ چوڭىيىدۇ ياكى ئىككىسىنىڭ بىرى چوڭىيىدۇ. 15 كۈندىن كېيىن نەپەس قىيىنلىشىدۇ، قىزىتما بولىدۇ. تولا چۈشكۈرىدۇ. ئىچى سۈرىدۇ، قورساق ئاغرىيدۇ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ، ھۇ بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولىدۇ.

داۋاسى

بارلىق يۇقۇملىنىش مەنبەلىرى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ، بىمار ھاۋاسى ساپ، پاكىز ئۆيدە ئايرىم بېقىلىدۇ. يېمەك - ئىچمەك، شەخسىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۆينىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بىمارنىڭ چوڭ - كىچىك تەرىتى ۋاقتىدا تازىلىنىدۇ. قىزىتما ۋە ھارارەتنى پەسەيتىشتە سەپرا خىلتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن بولغان ئۇچەي كېزىكىدە سۆزلەنگەن دورىلار ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر بىماردا نەپەس قىيىنلىششىش بولسا ئاق لەيلى، زاراڭزا مېغىزى، بىنەپشە قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، موم يېغى ئارىلاشتۇرۇپ كۆكرەككە چىپىلىدۇ ياكى كۆكرەككە بىنەپشە يېغى ياكى موم يېغى سۈركىلىدۇ. ئەگەر تولا چۈشكۈرسە، بىمارنىڭ كۆز، پېشانە، بۇرۇنلىرى ئۇۋۇلاپ بېرىلىدۇ. بىنەپشە يېغىنى ئىسسىتىپ قۇلاق ئىچىگە بىر نەچچە تامچە تېمىتىلىدۇ. بويۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە جاۋارىش پەۋاكىھ ئەنبىرى، ئەرقى مائۇلھەمى، جاۋارىش قانىسە قاتارلىقلار مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

غىزاسىغا شوۋىگۈرۈچ، كۆكتات شورپىسى، قورۇلمىغان سۈيۇقئاش، مېۋە سۇلىرى بېرىلىدۇ. ھەرقانداق يەللىك، بۇزۇلغان يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.



## باللاردىكى قايتۇرما كېزىك

بۇ، بەدەندىكى پىت سەۋەبىدىن بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ياشتىكى باللاردا ئوخشاشلا كۆرۈلىدۇ.

سەۋەبى

كېسەل ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى پىت، ساق باللارنىڭ بەدىنىگە كىرىپ قاننى شوراپ، كېسەللىك جاراسىملىرىنى ساق باللارنىڭ تېنىگە كىرگۈزۈشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

ئالامىتى

كېسەللىك جاراسىملىرى بەدەنگە كىرىپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. قىزىتما يۇقىرى، ئۇسسۇزلۇق كۆپ بولىدۇ. پۈتۈن بەدەن تېلىپ ئاغرىيدۇ. ئېغىزى ۋە تىلى قۇرۇيدۇ. يۈرەك ۋە تومۇر ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ. تىلنى ئاق گەز باغلايدۇ. بەزىلىرىدە تال ۋە جىگەر كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چوڭىيىدۇ. بەدەنگە يەڭگىل دەرىجىدە سېرىقلىق چۈشىدۇ.

داۋاسى

بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىزىتما ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتمىنى پەسەيتىش ئۈچۈن كېسەل بالا سوغۇق سۇدا يۇيۇندۇرۇلىدۇ، داكىنى سوغۇق سۇ ياكى مۇز بىلەن نەمدەپ پېشانىسىگە قويۇلىدۇ. بالىنىڭ ئاستىغا بىدىمۇشكى، پاقىيوپۇرمىقى، تۇرۇنجى، سۆگەت، ئالما قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سېلىپ ياتقۇزۇلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا تاۋۇز سۈيى ياكى كاسىنە سۈيىگە سىركەنجۇبىل قوشۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى ئەرقى گاۋزىبان ياكى شەربىتى سەندەلگە ئۈزۈم سۈيى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. يۈرەك سېلىش كۆرۈلسە، داۋائىلمىشكى بارىد مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ ياكى سەندەل ۋە كافۇرنى گۈلابقا سۈرۈپ، ئۇنىڭدا داكىنى نەمدەپ، يۈرەك ساھەسىگە ئېسىپ قويۇلىدۇ.

غىزاسىغا ئەينۇلا، قارىئۆرۈك، زىرىق سېلىنغان ئاش، چۈجە گۆشى شورپىسى، شوۋىگۈرۈچ بېرىلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك غىدىقلىغۇچى يېمەك - ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، بالىلارنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلىرى ئاپتاپقا سېلىنىدۇ.

## بالىلاردىكى يەرقان

بۇ، بالىلارنىڭ يۈز - كۆزى ۋە بەدەن تېرىسىگە سېرىقلىق چۈشىدىغان كېسەللىكتۇر.

سەۋەبى

جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى، ئۆت مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئۆت خالتىسى ئىششىقى، ئۆت يوللىرىنىڭ توسۇلۇشى، قىزىتمىلىق كېسەللىكلەر، جىگەر ياللۇغى، قەۋزىيەت، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش، قوغۇشۇن، سىماب قاتارلىقلاردىن زەھەرلىنىش، بەدەنگە سوغۇق ئۆتۈش، كېزىك ۋە باشقا روھىي ئامىللار تەسىرىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### جىگەر مىزاجىنىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان يەرقان

ئالامىتى

سېرىقلىق چۈشۈشنىڭ دەسلىپىدە سارغۇچ سەپرا قۇسىدۇ، ھارارەت يۇقىرى، ئۇسسۇزلۇقى كۆپ، ئېغىز تەمى ئاچچىق بولىدۇ.

داۋاسى

ئارپا ئۇنى، قىزىلگۈل، سېمىزئوت، ئاق لەيلىگۈل، سەندەل قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ گۈلابقا سۈرۈپ ئازراق سىركە قوشۇپ يۇغۇرۇپ، جىگەر ساھەسىگە زىمات قىلىنىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن قۇرسى ئەنبەر بارىد، قۇرسى كافۇر قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

### ئۆت مىزاجى بۇزۇلۇش، ئۆت خالتىسى ئىششىش، ئۆت يوللىرى توسۇلۇشتىن بولغان يەرقان

ئالامىتى

تىلى قۇرۇق، يىرىك بولىدۇ، جىگەر ئەتراپىدا ئېغىرلىق بولىدۇ، ئاغرىش ھېس قىلىدۇ. قىزىتما بولىدۇ، بەدەن سارغىيىدۇ. پات ـ پات قۇرۇق ھۆ بولىدۇ.

داۋاسى

ئۆت مىزاجى تەڭشىلىدۇ. شاھتەررە، سېرىق ھېلىلە، قارىئۆرۈك، تەمرىھىندى، ئەپسەنتىن قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە

دەملىمە تەييارلاپ بېرىلىدۇ، ئاندىن سىركەنجۇىل ساددىنى يەرلىك شوخلا، كاسىنە سۇلىرى بىلەن قوشۇپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئارقىدىن سىركەنجۇىل بۇزۇرى ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

غىزاسىغا ئۇغلاق گۆشى، مېكىيان گۆشىنى ئۇششاق توغراپ، زىرە ۋە دارچىن سېلىپ نوقۇت يارمىسى بىلەن پىشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئازراق سىركە قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردىن بولغان يەرقان

### ئالامىتى

كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدۇ، ئىچكى ئەزالاردا ئاغرىق بولىدۇ. ئانا ۋە بالىنىڭ قىزىتمىلىق كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان تارىخى بولىدۇ.

### داۋاسى

ئەسلىي كېسەللىكنى داۋالاش بىلەن قىزىتمىنى قايتۇرۇش چارىلىرى قىلىنىدۇ، سىركەنجۇىل قوشۇلغان كاسىنە سۈيى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ، تەرلەتكۈچى دورىلار بىلەن تەرلىتىلسە بىمارنىڭ ئەھۋالى تېز ياخشىلىنىدۇ.

## جىگەر ياللۇغىدىن بولغان يەرقان

### ئالامىتى

جىگەر ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى خىلىتنىڭ مەخسۇس ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. قاندىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ. قىزىتما بولىدۇ، جىگەر ساھەسىدە ئېغىرلىق ۋە ئاغرىق بولىدۇ، جىگەر چوڭىيىدۇ. سەپرادىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا تولا ئۇسسايدۇ، جىگەر ساھەسى كۆيۈشۈپ ئېچىشىدۇ، تومۇرى تېز سالىدۇ، تىلىغا ئۇششاق مۇدۇر ـ چاقىلار چىقىدۇ، سۈيدۈكى ۋە چوڭ تەرىتى سېرىق بولىدۇ. سەۋدادىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا قىزىتما ۋە ئاغرىق بولمايدۇ، تىلى يېرىك بولىدۇ، سېرىقلىق چۈشۈش ئانچە روشەن بولمايدۇ. جىگەر

ساھەسىدە قاتتىقلىق بىلىنىدۇ. بەلغەمدىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا سىرىقلىق چۈشمەيدۇ، جىگەر ساھەسىدە ئاغرىق بولمايدۇ، ئەمما ئېغىرلىق بولىدۇ. يۈزى، تىلى، چوڭ - كىچىك تەرىتى ئاق بولىدۇ.

داۋاسى

سەۋەبچى بولغان خىلىت تازىلىنىدۇ. قاندىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا سۈيدۈك ۋە تەرەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، كاسىنە سۈيى، يەرلىك شوخلا سۈيى، ئاچچىق - تاتلىق ئانار سۇلىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قەنتلىك سىركەنجىۋىل بىلەن بىللە ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ. بەلغەمدىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا جىگەر ئىششىقىنى ياندۇرغۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە جىگەرنى قىزىتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. كەرەپشە ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان، رۇمبەدىيان، جۇۋىنە، كاسىنە يىلتىزى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا قىزىلگۈل گۈلقەنتى، قىزىلگۈل، رەۋەن، ئاسارۇن، رۇمبەدىيان، سۇمبۇل قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قوشۇپ ئىچكۈزۈلسە جىگەرنى قىزىتىدۇ. غىزاسىغا نوقۇت، توخۇ گۆشى قاتارلىقلار زىرە سېلىپ بېرىلىدۇ. سەپرادىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا ھارارەتنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. بىخسۇس، كاسىنە ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئاچچىق سىركەنجىۋىل قوشۇپ بېرىلىدۇ. مۇرەككەپ دورىلاردىن نىلۇپەر شەربىتى ئىشلىتىلىدۇ. سەۋدادىن بولغان جىگەر ياللۇغىدا سەۋدا خىلتى تازىلىنىدۇ، موم يېغى، توخۇ يېغى، كالا يىلىكى چېپىلىدۇ.

## قەۋزىيەتتىن بولغان يەرقان

ئالامىتى

ئىشتىھا تۇتۇلىدۇ، چوڭ تەرەت 2 ~3 كۈندە بىر قېتىم كېلىدۇ. بەزىلەرنىڭ قورسىقى كۆپىدۇ.

داۋاسى

چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، بىنەپشە شەربىتى ياكى نىلۇپەر شەربىتىگە ئازراق بادام يېغى تېمىتىپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

### باشقا سەۋەبلەردىن بولغان يەرقان

ئالامىتى

قايسى سەۋەبتىن بولغان بولسا، شۇنىڭغا خاس ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

داۋاسى

قايسى سەۋەبتىن بولغان بولسا، شۇنىڭغا قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ، ئەگەر زەھەرلىك دورىلارنى يېيىشتىن ياكى زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىشتىن كېلىپچىققان بولسا، مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قوستۇرۇلىدۇ ياكى شۇ دورا ياكى شۇ ھاشارات زەھىرىگە مۇناسىپ تەرياقلارنى بېرىش بىلەن زەھەر قايتۇرۇلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك زەھەرلەرنى قايتۇرۇشقا قۇرسى كافۇر، سوغۇق تەبىئەتلىك زەھەرلەرنى قايتۇرۇشقا تەرياقى پارۇق ئىشلىتىلىدۇ.

غىزاسىغا مايسىز گۆش، سۈت، يۇمشاق نان، گۈرۈچ، پۇرچاق قاتارلىقلار بىلەن تەييارلانغان تاماقلار، ھەرخىل مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتاتلار بېرىلىدۇ. مايلىق غىزا، ئاچچىقسۇ، لازا، ئۆتكۈر ئىسسىق تەبىئەتلىك چاي دورىلىرى قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ ۋە ياخشى ئارام ئالدۇرۇلىدۇ.

### بالىلاردىكى تولغاق كېسىلى

بۇ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدىغان، كېسەللىك جاراسىملىرى پەيدا قىلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، 1 ~ 3 ياشقىچە بولغان بالىلاردا نىسبەتەن ئېغىرراق ئۆتىدۇ ۋە ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

سەۋەبى

سەپرا خىلتى، شورلۇق بەلغەم خىلتى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، قورساق

ۋە مەقئەتكە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىش، كېسەللىك جاراسىملىرى بىلەن يۇقۇملىنىش قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

### سەپرا خىلتىدىن بولغان تولغاق

**ئالامىتى**

ئۇسسۇزلۇق، ئىچ سۈرۈش، ئۈچەيلەر سانجىلىپ ئاغرىش، تەرەت قېتىم سانى كۆپ بولۇش ۋە ئېچىشتۇرۇپ كېلىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

**داۋاسى**

سەپرا خىلتى تازىلىنىدۇ. هارارەتنى پەسەيتكۈچى، ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇپا، گۈل ئەرمنى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، كاهۇ يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيىدە ئېزىپ، بىر دانە تۇخۇم سېرىقى قوشۇپ قايناتماي، ئىلمان هالەتتە ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى بېهى شەربىتىگە گۈل يېغى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.



### شورلۇق بەلغەمدىن بولغان تولغاق

**ئالامىتى**

دەسلەپتە چوڭ تەرەت قان ۋە يىرىڭ ئارىلاش كېلىدۇ، پات ـ پات قىستايدۇ. بەزىدە چوڭ تەرەت قۇرۇق، ئىسسىق بولىدۇ، ئېچىشتۇرۇپ كېلىدۇ، ئۇسسۇزلۇق بولىدۇ.

**داۋاسى**

شورلۇق بەلغەم خىلتى تازىلىنىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىپ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئىنجىق تۇتۇپ هېچ نەرسە كەلمىسە، مەرزەنجۇش، ئىكلىلمىلىك، قىزىلگۈل، سېرىقچېچەك، كاللەكبەسەي يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايناتىپ، مەقئەتنى زىغىر يېغىدا ياغلاپ، مەزكۇر سۇدا ئىلمان هالەتتە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە سۇفۇپى مەقلىياسا ئەهۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا بېرىلىدۇ.

## ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق سەۋەبىدىن بولغان تولغاق

ئالامىتى

مەقئەت ساھەسىدە ئېغىرلىق بولىدۇ، سىيدۈك تۇتۇلىدۇ، قورساق قاتتىق ئاغرىيدۇ، قىزىتما بولىدۇ.

داۋاسى

نىلۇپەر شەربىتى، بىنەپشە شەربىتىگە ئوخشاش قىزىتما قايتۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش ئۈچۈن ھەمىشباھار گۈلى، كاللەكبەسەي، بابۇنە، ئاق لەيلىگۈل، گۈلبىنەپشە قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە ھۆقنە قىلىنىدۇ.

## قورساق ۋە مەقئەتكە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن بولغان تولغاق

ئالامىتى

چوڭ تەرەت قېتىم سانى كۆپىيىدۇ، قورساق ئاغرىيدۇ، ھارارەت يۇقىرى بولمايدۇ، تەرەتتىن قان كەلمەيدۇ.

داۋاسى

قورساق ۋە مەقئەتكە مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بابۇنە يېغى، قۇستە يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن يەرلىك ئورۇن مايلىنىدۇ. سېرىقچېچەك، بابۇنە، ئىكلىلمىلىك، يەرلىك شوخلا قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە ھۆقنە قىلىنىدۇ.

## يۇقۇملىنىشتىن بولغان تولغاق

ئالامىتى

چوڭ تەرەت قېتىم سانى كۆپىيىدۇ، قورساق ئاغرىيدۇ، ھارارەت يۇقىرى بولمايدۇ، تەرەتتىن قان كەلمەيدۇ.

### داۋاسى

مۇھىت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، بارلىق يۇقۇملىنىش يوللىرى يوقىتىلىدۇ، بولۇپمۇ چوڭ ـ كىچىك تەرىتى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. مۇمكىن بولسا تۇپىغا كۆمۈلىدۇ.

غىزاسىغا دەسلەپتە سۈيۇق ـ سەلەڭ تاماقلار بېرىلىپ، كېيىن تەدرىجىي نورماللاشتۇرۇلىدۇ. شوۋىگۈرۈچ، قاسقاندا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، قوي جىگىرىگە ئوخشاش سىڭىشلىك ۋە قۇۋۋەتلىك يېمەك ـ ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ. كۆك چاي ياكى قارىچاي دەملەپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇزۇلغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن، ئاسان ھەزىم بولمايدىغان، ئاچچىق ـ چۈچۈك يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## بالىلاردىكى بويۇن بەز سىلى

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالىلارنىڭ بويۇن بەزلىرىگە سىل جاراسىملىرىنىڭ چۈشكەنلىكىدىن كېلىپچىقىدىغان كېسەللىك بولۇپ، ھەرقانداق ياشتىكى بالىلاردا پەيدا بولىدۇ.



### سەۋەبى

قويۇق بەلغەم ۋە سىل جاراسىمىنىڭ بىرلىشىشىدىن، ئىرسىيەت سەۋەبىدىن، ئۆپكە سىلى ۋە باشقا ئەزا سىل جاراسىملىرىنىڭ قان ئارقىلىق بويۇن بەزلىرىگە ئورۇنلىششىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

دەسلەپتە تېرە ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان كىچىك مۇدۇر پەيدا بولىدۇ. كېيىنچە گۆش ۋە تېرىلەر چاپلىشىپ كېتىدۇ. كۆپىنچە بويۇن، ئېڭەك، ئوقۇرەك ئويمىنى ۋە قولتۇق ئاستىدىكى بەزلەردە كۆرۈلىدۇ. مىدىرلايدۇ ۋە يۆتكىلىدۇ. ئېغىز ئالغاندا يىرىڭ ياكى سېرىق زەرداب سۇ ئاقىدۇ ۋە سېسىق پۇرايدۇ. يارا

پۇتكەندە قاتتىق ئاغرىيدۇ. بەزىلىرىدە ئىغىز ئىلىپ بىمارنى ئۆزۈنغىچە ئازابلايدۇ. ئورۇقلاش ۋە يەلدىن بولغان قىزىتما بولىدۇ.

داۋاسى

قويۇق بەلغەم ماددىسى تازىلىنىدۇ ۋە ئىششىق تارقاتقۇچى، ئىغىز ئالدۇرغۇچى، جاراھەتنى پۇتتۇرگۈچى دورىلار ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىششىق تارقاتقۇچى دورىلاردىن، كاللەكبەسەي، ئۇشەق، كۆپىكدەريا، قىچا، ئەنجۈر، زىراۋەندە، زەيتۇن يېغى، ئاق موم قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قائىدە بويىچە زىمات تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ. ئەگەر بويۇن بەز سىلى تېشىلىپ ئاققان بولسا، ھەر كۈنى بىر ياكى ئىككى تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى كۆيدۈرۈپ ئۇندەك سوقۇپ يېگۈزسە زەردابنى قۇرۇتۇپ، ساقىيشنى تېزلىتىدۇ. ئىتريفىل غۇددە بۇ كېسەللىك ئۈچۈن بەك مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىغىز ئېلىشنى توختىتىپ ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىككى گىرام گۈلسەۋسەن يىلتىزىنى يۇمشاق سوقۇپ، 12گىرام مەلھىمى داخىليۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا تاڭسا بەك مەنپەئەت قىلىدۇ. جاراھەتنى پۇتتۇرۇش ئۈچۈن مەلھىمى زەنگار مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ئاسان سىڭىدىغان يېمەك-ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ، غىدىقلىغۇچى، يەللىك، تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەك-ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

## باللاردىكى ئۆپكە سىلى

بۇ، سىل جاراسىملىرىنىڭ ئۆپكىگە چۈشۈشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان، بىر خىل سوزۇلما خاراكتېرلىك، جۇدەتكۈچى يۇقۇملۇق كېسەللىكتۇر.

سىرۋەبى

خىلىتلار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى، يۇقۇملىنىش، ئىرسىيەت، باشقا

ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكى ۋە كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى قاتارلىقلاردىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

كېسەللىك تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: قۇرۇق ۋە كالتە يۆتەلدىن كېيىن قان ئارىلاش بەلغەم كېلىدۇ. كېچىسى قىزىيدۇ، يۈرەك ۋە تومۇر ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ، تاماقتىن كېيىن كۆپرەك يۆتىلىدۇ. قۇسۇش ۋە ئىشتىھاسىزلىق كۆرۈلىدۇ. ئەمچەكتىن تاغاقنىڭ ئاستى-ئۈستى قىسمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاغرىق بولىدۇ. بىمار كۈندىن-كۈنگە ئورۇقلايدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ: يۆتەل كۈچىيىدۇ، بەلغەم يىرىڭ ئارىلاش سېسىق پۇراقلىق كېلىدۇ. ئىشتىھا پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ، نەپەس قىيىنلىشىدۇ. قول-پۇت ئالقىنى كۆيۈشىدۇ، تومۇرى ئىنچىكە، تېز سالىدۇ. قىزىتمىسى كېچە-كۈندۈز يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: كېسەللىك تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، بەلغىمى كۆپىيىپ كۆكۈچ، سېسىق پۇراقلىق، يىرىڭ ئارىلاش كېلىدۇ. كېچىسى قىزىتمىسى ئۆرلەپ، سەھەردە چىلىق-چىلىق تەرلەيدۇ. پەقەت تاماق يېمەيدۇ، يېسىمۇ ياندۇرىدۇ. چاچلىرى چۈشىدۇ، تېرە ۋە تىرناقلىرى تاتىرىپ كېتىدۇ.

### داۋاسى

قايسى خىلتتىن بولغان بولسا شۇ خىلت تەڭشىلىدۇ. قىزىتمىنى پەسەيتىپ، بەلغەمنى بوشاتقۇچى، نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرغۇچى، جاراھەتنى قۇرۇتقۇچى، ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتمىنى پەسەيتىش ۋە قۇرۇقلۇقنى تەڭشەش ئۈچۈن قاپاق ۋە تاۋۇز مېغىزى شىرىسى، سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى قاتارلىقلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. بەلغەم بوشىتىپ، نەپەس يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاق لەيلىگۈل ئۇرۇقى، بىخسۇس، بېھى ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا

ئېلىپ، يەككە ياكى مۇرەككەپ ھالدا ئىشلىتىلىدۇ ياكى خېمىرى ئەۋرىشىم، لوئۇقى ئەۋرىشىم ۋە لوئۇقى سىل قاتارلىقلار كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر يۇقۇملىنىشتىن بولسا بارلىق يۇقۇملىنىش يوللىرى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. يېمەك-ئىچمەك، مۇھىت ۋە شەخسىي تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. يۇقۇملانغان بالا ئايرىم بېقىلىدۇ. ئەگەر باشقا ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ شېرىكچىلىكى سەۋەبىدىن بولسا، قايسى كېسەللىكتىن بولغان بولسا شۇ كېسەللىككە قارىتا داۋالاش قىلىنىدۇ. كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن بولسا، رەئىس ئەزا ۋە ئومۇمىي بەدەننى قۇۋەتلىگۈچى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەرقى مائۇللەھمى، شەربىتى زەبىب ۋە داۋائىلمىشكى مۆتىدىل قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. قوي، توخۇ، كەپتەر گۆشلىرى شورپىسى، تونۇر نېنى، گۈرۈچ ۋە بۇغداي ئۇنىدا ئېتىلگەن ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى غىزالار بېرىلىدۇ. كالا، قوي، ئۆچكە، ئېشەك، تۆگە سۈتلىرى ئىچكۈزۈلىدۇ. بۇزۇلغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەك-ئىچمەكلەر ۋە قايىنىتىلمىغان سۈت ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىنىدۇ.



## بالىلاردىكى قورساق سىلى

بۇ، بالىلارنىڭ قورساق بوشلۇقىدىكى ئەزالاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، دەسلەپتە ئۈچەيدىكى خالتىسىمان ئورۇنلاردا كىچىك-كىچىك تۈگۈنچە ھاسىل بولۇپ، ئاندىن ئېغىز ئېلىپ زېدىلىنىدۇ. ئېغىرراقلىرىدا زېدە ئۈچەينىڭ گۆش قاتلاملىرىغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ.

**سەۋەبى**

سىل جاراسىملىرىنىڭ باشقا ئەزالاردىن قورساقتىكى ئەزالارغا چۈشۈشىدىن كېلىپچىقىدۇ.

**ئالامىتى**

قورساق ئاغرىش، كۆپۈش، ئىچ سۈرۈش بىلەن بىرگە بىمار بارغانسېرى

ئورۇقلايدۇ. قورساققا سۇ چۈشىدۇ. ئارىلاپ تۇراقسىز يۇقىرى قىزىتما بولۇپ، قورساقنى باسقاندا ئاغرىيدۇ.

داۋاسى

بۇ كېسەللىكنى داۋالاش باشقا سىل كېسەللىكلىرىنى داۋالىغانغا ئوخشاش ئۇزۇقلۇق ۋە دورا بىلەن داۋالاش بىرلەشتۈرۈلىدۇ. بىماردا قىزىتما بىلەن كۆپ تەرلەش بولسا، ئەمەن، ئالقات يىلتىزىنىڭ پوستى، جىنشيانا، شاھتەرە قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، قاينىتىپ سۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئىچ سۈرۈش كۆرۈلسە سۇفۇپى قابىزنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئەرقى گاۋزىبان ياكى خەشخاش شەربىتى بىلەن قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ. بالىنىڭ تېنى ئاجىزلاپ، ماغدۇرسىزلانغان بولسا مۇپەررىھى قابىز ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن قۇرسى كافۇر، قۇرسى كافۇر قابىز، قۇرسى تاباشىر قابىز، قۇرسى خەشخاش، ئەنجىبار شەربىتى، خەشخاش شەربىتى، ھەببۇلئاس شەربىتى قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا تاللاپ بېرىلىدۇ.

پۈتكۈل داۋالاش جەريانىدا گۆلقەنت ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا سىل كېسەللىكلىرىدە كۆرسىتىلگەن باشقا دورىلارمۇ ئەھۋالغا قاراپ تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. غىزاسىغا بېلىق مېيى، چامغۇر، گۆش، يېڭى كۆكتات، سۈت، تۇخۇم، ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، قۇۋۋەتلىك يېمەك-ئىچمەكلەر بېرىلىدۇ.

## باللاردىكى جوزام

بۇ، ۋاقتىدا، توغرا داۋالانمىسا ئاقىۋىتى ناچار بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، بىمارنىڭ بەدەنلىرى ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدۇ. يۈزى شىرنىڭ يۈزىدەك بولۇپ قالىدۇ.

سەۋەبى

كۆيگەن سەۋدا خىلتى تەسىرىدىن كېلىپچىقىدۇ.

### ئالامىتى

ئالدى بىلەن بەدەن تېرىسىدە قىزىل ياكى قارامتۇلغا مايىل داغ پەيدا بولىدۇ. كېيىن مەزكۇر داغلاردىن ھەر خىل چوڭلۇقتىكى قاپارتمىلار پەيدا بولىدۇ. تېشىلىپ سېرىقسۇ ئاقىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ. ئاۋاز پۇتىدۇ. بۇرۇن ئۇلتۇرۇشىدۇ. قۇلاق يۇمشاقلىرى چۇشۇپ كېتىدۇ. بەزىدە كېسەللىك قارا يەرقان بىلەن باشلىنىپ، پۇتۇن بەدەن قارىداپ كەتكەندىن كېيىن جوزامنىڭ خاس ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. كېچىسى ئۇخلىيالمايدۇ. بەزىلەر قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ.

### داۋاسى

سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، تۇرۇپ ئۇرۇقلىرىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ ئىچكۈزۈپ، قۇستۇرۇش ئارقىلىق بۇزۇق ماددىلار بەدەندىن تازىلىنىدۇ.

مۇرەككەپ دورىلاردىن مەتبۇخى شاھتەررە، مەتبۇخى ئەپتىمۇن، تەرياقى پارۇق، مەتبۇخى مائۇلجەبىن قاتارلىقلار ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ. بىنەپشە يېغى بۇرۇنغا سۈركىلىدۇ. قاپاق ئۇرۇقى يېغى، بىنەپشە يېغى، ئايالنىڭ سۈتى، سېرىق ماي قاتارلىقلار پۇتۇن بەدەنگە سۈركىلىدۇ.

غىزاسىغا پالەك، قىزىلچا، كۈدە قاتارلىقلار سېلىنغان توخۇ شورپىسى بېرىلىدۇ. يېڭى ساغقان سۈت يالغۇز ياكى ھەسەل قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. چاي ئورنىدا بەدىيان سۈيى بېرىلىدۇ. تۇزلانغان گۆش، بۇزۇلغان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن يېمەك-ئىچمەكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ.

# جۇڭگو تېبببي قامۇسى تارماق تومى

# ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى

## بەشىنچى جىلد

**(ئۇيغۇر تېبابىتى ئاياللار ۋە باللار كېسەللىكلىرى ئىلمى)**


ئاپتورلىرى: باھاۋۇدۇن جامالىدىن، ئابدۇخالىق ئىسمايىل، ئابلىمىت مەمەت، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى،
ئابدۇجېلىل بەكرى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى

بېكىتكۈچى: ئېھسان ئىمىن



مەسئۇل مۇھەررىرى: ماھىرە سېلىم، زۆھرە ئابدۇرېھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق

مۇقاۋا ۋە بېزەك لايىھەلىگۈچى: ئەنۋەر قاسىم

بەت ياسىغۇچى: ئابدۇغېنى ئابباس

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ

تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com

باسقۇچى: بېيجىڭ چەت ئەل يېزىقى باسما زاۋۇتى

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

نەشرى: 2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2012 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

فورماتى: 1194 × 889 م م 1/16 كىسلىم 23 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 4

خەت سانى: 258 مىڭ خەت

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5372 - 4595 - 1

تىرازى: 1 – 3000

باھاسى: 160.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى : 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001